ئابدۇكېرىم رەھمان

# 20 - ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئابدۇكېرىم رەھمان

# 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئابلىمىت قادىر**
مەسئۇل كوررېكتورى: **ئادالەت ياقۇپ**
مەسئۇل باستۇرغۇچى: **ۋاڭ گوخۇڭ**

**20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى**

ئاپتورى: **ئابدۇكېرىم رەھمان**

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى14№ ، پوچتا نومۇرى: 830046)
ھەرقايسى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 م م، 32 /1، باسما تاۋىقى: 9. 75
2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 0001 — 3000

ISBN7 - 5631 - 2045 - 9
باھاسى: 19.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

فولكلور مەدەنىيىتى كەڭ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئىجاد ئېتىلگەن ۋە ئۇلار تەرىپىدىن تارقىتىلغان ماددىي بايلىق ۋە مەنىۋى بايلىقلارنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئاممىۋى مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. شۇڭا ئۇ ئاساسلىنىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى مىللىي مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىنىڭ پۈتكۈل قىسمى ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى فولكلورلۇق تۈسكە ئىگە بولغان ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن باسقۇچتىكى بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش مەزمۇنىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغاچقا، «فولكلور مەدەنىيىتى» («folkloriehtic culture ») دەپ ئاتالغان، فولكلورلۇق تۈسكە ئىگە بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، دىن، پسىخىكا، جۇغراپىيە، مۇھىت ۋە تىل قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، بەلگىلىك تارىخىي جەريانمۇ بىرەر يېڭى فولكلورلۇق مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن مۇئەييەن ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۇيغۇرلار جۇڭگودىكى قەدىمىي ، مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇيغۇرلار ئۆزىگە خاس فولكلورلۇق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا پارلاق ۋە يۈكسەك بولغان كۆپ قاتلاملىق مىللىي مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىپ، دۇنيانىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە مۇناسىپ تۆھپە قوشقان. خۇددى فېڭ جياشىڭ ئەپەندى ئېيتقاندەك، «شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن ئوخشاشمايدۇ، ئۇ تارىختا مەدەنىيەت رايونى دەپ نام ئالغان » ①.

---

① فېڭ جياشىڭ:«ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلە»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1957 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى سانى، خەنزۇچە.

ئۇيغۇرلارنىڭ باي ۋە رەڭدار فولكلور مەدەنىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئېچىش خىزمىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە، ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەزكۇر تەتقىقات تېمىسى ئەنە شۇ ساھەگە تاشلانغان تۇنجى قەدەم بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە تولغان 20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانلىرىنى رېئال تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا يورۇتۇپ بېرىش نىشانلانغان.

بۇ تەتقىقات تېمىسى « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزى» 2002 ـ يىللىق تەتقىقات فوندىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشكەن نۇقتىلىق تۈر.

بۇ ئەسەردە، ئاپتور مۇھىم نۇقتىنى 20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ماددىي فولكلور تەرەققىياتىغا قاراتتى. ئەلۋەتتە ھەر قانداق بىر فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن ئۇنىڭ كېيىنكى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات جەريانلىرىنى مۇئەييەن ۋاقىت سىخېمىسى بىلەن چەكلەپ قويغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئاپتور ماددىي فولكلورىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى 20 ـ ئەسىردە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى بايان قىلغاندا، ئۇنىڭ ئۆتمۈش تارىخىي دەۋرلىرىدىكى ئەسلىي ھالىتىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈپ، تارىخ بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى، شۇنداقلا بۇ ئەسەرنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلىشچانلىق ئۈنۈمىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن بەزى جانلىق ۋە يېڭى كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشتى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مېنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىگەن قەشقەر شەھىرى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشى خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى ئېلى ئوبۇلقاسىم باشلىق بارلىق خادىملارغا ۋە باشقا كەسىپداش دوستلارغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن .

# مۇندەرىجە

**مۇقەددىمە** ........................................................................ 1
§1 . 20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي
ئەھۋالى.................................................................................. 1
§ 2 . ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى........ 10
**بىرىنچى باب 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلورىدىكى ئۆز ـ**
**گىرىش ۋە تەرەققىيات** ................................................... 23
§1 . ئومۇمىي چۈشەنچە ........................................................ 23
§2 . ئوۋچىلىق ئىگىلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر ....... 25
§3 . چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر ...... 35
§4 . دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر ..... 44
§5 . باغۋەنچىلىك ئىگىلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر ..... 62
**ئىككىنچى باب ھۈنەر ـ كەسىپ ۋە سودا ـ سېتىق ئادەتلىرىدى ـ**
**كى ئۆزگىرىشلەر** ...................................................... 72
§1 . 20 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى قول ھۈنەر ـ سەنئەتتى ۋە سودا ئى ـ
گىلىكى ............................................................................... 72
§2 . 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر قول ھۈنەر ـ سەنئەتتى ۋە سودا ـ تى ـ
جارەت ئىشلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر ........................... 102
**ئۈچىنچى باب يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىنىش، ئولتۇراقلىشىش**
**مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر**
195 ...............................................................................
§1 . يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر
195..................................................................

§2 . كىيىم ــ كېچەك مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر 215 ..........
§3 . ئولتۇراقلىشىش مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر 241 ..........
**تۆتىنچى باب يولچىلىق (قاتناش ــ ترانسپورت) مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر** 260 ..........
§1 . ئەنئەنىۋى يولچىلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى 260 ..........
§2 . 20 ــ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى يولچىلىق ھالىتى 285 ..........
§3 . 20 ــ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى يولچىلىق ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر 294 ..........
**خاتىمە** 299 ..........
**پايدىلانغان ماتېرىياللار** 302 ..........

# مۇقەددىمە

## §1 . 20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، دۇنيادىكى ئاساسلىق جاھانگىر دۆلەتلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىكلىشىپ، دۆلەت كۈچىنىڭ ئاجىزلى- شىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونى پارچىلاپ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش دولقۇنىنى كۆتۈردى.

مىللىي كرىزىستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، جۇڭگودا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، «ۋۇشۇ يىللىرىدىكى قانۇن ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى» ۋە جاھانگىر- لارغا قارشى «يىخېتۇەن ھەرىكىتى» قوزغالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھە- رىكەتلەرنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەنە شۇنداق پەيتتە، جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ سەركەردىسى سۇن جۇڭشەن قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتچىلار كۆكرەك كېرىپ چى- قىپ، جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جاھانگىرلىككە ۋە فېئودال مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ تەشكىللىدى. بۇ ئىنقىلابنىڭ بوران ـ چاپقۇنى مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىدى. ئىنقىلابچىلارنىڭ قەدىمى يىراق چېگرا رايون شىنجاڭغىمۇ يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن شىنجاڭدا «يېڭى سىياسەت» نى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ «يېڭى سىياسەت» نىڭ تۈرتكىسىدە ئىچكى ئۆلكىلەردىن بىر تۈركۈم ئىنقىلاب تاپانچىلىرى شىنجاڭغا كېلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئىلىدا يېڭى ئارمىيە تەشكىللىدى ھەمدە بېكىنمىچى- لىك ۋە چېكىدىن ئاشقان زۇلۇم ـ ستەم دەستىدىن نادانلىقتا قالغان ھەر

مىللەت خەلقىنى ئويغىتىش مەقسىتىدە تەشۋىقات ـ تەرغىبات خىزمە-
تىگە تولىمۇ ئەھمىيەت بەردى. ئۇلار سۇن جۇڭشەن باشچىلىقىدىكى
بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى ئىدىيىسىنى تارقىتىش ۋە ئىنقىلاب تە-
رەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 1910 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىلى ۋىلا-
يىتىنىڭ كۈرە قەلئەسىدە « ئىلى بەيخۇا گېزىتى» نى چىقاردى. مەزكۇر
گېزىت خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، مانجۇچە، موڭغۇلچە تۆت خىل يېزىقتا چى-
قىرىلىپ، ئۈرۈمچى، غۇلجا، تارباغاتاي، بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي،
خەنكو قاتارلىق شەھەرلەردە ۋاكالەتخانا تەسىس قىلدى. بۇ گېزىت شىن-
جاڭدا ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن بۇرژۇئا دېموكراتىك نەشر ئەپكارى بو-
لۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ئاقارتىش رولىنى ئوينىدى ۋە پۇقرا-
لارنىڭ دىلىنى يورۇتتى. سۇن جۇڭشەن باشچىلىقىدىكى بۇرژۇئا ئىنقى-
لابچىلىرىنىڭ 1911 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قوزغىغان مەشھۇر
ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە، 1912 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ
7 ـ كۈنى ئىلى يېڭى ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ياڭ زېشۇي باشچى-
لىقىدا ئىلى قوزغىلىڭى پارتلاپ، ناھايىتى تېزلا غەلىبە قىلدى. شۇنىڭ
بىلەن ئىلىدا دەرھال « ئىلى بۇيۇك تۇتۇق مەھكىمىسى» قۇرۇلدى. بۇ
مەھكىمىنىڭ قۇرۇلغانلىقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلىدىكى ئەكسىيەت-
چىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىدى. ئىلى قوزغىلى-
ڭىنىڭ غەلىبىسى بىلەن شىنجاڭدا بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى ھاكى-
مىيەت بارلىققا كېلىپ، بۇرژۇئا دېموكراتىك كۈچلىرىنى ئاساس قىلغان
ئىلى خەلق ئارمىيىسى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى
بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. مۇشۇنداق
ھالقىلىق پەيتتە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش يۈز
بېرىپ، 1912 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ
ئاخىرقى خانى شۈەنتوڭ خان رەسمىي تەختتىن چۈشتى. جۇڭگودا دې-
موكراتىك جۇمھۇرىيەت «جۇڭخۇا مىنگو» بارلىققا كەلدى. ئەمما يېڭىدىن
بارلىققا كەلگەن بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى مىلىتارىست يۈەن
شىكەي تارتىۋالدى، جۇڭگونىڭ باش جۇمھۇرى بولغان يۈەن شىكەي

شىنجاڭنىڭ سابىق تەپتىش بېگى ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭنىڭ باش تۇ-تۇقلىقىغا بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ياڭ زېڭشىن چىڭ خانىدانلىقىنىڭ 5 ـ دەرىجىلىك ئەمەلدارلىق كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، جۇڭگونىڭ يېڭىچە ھەربىي ۋالىيلىق فورمىسىنى كىيىپ، شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەخ-تىگە چىقىۋالدى. ئىدىيە جەھەتتىن لاۋزى، جۇاڭزى ئەقىلدارلىرىنىڭ ئىخلاسمەن مۇخلىسى بولغان ياڭ زېڭشىن ھىيلىگەرلىكتە ئۇچىغا چىققان ئىككى يۈزلىمىچى بولۇپ، ئۇ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا چېكىدىن ئاشقان بېكىنمىچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئۆزىنى ساقلاش، پۇقرالارنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى.

ئۇ ئۆزى سالدۇرغان ئۇرۇمچىدىكى «جىنەن راۋىقى» نىڭ ئاستىغا يازغان « چېگرا ئۆلكەم ئوخشار گويا جەننەتتەتۇل مەئىۋاغا، باشلىغايمەن جەنۇب مۇسۇلمانلىرى بىلەن شىمال جۇڭغارلىرىنى، كۆندۈرىمەن ئۇلارنى ياۋاش ـ يۇمشاق بولۇشقا » دېگەن مەسنەۋىسىدىن ئۇنىڭ مۇتەئەسسىپ ئىدىيىسىنى ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن. ئۇ شىنجاڭدىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ بۇ «كېنەزلىكى» نى ئاشۇنداق نادانلىق، بېكىنمىچىلىك ئىلكىدە بەخە-رامان باشقۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما دېموكراتىك ئىنقىلاب دول-قۇنى مەۋج ئۇرۇۋاتقان شىنجاڭدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلاب سادا-سىنى توسۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

دەرۋەقە ، ئالدى بىلەن شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدىن قوزغالغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ياڭ زېڭشىنغا قاتتىق بىر پەشىۋا بولدى. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە گېلاۋخۇيچىلارنىڭ ھەرىكىتى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى. ئۇلار خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈپ، پۇقرالارغا يار ـ يۆ-لەك بولۇپ، يانارتاغ پارتلىغاندەك تەسىر قوزغىدى. ياڭ زېڭشىن شىن-جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇزاققىچە بىخۇد، نادان ھالەتتە قالدۇرۇش ئۈچۈن ئىشىكنى ئېتىۋېلىش سىياسىتىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. شىڭ-شىڭشىياغا قاراۋۇلخانا قۇرۇپ، ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كېلىدىغانلارنى قاتتىق توسۇپلا قالماستىن، ئىچكىرىدىن كەلگەن كىتاب ـ ژۇرنال، خەت ـ چەكلەرنىمۇ قاتتىق قامال قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، شىنجاڭ

خەلقىنى قولىقى گاس، كۆزى كورمەس ھالەتكە كەلتۈرگەندىلا ئۆزىنىڭ بۇ «كېنەزلىكى»نى ساقلاپ قالغىلى بولاتتى. لېكىن بۇ بىر خىيالىي چۈش ئىدى. ئاخىرى بۇ مۇستەبىت خان ھەر قانچە ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ياپونىيىدە ئوقۇپ شىنجاڭغا كېلىپ، ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مەھكىمە-سىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن فەن ياۋنەننىڭ قولىدا 1928 ـ يىل 7 ـ ئىيۇل كۈنى ئۆلتۈرۈلدى. بۇ شىنجاڭنىڭ تارىخىدا «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دەپ ئاتالدى. دېمەك، ياڭ زېڭشىننىڭ مىڭبىر جاپادا قۇرۇپ چىققان 17 يىللىق «جەننىتى» 1928 ـ يىلدىكى « 7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نىڭ ئوق ئاۋازى بىلەن غۇلاپ چۈشتى. ئۆلكىلىك مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىڭ شۇرېن ياڭ زېڭشىننىڭ «سا-دىق مۇخلىسى» نىقابى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. جىڭ شۇرېننىڭ نەزەر دائىرىسى تار بولۇپ، تەختكە چىققاندىن كېيىن يۇرتۋازلىق سىياستىنى جاھىللىق بىلەن يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ يۇرتى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېجۇ ئايمىقىدىكى يۇرتداشلىرىنى كۆچۈرۈپ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرىنى يۇرتداشلىرىغا بۆلۈپ بەردى. ئۇنىڭ بۇ نامۇۋاپىق سىياستى قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ، خوجىنىياز باشچىلىقىدىكى زور كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭىنى پەيدا قىلدى. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى تېزلا غەلىبە قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغىچە كېڭەيدى. ئۇنىڭدىن پايدىلانغان مىللىي بۆلگۈنچىلەر سا-بىت داموللا باشچىلىقىدا خوجىنىيازنىڭ ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىپ، پانئىسلامىزمچى ۋە پانتۈركىزمچى مۇھەممەدئىمىن بۇغرانىڭ پىلانلىشى، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ خۇپىيانە قوللىشى بىلەن 1933 ـ يىلى ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇپ، خوجە-نىياز زۇڭتۇڭ (ئەمەلىيەتتە ۋەزىپىگە ئولتۇرمىغان)، سابىت داموللا باش مىنىستىر بولدى. بۇ ئاتالمىش «جۇمھۇرىيەت» دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقى-نىڭ لەنىتىگە ئۇچراپ، ئىككى ئايدىن كېيىن ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ

بولدى. 1933 ـ يىلى «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي هوقۇقىنى ئىككى يۈزلىمچى مۇستەبىت شېڭ شىسەي ئىگىلىۋالدى.

شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپلا دەھشەتلىك «تازىلاش» نى باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ساختا ئىسپات ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا تەهدىت سېلىۋاتقان «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىنىڭ پىلانلى-غۇچىلىرىنى يوقاتتى. ھەتتا ۋاقىتلىق ئۆلكە رەئىسى ليۇ ۋېنلۇڭنى قولغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى باشلىدى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ھەمدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1936 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى «7 ماددىلىق ۋەتەن قۇتقۇزۇش پروگراممىسى» نى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تەشەببۇسىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1937 ـ يىلى ئۆزىنىڭ بۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگرام-مىسىنى تولۇقلاپ، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، پاك بولۇش، تىنچلىقنى يولغا قويۇش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش» تىن ئىبارەت «ئالتە بولۇش» سىياسىتىگە ئايلاندۇردى.

شېڭ شىسەي مۇشۇ خىل ۋاسىتىلەر بىلەن گەرچە «ماركسىزمچى» قىياپىتىگە كىرىۋالغان بولسىمۇ، خۇددى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-يىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانى چېن تيەنچيۇ 1939 ـ يىلى كۆرسەتكەندەك: «شېڭ شىسەي كېلىپ چىقىشىدىن ئېيتقاندا، قارا نىيەت مىلىتارىست، ئىدىيىسىدىن ئېيتقاندا، يەرلىك خاقان، قىلىقلىرىدىن ئېيتقاندا، ياۋۇز قاۋان ئىدى». دەرۋەقە ئۇنىڭ «6 بۈيۈك سىياسىتى» نىڭ سىياسى قۇرۇمايلا 1942 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئۇرۇمچىنى مەركەز قىلغان ھالدا پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئون مىڭلىغان تەرەققىيپەرۋەر ياش زىيالىيلارنى ۋە كومپارتىيە-يىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىللىرىنى تۇتقۇن قىلدى. ئۇ 1942 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى جياڭ جيېشىغا خەت يېزىپ، گومىنداڭغا

بېقىندىغانلىقىنى ۋە كومپارتىيىگە قارشى كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئىككى يۈزلىمىچى يەرلىك خاقانىنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى ئاشكارىلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرىتى كۆچىيىۋاتقان پەيتلەردە، ئۇ جياڭ جيېشىغا 50 مىڭ سەر ئالتۇن پارا بېرىپ، 1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولۇۋېلىپ، شىنجاڭدىن يىغقان بايلىقلىرىنى 30 يۈك ماشىنىسىغا بېسىپ شىنجاڭدىن غىپپىدە تىكىۋەتتى.

1944 ـ يىل 9 ـ ئايدا، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە گومىنداڭنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» پارتلىدى. ئىنقىلاب داۋامىدا ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى ئىلغار كۈچلەر ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى مىللىي ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ ھەقىقىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېنىق تونۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ توغرا نىشانىدا چىڭ تۇردى. ئۇلار قۇرغان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسىنى ئۆرنەك قىلغانىدى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئېلىخان تۆرىنى ئىنقىلاب قوشۇنىدىن تازىلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك يادروسىنى تەشكىللىدى. ئۇلار ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا كۆرۈلگەن تار مىللەتچىلىك خاتالىقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇش يولىدىكى قوراللىق كۈرەش ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتكە قارشى مىللەتچىلىك كۈرىشى ئەمەسلىكىنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئىنتا-

يىن كۆڭۈل بۆلدى. 1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەخمەتجان قاسىمى، ئابـ
دۇكېرىم ئابباسوفلار نەنجىڭدا مەملىكەتلىك قۇرۇلتايغا قاتناشقان مەز-
گىلىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدىكى ئىش بېجىـ
رىش ئورنىنىڭ مەسئۇلى دوڭ بىۋۇ بىلەن ئالاقە باغلاپ، كومپارتىيە بىلەن
بولغان زىچ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى. شۇڭلاشقا يولداش ماۋزې-
دۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىگە يۇقىرى باھا بېـ
رىپ، «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى كۈرەشلىرىڭلار پۈتۈن جۇڭگو
خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى» دېگەنىـ
دى.

دەرۋەقە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭدا تىنچلىق، بىرلىك، دې-
موكراتىيە ۋە ئىتتىپاقلىقنى يولغا قويۇش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ
ۋە ئىجابىي رول ئوينىدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچى
كۈچلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىغا تۈرتـ
كىلىك كۈچ بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە سابىق سوۋېت
كومپارتىيىسى بىلەن زىچ ھەمكارلىق ئورنىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت زىيالىيلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتچىل ياشلار ئارىسىدا مارك-
سىزم، لېنىنىزم ئىدىيىلىرىنىڭ بىخلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى،
شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا قۇرۇلغان ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ
پائالىيىتىنى جانلاندۇرۇپ، پەن ـ مائارىپ، ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ جۇش
ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئاساس سالدى. شۇنداق قىلىپ ئىچكى ۋە تاشقى
ۋەزىيەتنىڭ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى قەلبىنىڭ مايىللىقى،
ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا
رەھبەرلىكى ئاستىدا، 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شىنجاڭنىڭ
تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقى جاكارلاندى.

شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى، ئېلىمىزنىڭ 1 مىليون
600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بۇ غەربىي زېمىنىدا ياشاپ
كېلىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنى ئاراب ـ ئوقۇبەتلىك كونا جەمئىيەتتىن
قۇتۇلدۇرۇپ، يېڭى شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ياخشى شارائىت

يارتىيە بەردى ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىـ. كىدە بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىزمنىڭ داغدام يولىدا چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت تارىخنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. شىنجاڭ ئەزەلدىن بۇيۇك جۇڭخۇا ئېلىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈ. تۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش ئىكەنلىكى مۇقەر. رەرلەشتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش دېموك. راتىك ئىنقىلاب دەۋرى ئاخىرلىشىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب دەۋرى باشلاندى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلانغان سوتسىيا. لىستىك ئىنقىلاب داۋامىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ، « ئىجارە كېمەيتىش»، « يەر ئىسلاھاتى»، « ئۆچكە قارشى ھەرىكەت»، « چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «ئىستىل تۈزىتىش»، «سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە»، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى يوقىتىش قاتارلىق ئارقا ـ ئارقىدىن باشلانغان ئىقتىسادىي، سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ قاتتىق سىناق. لىرىدىن ئۆتۈپ، 1978 ـ يىلى ئېچىلغان پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەر. كىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىدىيىنى ئازاد قى. لىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نىشانىدا ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلى. دى. ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى سىياسىي يۆنىلىشىنىڭ ئىلھامى ۋە مەركەزنىڭ «غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەملىك ئېچىش» ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنىڭ تۈرت. كىسى ئاستىدا، شىنجاڭمۇ ھەر قايسى سەپلەر بويىچە مىسلى كۆرۈلمى. گەن يېڭى گۈللىنىش مەنزىرىسى ئىچىدە 20 ـ ئەسىرنى ئۇزىتىپ، 21 ـ ئەسىرگە غەلىبىلىك قەدەم قويدى.

دېمەك، شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولغان ئۇيغۇرلار، جۇم. لىدىن بۇ رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆتكەنكى 100 يىل—20 ـ ئە. سىرنىڭ ئالدىنقى 50 يىلىدا، چىڭ خانىدانلىقى، جۇڭخۇا مىنگو دەپ ئاتالغان گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە كېيىنكى 50 يىلىدا ماركسىزم،

لېنىنىزم بىلەن قوراللانغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئۈچ خىل ھاكىمىيەتنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ بىر ئەسىرلىك سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر ئۆزىدىن بۇرۇنقى ھەر قانداق دەۋرلەرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ھەم جىددىي، ھەم مۇرەككەپ، ھەم كەسكىن بولدى. شىددەتلىك كۈرەش ۋە ئىنقىلاب بەدىلىگە قولغا كەلگەن بۇ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلار ئىچىدە ھەممىدىن گەۋدىلىك بولغىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ روھىي قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىش ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇزاق ئەسىرلىك فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلۇمى ۋە ئاسارىتى ئىچىدە ھەتتا ئۆزىنىڭ مىللەت نامىنى ئۇنتۇش دەرىجىسىگە يەتكەن ئۇيغۇرلار قايتىدىن دەس تۇرۇپ، قايتىدىن ئويلىنىشقا، «تەكلىماكانغا دۆملەنگەن روھ» نى تېپىشقا جۈرئەت قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن ھەمنەپەس بولدى ۋە ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان سىياسىي، ئىجتىمائىي كۈرەشلەر ئىچىدە ئۆزىنى تاۋلاپ، بوغۇچلانغان روھىنى قايتىدىن قاناتلاندۇردى.

مەلۇمكى، ھەر قانداق بىر دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىرى، تەبىئىيكى شۇ جەمئىيەتنىڭ كونكرېت مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدە ئەكس ئېتىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى فولكلور مەدەنىيىتىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى مۇلاھىزە قىلىش ۋە بىلىشتىن ئاۋۋال، ئالدى بىلەن بۇ بىر ئەسىرلىك تارىخىي جەريانلارنى تەپسىلىي چۈشىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. بىز مەزكۇر ئەسەرنىڭ مەزمۇن ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنى قىسقىچە شەرھلەپ ئۆتتۇق.

# §2 . ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

فولكلور مەدەنىيىتى كەڭ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ۋە ئۇلار تەرىپىدىن تارقىتىلغان ماددىي بايلىق ۋە مەنىۋى بايلىقلارنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئادەتتىكى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدۇر. مىللىي مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىنىڭ پۈتكۈل قىسمى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى فولكلورلۇق تۈسكە ئىگە بولغان ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن باسقۇچتىكى بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. كونكرېت ئېيتقاندا، ئاۋام خەلق ئارىسىدىكى تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن زىچ باغلانغان ئىقتىسادىي (ماددىي) فولكلور (ئىشلەپچىقىرىش، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىنىش، ئولتۇراقلىنىش، قاتناش ـ ترانسپورت، سودا ـ سېتىق ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇش ... قاتارلىق ئادەتلەر) ، ئىجتىمائىي فولكلور ئادەتلىرى (قانداشلىق مۇناسىۋەت ۋە ئائىلە ، نىكاھ ۋە نىكاھ مۇناسىۋەتلىرى، سىياسىي، ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ۋە تەشكىلاتلار، ئاممىۋى ئەخلاق نورمىلىرى ۋە ئۆلچەملىرى، تۇغۇم ۋە ئۆلۈم ئادەتلىرى، ھەر خىل مۇراسىم ئادەتلىرى ... قاتارلىقلار) ، تىل فولكلورى (ئاغزاكى تىل ئىجادىيىتى، ماقال ـ تەمسىللەر، ئىدىئوم ۋە ھېكمەتلەر، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر، ھېكايىلەر، قوشاق ۋە بېيىتلار، ئىر ـ سالنامىلار، چاقچاق ۋە ھەزىللەر، ئىسىم ـ فامىلىلەر، لەقەم ۋە تەخەللۇسلار، قارغىش ۋە ئەپسۇنچىلىق، پىسخىكىلىق ۋە كەسپىي تىللار ... قاتارلىقلار) ۋە مەنىۋى فولكلور (دىنىي ئېتىقاد ۋە ھەرىكەت، پىسخىكىلىق روھىي ھالەتلەر، خەلق ئارىسىدىكى پەلسەپىۋى ۋە ئېستېتىكىلىق چۈشەنچىلەر، خەلق ئارىسىدىكى ئالەم ۋە ئادەم قاراشلىرى، ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، تېبابەت ۋە ئەم ـ ئىرىمچىلىك، ئەجدادلار روھى ۋە ئۆزلۈك ئېڭى، تەقدىرچىلىك ۋە تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىكى ... ) قاتارلىق ئەنئەنىۋىلىككە، ئىستىخىيىلىككە، نىسپىي مۇقىملىققا ۋە دەۋرىيلىككە ئىگە بولغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى

كۆرستىدۇ. بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ھەرىكەت مىزانىغا ئايلانغاچقا، « فولكلور مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغان. فولكلورلۇق تۇسكە ئىگە بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، دىنىي، پسىخىكا، جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە تىل قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، بەلگىلىك تارىخىي جەريانمۇ بىرەر يېڭى فولكلورلۇق مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ جەھەتلەردە مۇئەييەن ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن، زامانىمىزدىكى تۇرپاننىڭ «ئۈزۈم بايرىمى»، قۇمۇلنىڭ «قوغۇن بايرىمى»، ئاتۇشنىڭ « ئەنجۈر بايرىمى» ۋە «ئاشىق ـ مەشۇقلار بايرىمى» （情人节） قاتارلىقلار ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، بازار ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇش سىياسىتى يولغا قويۇلغان يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن.

دېمەك، ئەنئەنىگە ئايلىنىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ياكى يېڭى شەكىللەنگەن فولكلورلۇق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇش ئاساسلىرىنى تەكشۈرگەندە، شۈبھىسىزكى، يۇقىرىقىدەك كۆپ خىل ئامىللار ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭغا يەنە پسىخىك ئامىل قوشۇلۇپ، فولكلور مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى مىللىيلىككە ئىگە قىلىدۇ. ئاساسىي ئالاھىدىلىكى، فولكلورلۇق مەدەنىيەت ھادىسىلىرى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلەر كۆپ خىللىقتا ۋە مۇرەككەپلىككە ئىگە. ئادەتتە ھەر بىر ئادەتنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى جەھەتتىن ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى بولغاچقا، بىر پۈتۈن فولكلور ھادىسىلىرىنىڭ پۈتكۈل ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش ناھايىتى مۈشكۈل. بىز تۆۋەندە پەقەت ئۆرپ ـ ئادەت ھادىسىلىرىگە بىر قەدەر ئورتاق بولغان بەزى ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

1. ئىجتىمائىيلىقى ۋە كوللېكتىپچانلىقى: ھەر قانداق بىر ئادەت

ھادىسىسى ھېچقاچان شەخسنىڭ پائالىيىتى ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن جەمئىيەت ياكى مۇئەييەن بىر گۇرۇھنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل كۆرۈشى ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ئەبەدىيلىك ھادىسىدۇر. ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي پەنلىرىنىڭ ئاساسىنى سالغان مەشھۇر پەيلاسوپ ۋىكو ئۆزىنىڭ 1725 ـ يىلى ئېلان قىلغان دەۋر بۆلگۈچ ئەسىرى «يېڭى پەن» دە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بارلىق مىللەتلەردە، مەيلى ئۇ ياۋايى ياكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەردىن بولسۇن، ئەبەدىيلىككە ئىگە ئۈچ تۈرلۈك ئۆرپ ـ ئادەت مەۋجۇت، ئۇ بولسىمۇ ھەممىسىدە مەلۇم بىر خىل دىن بار، ھەممىسى ئوخشاشلا تەنتەنىلىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ، ھەممىسى بىردەك ئۆلگەن كىشىنى دەپنە قىلىدۇ. دېمەك، ھەممىمىز ئۆزىمىز تەۋە مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىيلاشقان ئۆرپ ـ ئادەت تورى ئىچىدە ياشايمىز. شۇڭا ئىجتىمائىيلىقتىن خالىي يېگانە ئادەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شەخسنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، زوقى، تەلپۈنۈشى ۋە ئۇ رىئايە قىلغان مۇراسىم قاتارلىقلار ئومۇمنىڭ ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ، جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغاندىلا، ئاندىن ئىجتىمائىي ئادەتلەرنىڭ تەركىبىگە كىرەلەيدۇ. فولكلور ھادىسىلىرىنىڭ ئىجتىمائىيلىقى ئومۇمەن كىشىلەرنىڭ ئورتاق تۇرمۇشىدا شەكىللىنىپ چىققان ئادەت ھادىسىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، « روزا ھېيت»، «قۇربان ھېيت»، «چاغان»، «مىلاد بايرىمى» قاتارلىقلار رايون ۋە دۇنياۋى خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئاممىۋى ھادىسىلەردۇر. «نادام بايرىمى»،«سابان تويى»، «مەشرەپ»، «ئاقىنلار ئۈچرىشىشى» قاتارلىق ئاممىۋى بايراملار روشەن مىللىيلىككە ئىگە ئادەتلەردۇر. ئۆز ئارا سالام ـ سەھەت ئادەتلىرى مەزمۇن ماھىيىتى جەھەتتىن پۈتۈن ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان بىر خىل ئاممىۋى ئەخلاق مىزانى بولسىمۇ، شەكىل جەھەتتىن يەرلىك ۋە مىللىي خاسلىققا ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى شەخستىن ھالقىغان ھالدا ئاممىۋىلىققا ۋە ئىجتىمائىيلىققا ئىگە.

فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ كوللېكتىپچانلىقى ئالدى بىلەن ئۆرپ ـ ئادەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. كوللېكتىپچانلىق

فولكلور ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئورۇندىلىشى، تارقىلىشى ۋە ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملىشىشى قاتارلىق پۈتكۈل جەريانلارغا سىڭىشكەن. ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ كوللېكتىپچانلىق ئالاھىدىلىكىنى سۆزلىگەندە ئەلـ ۋەتتە شەخس ئامىلىنى چەتكە قاقمايمىز. ئەمما بۇ خىل شەخس ئامىلى پەقەت كوللېكتىپ ئامىلىنىڭ بىر ئەزاسى ياكى ھۆجەيرىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ خىل ھالەتنى كۆپرەك ئاغزاكى تىل ئادەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانلىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

2. مۇقىملىقى ۋە ۋارىيانتلىقلىقى: بىر خىل ئورتاق ئادەت شەكىلـ لەنگەندە، ئۇنىڭ كۆپچىلىكى ھامان نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا فولكلور مەدەنىيىتى ئومۇمىنىڭ پائالىيىتىگە ئايلىنىپ، كىشىلەرنىڭ روھىيەت ئالىمىدە داۋاملىق نامايان بولۇپ تۇردۇ. بۇ خىل مۇقىملىق يەنە فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ۋارىسچانلىق ئالاـ ھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. مەسىلەن، «نەۋرۇز بايرىمى» نى ئالساق، ئۇنىڭ مەزمۇن ماھىيىتىدىكى كونا يىلنى ئۇزىتىپ، يېڭى يىلنى قارشى ئېلىش، تەبىئەتنى سۆيۈش ۋە ئۇلۇغلاش روھى ھازىرغىچە مۇقىملىق ھاـ لىتىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئانىمىزم، شامانىزم ۋە بۇددىزم دەۋرلىرىدىكى بەزى ئادەتلىرىنىڭ ئىستىخىيىلىك ھالدا بۇگۈنكى ئىسلام دىنىي مۇھىتىدىمۇ قايتا تەكرارلىنىپ تۇرۇشى، فولكلورلۇق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ باشقا مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە ئوخشىمىغان ھالدا نىسپىي مۇقىملىق ئالاھىدىلىكىنىڭ گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنـ دۈرىدۇ.

يەنە شۇنى كۆرۈش كېرەككى، نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە بولغان بىر خىل ئادەت ھادىسىسى ئوخشىمىغان رايونلاردا ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن تارقىلىدۇ ۋە ئومۇملىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇنداق مۇقىملىق تەـ رەققىيات جەريانىدا يەنە مۇئەييەن بىر ۋارىيانتنى شەكىللەندۈرىدۇ. لېكىن ئۇنداق ئوخشىمىغان ۋارىيانتلارنى سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ «ئانا تېمىسى» بىر مەنبەدىن چىققانلىقى بىلىنىدۇ. دېمەك، مۇقىملىق بىلەن ۋارىيانتـ لىق قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت، يەنى مۇقىملىق ئىچىدە

ۋارىيانتلىق، ۋارىيانتلىق ئىچىدە مۇقىملىق مەۋجۇت. شۇڭا بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن فولكلورلۇق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەم مۇقىملىق خاراك-تېرىگە، ھەم ئۇنىڭ ۋارىيانتلىق ئالاھىدىلىكىگە بىردەك ئەھمىيەت بې-رىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا مۇئەييەن بىر ئادەتنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تارقىلىش قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ.

3. ئۆزگىرىشچانلىقى: فولكلورلۇق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى ئۇنىڭ تارقىلىشى جەريانىدا ئىجتىمائىي، سىياسىي، تارىخىي ئامىللار ۋە شارائىت ئامىللىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلىدە پەيدا بولغان ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىدۇ.

مەلۇمكى، فولكلورلۇق مەدەنىيەت ھادىسىلىرى كوللېكتىپنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇ ئېغىز ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق تارقىلىدۇ. بۇ ھال بىۋاسىتە ھالدا ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ ھامان ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرىدى-غانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ تاسادىپىي ھادىسە بولماستىن، بەلكى بىر خىل تەبىئىي قانۇنىيەتتۇر.

مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھەقىقىي مەنىدىكى مۇشۇنداق ئۆزگە-رىشچانلىق ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، دەۋر رو-ھىغا ماسلىشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىشچانلىق ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ كوللېكتىپچانلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى-دىن تاشقىرى، يەنە كۆپلىگەن ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ.

1) ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئېغىزغا ۋە ھەرىكەتكە تايىنىپ تارقىلىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىسى. بۇ خىل تارقىلىش شەكلى ماھىيەتتە فولكلورلۇق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ مۇقىملىقىغا نىسبەتەن ناھايىتى چوڭ چەك-لىمىلىك ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئاغزاكىلىق ياكى ھەرىكەتلەر ئاخىرقى ھېسابتا يازما خاتىرىگە تايىنىپ ساقلىنىدۇ ۋە ئەۋلادتىن ـ ئەۋ-لادقا تارقىلىدۇ. خاتىرىلەش جەريانىدا ئۇنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىش ناھايىتى قىيىن. بۇ ھال خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى يادرو قىلغان تىل مەدەنىيىتىدە ناھايىتى روشەن كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن، «پەر-ھاد ـ شېرىن»، «غېرىب ـ سەنەم»، «گۆر ئوغلى»، «يۇسۇپ ئەھمەد»

قاتارلىق داستانلار ئۇيغۇر، ئۆزبېك، ئەزەربەيجان، تۈركمەن، ئاناتولىيە تۈركلىرى، قازان تاتارلىرى، پارس قاتارلىق شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا ئورتاق بولۇپ، «ئانا تېمىسى» ۋە ئاساسىي سۇژىتلىرى ئوخشاشلىقتا ئىگە. ئەمما تارقىلىش جەريانىدا ھەر بىر مىللەت ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، ئېستېتىك قارىشى بويىچە ھېكايە پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ئىش قوشۇپ ئۆزگەرتكەن. ھازىر دۇنيادا «گۆر ئوغلى» تۈركۈمىدىكى رىۋايەتلەر ۋە ھېكايىلەر 50 نەچچە خىلدىن ئاشىدۇ. «غېرىب ـ سەنەم» ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭمۇ 10 نەچچە خىل ۋارىيانتى بار. لېكىن بۇ ئوخشىمىغان ۋارىيانتلارنىڭ مۇتىفى بىر.

2) فولكلورلۇق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى يەرلىك شارائىت (جۇغراپىيىلىك مۇھىت) نىڭ، جۇملىدىن ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. نەتىجىدە ئۇ تەبىئىي ھالدا ئۆزگىرىپ يېڭى شارائىتقا ماسلىشىدۇ ۋە يېڭىچە تۈس ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى كالېندارلىق بايراملىرىدىن بىرى بولغان «نەۋرۇز بايرىمى» نى ئالساق، ئۇ مۇشۇ رايوننىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىتىغا ۋە ھاۋا كىلىماتىغا ماس ھالدا، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. نەۋرۇزنىڭ ئېتمولوگىيىسىدىن قارىغاندا، ئۇ ئەسلىدە ئىران تىلىدىكى «نەۋ» (يېڭى) ۋە «رۇز» (كۈن) دىن ئىبارەت ئىككى تۈپ سۆزدىن قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ نام قەدىمكى سوغدى تىلى ئارقىلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئۆزلەشكەن ھەمدە قەدىمكى ئۇيغۇر تەقۋىمىدا يىل بېشىنىڭ 1 ـ كۈنى ئۇچۇن قوبۇل قىلىنغان سىمۋوللۇق نام بولۇپ قالغان. نەۋرۇزنىڭ يىل بېشى ئىكەنلىكىنى قەدىمكى كۆپلىگەن ئاسترونومىيىلىك پاكىتلار دەلىللەپ بەرگەن. مەلۇمكى، مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا قۇياش نۇقتا قىلىنغان ئاسمان جىسىملىرىنىڭ بۇرۇجلۇق ھەرىكەت ئوربىتىسى (ئېكلىپتىكا) غا ئاساسلانغان نۇرغۇنلىغان يەرلىك كالېندارلار تۈزۈلگەن. بۇ كونا تەقۋىم (كالېندار) لەرنىڭ ھەممىسىدە يىل بېشىنىڭ 1 ـ كۈنى نەۋرۇزدىن باشلانغان. شۇنىڭ

ئۈچۈن «نەۋ» سۆزى ئەسلىي مەنىسى بويىچە رۇس تىلىدا «nov»، نېمىس
تىلىدا «noye» ، لاتىن تىلىدا «neo»، قەدىمكى سوغدى تىلىدا
«nawsariz» ، پارس تىلىدا (naw – sarci) دەپ قوبۇل قىلىنغان. بۇلار-
نىڭ ھەممىسى «نەۋ» نىڭ ئاھاڭ تەلەپپۇزى ھېسابلىنىدۇ. تاكى رىم
ئىمپېراتورى سەزار (j . sezar) دەسلەپكى مىلادىيە كالېندارىنى تۈزگەنگە
قەدەر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا قۇياشنىڭ يۇلتۇزلار تۈركۈمى ئارد-
سىدىكى يىللىق كۆرۈنمە ھەرىكەت ئوربىتىسىنى ئېتىنىك مەنبە قىلغان
كونا تەقۋىملەرنىڭ ھەممىسىدە نەۋرۇز يېڭى يىل بايرىمى سۈپىتىدە تەب-
رىكلەنگەن. چۈنكى بۇ مەزگىل دەل تەبىئەتنىڭ «قىش ئۇيقۇسىدىن
ئويغىنىپ قايتىدىن جانلانغان دەۋرى، باھار يامغۇرىنىڭ بىرىنچى تامچد-
سى چۈشۈشى بىلەن يەر - زېمىنىنىڭ ئويغانغان دەۋرى، دەل - دەرەخلەر
گۈللەشتىن مېۋىلەشكە، ھايۋانلار تۆللەشتىن نەسىللەشكە باشلىغان
دەۋرى. شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋرۇز ئالەمنىڭ باشلىنىشى ۋە يارىتىلىشىغا دە-
لىل قىلىنغان» ①. دەرۋەقە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مۆچەل كالېندارىمۇ
يىلنىڭ بېشى ھەمەل (نەۋرۇز —چاشقان) ئېيى بىلەن باشلانغان. بۇ كۈن
يېڭى مىلادىيە كالېندارىدىكى 21 - ، 22 - مارتقا توغرا كېلىدۇ. مىلادىيە
1582 - يىلى رىم پاپىسى گرىگورى XIII تەرىپىدىن ھازىرقى مىلادىيە كا-
لېندارى بېكىتىلىپ، كونا تەقۋىملەردىكى ئايلارنىڭ نامى ۋە ۋاقىت جەد-
ۋىلى يېڭىلانغانغا قەدەر، نەۋرۇز كۈنى ھەر قايسى ئەل ۋە مىللەتلەر ئارد-
سىدا پەرقلىق ناملار بىلەن يېڭى يىل بايرىمى سۈپىتىدە دەبدەبىلىك
تەبرىكلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، خەنزۇ ۋە بىر قىسىم جەنۇبىي ئاسىيا
مىللەتلىرىدە «چۈنجيې» (« 春节 »)، ياپونلاردا «رىسان»، سلاۋيانلاردا
«ماسالېنتا»، يۇنانلىقلاردا « پاترىخ»، بىرمالىقلاردا «سۇ بايرىمى»، تا-
جىكلاردا «گۈل گاردۇن»، «گۈل نەۋرۇز»، ئىرانلىقلاردا «گۈل سارىجى»
ياكى «نەۋسارىجى»، تاتارلاردا «نەۋدوگان»، بۇرياتلاردا «سائان سارا»،

---

① ئەبۇرەيھان برونى :« قەدىمكى خەلقلەردىن قالغان يادىكارلىقلار»، تاشكەنت
پەن نەشرىياتى، «تاللانغان ئەسەرلەر» 1 - توم، 1965 - يىل نەشرى، 252 - بەت.

ئەرمەنلەردە «نەۋسارادى»، چۇۋاشلاردا «نورس ئۇياخى»، سوغداقلاردا «نەۋسا-
رىز» ۋە باشقا تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەر ئارىسىدا «ئەرگىنە
قۇن بايرىمى»، « بوزقۇرت بايرىمى»، «ئولوۋكۇن»، «ناۋرىس»، «يىل با-
شى»، «نەۋرۇز»، «مەۋرىس»، «ناۋرىز»، «چاغان»، «مارت توققۇزى»، «سۇل-
تانى نەۋرۇز»، «كوركلومارتا»، «بابۇمارتا»، «يېڭى كۈن»، «مەيرام»، «مە-
رىكە»، «نورۇز» قاتارلىق ناملار بىلەن ھەر قايسى جايلارغا يېيىلىپ، ئۆ-
زىگە خاس يەرلىك ۋە مىللىي ئادەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان. ھەر قايسى
خەلقلەر ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى نەۋرۇز بايرىمى يېڭى يىل مۇناسىۋىتى
بىلەن خەلقنىڭ شاد ـ خۇراملىقىنى ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئېزگۈ تى-
لەكلىرىنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئورتاق مەزمۇنغا ئىگە بولسىمۇ، لې-
كىن بۇ مەزمۇننى ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىن ھەر قايسى جايلارنىڭ
يەرلىك شارائىتى، تۇرمۇش شەكلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنىڭ
ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن بەلگىلىك پەرققە، ئۆزگىرىشلەرگە ئىگە بول-
غان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتى
نەتىجىسىدە نەۋرۇز بايرىمىنىڭ قەدىمكى بىر قەدەر مۇقىملاشقان ئادەت
شەكىللىرى ئۆزگىرىپ، بەزى يېڭى مەزمۇن ۋە شەكىللەر بىلەن بېيىغان.
مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا نەۋرۇز كۈنى كىشىلەر
بىر ـ بىرىگە شېكەر ۋە تاتلىق ـ تۈرۈملارنى ھەدىيە قىلىش (ھاياتىڭىز
شېرىن بولسۇن دېگەن مەنىدە)، گۈل تەقدىم قىلىش (گۈزەل بولۇڭ دېگەن
مەنىدە)، بىر ـ بىرىگە سۇ سېپىش (كەلگۈسى يىلىمىز سۇلۇق، مول
ھوسۇللۇق بولسۇن دېگەن مەنىدە)، بۇغداي ياكى ئارپا دېنىنى تەخسە ياكى
ئىدىشتا ئۆستۈرۈپ، باھار ئەلچىسى سۈپىتىدە نەۋرۇز ئۈچۈن تەييارلانغان
داستىخاننىڭ مەركىزىگە قويۇش، يەتتە خىل دانلىقتىن كۆجە تەييارلاپ،
قولۇم ـ قوشنا، دوست ـ يارەنلەرگە سوۋغا قىلىش، باھارنىڭ ئەمدى بىخ
سۈرگەن كۆكتاتلىرىدىن «يېڭىلىق تۇتۇش» تەك بىر قەدەر مۇقىملاشقان
ئادەتلىرى بولغان. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن قۇياشقا تېۋىنغان ئىرانلىقلار
ئارىسىدا بولسا، نەۋرۇز كۈنى «شەمس» سۆزىنىڭ 1 ـ ھەرپى «ش» بىلەن
باشلىنىدىغان يەتتە تۈرلۈك نازۇنېمەتنى داستىخانغا قويۇپ نەۋرۇزنى

قوتلۇقلاش ئادىتى بولغان. ئۇلار : 1. شاراب (ئۈزۈم قىيامى) ، 2. شىر (سۈت) ، 3. شېرىن (تاتلىق يېمەكلىكلەر) ، 4. شېكەر، 5. شەربەت (مېۋە سۈيى)، 6. شام (خۇشبۇي موم، شام)، 7. شانە (تارغاق) دىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا، شاراب ـــ يېڭى ھاياتلىققا (تىرىلىشكە) ، شىر ـــ پاكىزلىققا، ساپلىققا، شېرىن ـــ ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىققا، شېكەر ـــ خۇشاللىق، مەمنۇنىيەتكە، شەربەت ـــ ئەدلۇ ئىمانغا، شام ـــ گۈزەللىككە، شانە ـــ ئۇزۇن ئۆمۈرگە سىمۋول قىلىنغان.

قەدىمكى نەۋرۇز بايراملىرىنىڭ بۇنداق ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارغانسېرى ئۆزگىرىپ يېڭىلانغان ۋە بۇ قەدىمكى ئادەتلەر ئاساسىدا ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىغا ماس ھالدا يەنە خىلمۇخىل مۇراسىم شەكىللىرى پەيدا بولغان. بۇنىڭغا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى سۇ تىلەش مەزمۇن قىلىنغان «زاراخەتمە» مۇراسىملىرى، «كۆك مەشرىپى»، «مىلىس ئويۇنى»، «گۈل سەيلىسى»، «چوكانتال بايرىمى»، ئۆزبېكلەر ئارىسىدىكى «باھار خانىم» مۇراسىمى، «سۇمىلەك مۇراسىمى» (نەۋرۇز ئېشى)، ئەزەربەيجانلىقلارنىڭ «ئۆسكۈ مۇراسىمى»، قازاقلارنىڭ «خىزىر كېچىسى مۇراسىمى»، تۈركمەنلەرنىڭ «شامۇت مۇراسىمى»، تاتارلارنىڭ «نەۋرۇز سابان»، «ئالاس» مۇراسىمى ... قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ بىر خىل مۇراسىمنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىمۇ ھەر قايسى خەلقلەر ئارىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. مەسىلەن، قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ زارو ئاستىر (زەردۇشت) دىنىغا ئائىت بەزى ئەپسانىلىرىدە، باش باھارنىڭ 1 ـ كۈنى (نەۋرۇز كۈنى) ياخشىلىق خۇداسى ئاھۇرمازدا يامانلىق خۇداسى ئەنگرامەيىنيۇ ئۈستىدىن غالىب چىققان مۇقەددەس سانا (كۈن) بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خاسىيەتلىك كۈننى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن «نەۋرۇز بايرىمى» پەيدا بولغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. ئىران مەنبەلىرىدە «نەۋرۇز» بايرىمىنىڭ پەيدا بولۇشى رىۋايەتلىك شەخس ـــ شاھ جەمشىد نامى بىلەن باغلىنىدۇ. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدە ئېيتىلىشىچە، «جەمشىد يۇرتقا ياخشىلىق قىلىش مەقسىتىدە ئادەملەرگە ھۈنەر ـ كەسىپ ئۆگىتىدۇ.

تۆمۈر ئېرىتىپ قورال ياسىتىدۇ، يىپ ئىگىرىپ كىيىم توقۇتىدۇ، هاممام، ئۆي ـ سارايلار بىنا قىلدۇرىدۇ، تېۋىپلىق سىرلىرىنى ئاچىدۇ. كېمە يا-ساتىپ، باغ بىنا قىلدۇرىدۇ...، شۇنداق قىلىپ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ، «مېۋە بەرگەن» بىر كۈنى تەخت ياسىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاسمانغا كۆتۈرۈ-لىدۇ» ①، «بىر كۈندە داۋامەد تېغىدىن بابىلغا يېتىپ بارىدۇ، ئادەملەر بۇ ئاجايىپ مۆجىزاتنى كۆرگەچ، شۇ كۈننى بايرام قىلدىلەر ۋە جەمشىدنىڭ ئۇچۇشىغا تەقلىد قىلىپ بايرام كۈندە ئىلەڭگۈچتە ئۇچتىلەر» ② دېيى-لىدۇ.

تۈركىي ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە بولسا قەدىمكى «ئەرگىنە قۇن» رىۋايىتىگە باغلايدۇ. ئەبۇلغازى باهادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە، 400 يىل تۆت ئەتراپى يۈكسەك تاغلار بىلەن قورشالغان جىلغىدا قامىلىپ قالغان تۈركلەر بوزقۇرت (كۆك بۆرە) نىڭ يول باش-لىشى بىلەن باهارنىڭ دەسلەپكى كۈنى (نەۋرۇز كۈنى) دۈشمەن قورشاۋى-دىن چىقىش يولىنى تېپىپ، يېڭىدىن هاياتلىققا ئېرىشكەنلىكى ۋە بۇ غەلىبىنى تەنتەنە قىلىپ، بۇ كۈننى هۆرىيەت، ئەركىنلىك ۋە ئازادلىق بايرىمى قىلىپ بېكىتكەنلىكى هەمدە بۇ بايرامنىڭ نامىنى ئەنئەنىۋى تۈركىي تەقۋىمدىكى نەۋرۇزغا سىمۋول قىلىپ، «ئەرگىنەقۇن بايرىمى» دەپ ئاتىغانلىقى هېكايە قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، فولكلورلۇق مەدەنىيەت هادىسىلىرى تەبىئىي شارائىت، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىدىكى پەرقلەر تەسىرىدە هامان ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرىدۇ.

3) فولكلورلۇق مەدەنىيەت هادىسىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە دەۋر ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. مەلۇمكى، ئىق-تىسادىي بازىس ئۇستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ. فولكلورلۇق مەدەنىيەت ها-دىسىلىرى ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ئالاهىدە بىر خىل شەكلى بولغاچقا،

---

① فىردەۋسى: « شاهنامە » 1 ـ كىتاب، تاشكەنت، 1975 ـ يىلى نەشرى، 617 ـ بەت.

② برونى: « قەدىمكى خەلقلەردىن قالغان يادىكارلىقلار » 1 ـ توم، تاشكەنت پەن نەشرىياتى، 1962 ـ يىل نەشرى، 254 ـ بەت.

ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، فولكلورلۇق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىش ھاسىل بولىدۇ. فولكلورلۇق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى قانۇنىيە-تىدىن قارىغاندا، بۇنداق ئۆزگىرىش جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە دەۋر ئۆز-گىرىشىگە ماس ھالدا تەڭ نىسبەتتە بولۇشى ناتايىن. مەسىلەن، 20 ـ ئە-سىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئېلىمىزدە يېڭىچە سوتسىيا-لىستىك تۈزۈمنىڭ تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي بازىستىن پۈتكۈل ئۈستقۇرۇلمىغىچە چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇ ئۆزگىرىشلەر فولكلورلۇق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدىمۇ ئەكس ئېتىپ، يېڭىچە سوتسى-يالىستىك ئىدىيىگە ئۇيغۇن بولغانلىرى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ تېخىمۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئەنئەنىۋى مەز-مۇنلار ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يېڭىچە مەزمۇنلار ئىگىلىدى. ئائىلىۋىق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەشرەپلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر، توي ـ تۆكۈن ۋە ئۆلۈم ـ يېتىم مۇراسىملىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ئائىلە ۋە نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ھۈنەر ـ كەسىپ ۋە باشقا ئىشلەپچە-قىرىش ئادەتلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر، سودا ـ سېتىق ۋە ئېلىم ـ بېرىم مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر، كىيىنىش ۋە ئولتۇراقلىشىش ئادەت-لىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر بۇنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە زىت بولغان، جەم-ئىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەر خىل مۇراسىم، ئادەتلەر ۋە ئىلىم ـ پەنگە زىت ھادىسىلەر قانۇنىي ھالدا چەكلىنىدۇ ياكى تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدۇ. بۇنداق ھالەت كۆپرەك ئىجتى-مائىي ۋە مەنىۋى فولكلور ساھەسىدە يۈز بېرىدۇ. لېكىن شۇنى تونۇشى-مىز كېرەككى، فولكلور مەدەنىيىتى باشقا ئۈستقۇرۇلما فورمىلىرىغا ئوخشىمىغان ھالدا، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئەنئەنىۋىلىككە، ئۇزاققا سوزۇلۇشچانلىققا ۋە ئىستىخىيىلىككە ئىگە بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى يوقىلىشى بىر خىل تەبىئىي-لىككە ئىگە بولۇپ، مەمۇرىي ۋاسىتىلەر بىلەن مەجبۇرلاش ئۇسۇلى ياخشى

ئۇنۇم بەرمەيدۇ. پەقەت ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ساپا-سىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، نامۇۋاپىق ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە چەك-لەش كۈچى تەبىئىي شەكىللىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ خەلق ئاخىرى كونا ئەنئەنىۋى ئادەتلەر رامكىسىدىن ئازاد بولىدۇ ھەمدە ئەنئەنىۋى ئادەتلەر بارغانسېرى خەلقئارا ئورتاقلىققا قاراپ يۈزلىنىدۇ.

4) فولكلورلۇق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى يەرلىك قاراش ۋە مىللىي پسىخىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. يەرلىك قاراش ۋە مىللىي پسىخىكا بىر خىل مۇستەقىل تەبىئىي ھادىسە سۈپىتىدە ئىش-لەپچىقىرىش شەكلى ۋە تۇرمۇش شەكلى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. ئۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ياكى مۇئەييەن رايون مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزاق ئە-سىرلىك تاللىنىشى ۋە تاۋلىنىشىنىڭ نەتىجىسى، بىر خىل يۈكسەك مىللىي روھنىڭ ئىنكاسى. شۇڭلاشقا مەلۇم بىر مىللەت ياكى رايوننىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ھادىسىسىدە شۇ خەلقنىڭ مۇستەقىل پسىخىك-سىغا ماس ھالدا ، يەرلىك قاراش، مىللىي ھېسسىيات ھامان گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. نەتىجىدە فولكلورلۇق مەدەنىيەت ھادىسىلىرى روشەن مىللىي تۈسكە ئىگە بولىدۇ. مىللەتلەر ئارا بولىدىغان مەدەنىيەت تەسىرى ۋە ئالمىشىشى گەرچە بىر خىل مۇقەررەرلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەل-گىلىك شەرتكە بويسۇنىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق مىللەت باشقا مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغاندا، چوقۇم ئۆز مىللىتىنىڭ پسىخىك ئېھ-تىياجىغا ماس ھالدا تاللايدۇ ياكى ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىدۇ.

دېمەك، فولكلورلۇق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ يالغۇز بىر خىل ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە ئەمەلىيەتتە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ خىلمۇ خىللىقى ئادەت ھادىسىلىرىنىڭ كۆپ خىللىقىنى بەلگىلىگەن. مارك-سىزمنىڭ ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى تەلىماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئىقتىسادىي بازىس ئۆرپ ـ

ئادەتنىڭ شەكىللىنىشىدە ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئەمما بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئۆرپ ـ ئادەت شەكىللەنگەندىن كې-يىن ئۇستقۇرۇلمىلىقا ئىگە بولىدۇ. ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي بازىس يو-قالغاندىن كېيىنمۇ، كونا بازىسقا مۇناسىپ ئادەتلەر ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇ-قىنى پۈتۈنلەي يوقاتمايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى بەزى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە ئىپتىدائىي ئانىمىزمدىكى روھقا سېغىنىش ئادەتلىرىنىڭ ئىزنالىرى ياكى شامانىزم ئادەتلىرىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى مەۋجۇت. لېكىن ئۆزگىرىش ، يېڭىلىنىش، يېڭى ئىقتىسادىي بازىسقا ماس ھالدا پەيدا بولۇش فولكلورلۇق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ۋە يۈزلىنىشى بولۇپ، بۇ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تارىخىي رولىنى ۋە تەربىيىلەش، بىلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بىز مۇشۇ قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا، كىتابىمىزنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

# بىرىنچى باب

# 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلورىدىكى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات

## §1 . ئومۇمىي چۈشەنچە

ماددىي فولكلور (ئىقتىسادىي ئادەتلەر) ئىنسانلارنىڭ ماددىي ھاياتى
بىلەن زىچ باغلانغان ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش يولىدا ئېلىپ بارغان
تارىخىي كۆرەش ئەمەلىيەتلىرىدە ياراتقان پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ماددىي
بايلىقلىرىنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ خەلق ئارىسىدىكى ئەنئە-
نىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى، قاتناش ـ ترانسپورت ئادەتلىرى، سو-
دا ـ سېتىق ۋە ئىستېمال، تۇرمۇش ئادەتلىرى قاتارلىقلارنى ئۆزىگە مۇھىم
مەزمۇن قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، ماددىي فولكلورنىڭ دائىرىسى
ناھايىتى كەڭلىككە ۋە ئومۇمىيلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇ جەمئىيەت تەرەق-
قىياتىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدىغان ۋە بارلىق ئىجتىمائىي،
مەنىۋى ئادەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئاساس بولىدىغان مۇھىم تەرەپ ھې-
سابلىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پۈتكۈل فولكلور ھادىسىلىرىنى بىر تۈپ
چوڭ دەرەخ دېسەك، ئۇ دەرەخنىڭ يىلتىزى ماددىي فولكلور بولۇپ، ئىج-
تىمائىي ئادەتلەر، مەنىۋى ئادەتلەر ۋە تىل سەنئىتى ئادەتلىرى ئاشۇ دە-
رەخنىڭ غولى ۋە شاخلىرى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ماد-
دىي فولكلور ئادەتلىرى يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان فولكلورشۇناس-
لىقىدىكى دىققەت ـ ئېتىبارنى قوزغايدىغان مۇھىم نۇقتا بولۇپ، بىر
مىللەت، بىر دۆلەت ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ئېتىنىك ئاسا-
سى. بۇ ئاساستىن مۇستەسنا ھالدا ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى ھادىسىلەرنىڭ
قانۇنىيەتلىرىنى يېشىپ بەرگىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ماركس ئۆزىنىڭ
«پەلسەپە نامراتلىقى» ناملىق ئەسىرىدە: «ئىنسانلار يېڭى ئىشلەپچىقىرىش

كۆچىگە ئىگە بولغاندىلا، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۆز-
گەرتىشكە تىرىشىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگە-
شىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى تەمىن ئېتىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ
ئۆزگەرتىدۇ » ① دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئادەملىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ناھا-
يىتى ئاجىز ۋە تۆۋەن بولۇپ، پەقەت تەبىئەت ئاتا قىلغان تەبىئىي ئوزۇق-
لۇقلارغا تايىنىپ ياشاشتىن باشقا ئامال ـ چارىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇ
ماددىي ھايات ئېھتىياجى كوللېكتىپ ھالدا تەبىئەتتىن توپلاپ يىغىشتىن
ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ خىل ئىش-
لەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئاشۇ دەۋر ئىنسانلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىدا كوللېك-
تىۋىزملىق ئاڭنى يېتىلدۈردى. بۇ ئاڭ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا تە-
سىر كۆرسىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ھۈجەيرىسى ۋە ئەڭ دەس-
لەپكى شەكلى بولغان قان ـ قېرىنداشلىق ئائىلە جەمەتچىلىكىنى پەيدا
قىلدى. ئائىلە بىر تارىخىي ئۇقۇم بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلىنىدىغان ئىج-
تىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى جەمئىيەتنىڭ بىر
پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ تەرەققىياتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.
ئائىلە فورماتسىيىسىدە ئاياللارنىڭ رولى ۋە قۇدرىتى ئالاھىدە بولغاچقا،
ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا جەمئىيەتنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولغان ئانىلار
ھوقۇقچىلىقى تۈزۈمى، يەنى ئاياللار سەلتەنىتىنى نامايان قىلىدىغان ئا-
نىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئانى-
مىزمغا خاس بىر يۇرۇش ئۆرپ ـ ئادەتلەر شەكىللەنگەن. دېمەكچىمىزكى،
مۇئەييەن دەۋرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدىكى ( بازىسىدىكى) ئۆزگى-
رىشلەر ئۇستقۇرۇلمىغا تەۋە ئىجتىمائىي ئاڭ سىستېمىسىغا تەسىر
كۆرسىتىپ، بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى
گەۋدىلىك نۇقتا ماددىي فولكلور ئادەتلىرىدىكى ئۆزگىرىش بولغاچقا، ئۇ-
نىڭ تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى ساھەلەر بويىچە ئايرىم شەرھلەيمىز.

① ۋۇبىڭئەن: « جۇڭگو فولكلورى» ، 1985 ـ يىل ،خەنزۇچە نەشرى، 43 ـ بەت.

# 2§ . ئوۋچىلىق ئىگىلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر

ئوۋچىلىق — ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئې-لىپ بارغان تۇنجى ئىگىلىك شەكلىدۇر. ئوۋچىلىق بىر خىل ئىگىلىك شەكلى سۈپىتىدە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان جەمئىيەت تەرەق-قىيات تارىخىنىڭ بىر باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئائىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي بەلگىسى بولغان تەبىئەتتىن توپلاپ يىغىش باسقۇچىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇپ، كوللېكتىپ ئاڭنىڭ بارلىققا كې-لىشىگە ئاساس بولغان. ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجى ۋە شۇ دەۋرگە خاس ئۇرۇقچىلىق، قەبىلىچىلىك تۈزۈمىنىڭ خاراكتېر ئالاھى-دىلىكى تەقەززا قىلغان كوللېكتىپ ئاڭنىڭ گەۋدىلىنىشى بىلەن فولكلورلۇق مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ كونتروللۇقىدىن ئازاد بولۇپ، سىستېمىلىشىشقا، مەنتىقىلىشىشقا ۋە ئوبرازلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى.

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمدىن تارتىپ ئالتاي تېغى، تەڭرىتاغ ۋە كوئىنلۇندىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تاغ تىزمىسىنىڭ ئارىسىدا ياشاپ كەلگەن بولۇپ، بۇ كەڭ ۋادا ئوۋچىلىق ئىگىلىكى ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە رايونلار ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمكى زامانلاردىلا ئوۋچىلىق بىر پۈتۈن ئىگىلىك شەكلى سۈپىتىدە خېلى راۋاج تاپقان. بۇنى شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە تېپىل-غان كۆپلىگەن ئوۋچىلىق قوراللىرى ۋە قىياتاش چەكمىلىرىدىكى ئوۋ-چىلىق ھايات مەنزىرىلىرى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ بىۋاستە مەقسىتى ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلىنىش ۋە كىيىنىش ئېھتىيا-جىنى قامداشتىن سىرت، يەنە ھايۋانلار بىلەن دائىملىق ئۇچرىشىش نە-تىجىسىدە ھايۋانات دۇنياسىنىڭ بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى بى-لەن تونۇشۇپ، بىر قىسىم ھايۋانلارنى قولغا كۆندۈرۈش ئىمكانىيىتىنى

ياراتتى. ھەممىدىن بۇرۇن قولغا ئۆگىتىلگەن ھايۋان ئىت، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى قوي ھەمدە كالا، ئات، ئۆچكە بولغانلىقى مەلۇم. ھايۋانلارنى قولغا كۆندۈرۈش باشلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنە بۇركۈت ۋە قارچىغىنى قولغا ئۆگىتىش باشلانغان. مانا بۇ ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ بىر يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوۋچىلىق ئىگىلىكى يەنە ئەڭ دەسلەپكى مىللىي تېبابەتچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا يول ئېچىپ بەرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرگە ئائىت دورا ـ دەرمەكلەر رېتسېپلىرىدىن قارىغاندا، دورا ـ دەرمەكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئوۋچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىكەنلىكى مەلۇم. بۆغا مۈڭگۈزى، بۆكەن مۈڭگۈزى، يولۋاس سۆڭىكى، ئېيىق تاپىنى ۋە يېغى، مەستىكى، قۇندۇزقەرى، ئىپار ... قاتارلىقلار ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى ئېسىل دورا ـ دەرمەكلەر ھېسابلانغان.

ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي فولكلورىدا خىلمۇخىل ئادەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە ئىدىيىۋى ئاساس ياراتقان. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ھايۋانات چۆچەكلىرىنىڭ چوڭ سالماقنى ئىگىلىشى، بىر قىسىم ھايۋانلارنى ئۇلۇغلاش ئاساسىدا شەكىللەنگەن توتېملىق ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، باتۇرلۇققا ئىنتىلىدىغان، باتۇرلۇقنى قەدىرلەيدىغان پسىخىك روھنىڭ يېتىلىشى قاتارلىق روھىي ھالەتلەرمۇ بىۋاسىتە ھالدا ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىدارىغا باغلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار كېيىنچە كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە ئولتۇراق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنمۇ ئەنئەنىۋى ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنى بۇ يېڭىچە ئىگىلىك شەكىللىرى بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ، قوشۇمچە ئىگىلىك سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. يېقىنقى يىللارغا كەلگەندە، بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدا يۈز بەرگەن زور ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ، ئوۋچىلىق بىر خىل ئىگىلىك شەكلىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان

بولسىمۇ، ئوۋچىلىقنىڭ قولاي تەبىئىي شارائىتىغا ئىگە بولغان بىر قىسىم تاغلىق رايونلار ۋە شەھەردىن چەت يېزا ـ قىشلاقلاردا تۇرمۇشتىكى بىر خىل زوق ـ ھەۋەس ۋە قوشۇمچە كەسىپ سۈپىتىدە يەنىلا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ رايونلاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق دەۋرىدىكى ئادەت ـ ئەنئەنىلىرىمۇ ئەينەن ياكى ئۆزگەرگەن ھالەتتە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ ، 40 ـ يىللىرىغا قەدەر تويلىششتا ئالدى بىلەن توققۇز دانە بېلىق بېشىنى پىشۇرۇپ قىز تەرەپكە داستىخان ئاپىراتتى. تويلۇق ئۇچۇن بەلگىلىك ساندا خام بېلىق، گولمە (بېلىق تورى)، كېمە قاتارلىق بېلىق ئوۋلايدىغان قورال ـ سايمان، جەرەن، كېيىك گۆشى، تۇلكە ۋە مولۇن تېرىسى سالاتتى. روشەنكى، بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق دەۋرىدە شەكىللەنگەن ئادەت، ئەنئەنىلىرىنىڭ داۋامى.

ئۇنىڭدىن باشقا، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چىپان، ئۇششاقۋاش ھەمدە پامىر ئېگىزلىكى بىلەن تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ تۇتاشقان بۇرجىكىگە جايلاشقان ئويتاغ قاتارلىق تاغلىق رايونلاردا ئوۋچىلىق قوشۇمچە ئىگىلىك شەكلىدە ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ رايونلاردا 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن بۇرۇن ئېيىق، يىلپىز، مارال، ئارقار، بۆرە، تۇلكە، جەرەن (كېيىك)، مولۇن، ياۋا تۆگە، سۇغۇر، سۆسەر، توشقان قاتارلىق ھايۋانلار ھەمدە بۇركۇت، لاچىن، قارچىغا، قۇرغۇي، تۇرۇمتاي، جاغالماي، ئۇلار، جورتەك، كەكلىك، ياۋا كەپتەر، جىگدىچى، چۇلاڭ، سېرىق ئالاكۆتەن، سۆڭگۆچ، چىمچىق، تورغاي، تورولغا، ھۇۋقۇش، چۇغۇندەك، سايە سېغىزخىنى، سار، قاغا، قاراقۇشقاچ، ئاق قۇشقاچ، پاختەك، ياۋا ئۆردەك قاتارلىق ئۇچار قۇشلار ياشىغان. 1958 ـ يىلدىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش دولقۇنىدا يۈز بەرگەن قالايمىقان كان ئېچىش، دەرەخ كېسىش، تەبىئىي ئورمان، يايلاقلارنى بۇزۇش تەسىرىدە يۇقىرىقى ھايۋانلارنىڭ بىر قىسمىلىرى (مەسىلەن، ئېيىق، يىلپىز، مارال قاتارلىقلار) پاناھلىق ئىزدەپ باشقا جايلارغا يۆتكىلىپ كەتكەن. بۇ رايونلاردا ئوۋچىلىققا مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ ئىزلىرى ھازىرغىچە

ساقلانغان. بىز بۇ ئادەتلەردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەزەلدىن قالايمىقان ئوۋ ئوۋلاشقا يول قويماسلىقتەك كۈچلۈك ئىنسانىي جاۋابكارلىق تۇيغۇسىنى كۆرەلەيمىز.

گەرچە ئوۋچىلار تۇرمۇش، تىرىكچىلىكنىڭ ئېھتىياجى ھەمدە بەزى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرگەن خېيىمخەتىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاشقا مەجبۇر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ روھىيىتىدە «ھايۋانلارنى رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىش تەبىئەتكە، ئىنسانلارغا خىيانەت قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دېگەن قاراش ئۇستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. مەسىلەن، ئوۋچىلار كېيىك ۋە باشقا ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ كۆيلەش ۋە بوغاز بولۇش مەزگىللىرىنى ئەتراپلىق بايقاپ، بۇ مەزگىللەردە ئوۋغا چىقىشنى قاتتىق چەكلىگەن. ناۋادا بۇنىڭغا ئەمەل قىلماي ئوۋغا چىققان مەرگەنلەرنى «نائىنساب»، «مۇناپىق» مەرگەن دەپ قاتتىق ئەيىبلەشكەن ۋە بۇنداق مەرگەنلەرنىڭ ھامان بىر كۈنى پېشكەللىككە ئۇچرايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. شۇنداقلا يەنە ئوۋچىلار بىر توپ كېيىكنى بىر جىراغا قاپسىۋالىدىغان قولاي شارائىتقا دۇچ كەلگەندە بۇ كېيىكلەرنىڭ بىر قانچىسىنى مەجبۇرىي قاچۇرۇۋېتىشنى ئوۋچىلىقتىكى بىر ئەرىمگە، يەنى قائىدە ـ يوسۇنغا ئايلاندۇرغان، بۇنىڭدا «نەسلى قۇرۇپ كەتمىسۇن، ئەۋلادى داۋاملاشسۇن» دېگەن قاراش ئەكس ئېتىلگەن. ئوۋچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، مىڭ كېيىك ئاتقاندا، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرسى تەبىئەتتىن ھالقىغان بىر سېھرىي كۈچنىڭ تەسىرىدە يىقىلماي تۆت پۇتلاپ ئۆرە تۇرۇپ قالارمىش. دەرۋەقە، خەلق ھېكايىلىرىدە «مەن بىر كېيىكنى تىك تۇرغۇزدۇم» دەيدىغان ئىدىئوملار مەۋجۇت. كېيىكنىڭ تىك تۇرۇشى ئوۋچىلارنىڭ نەزەرىدە «ئىلاھنىڭ مەرگەنگە بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشى» مىش. بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن مەرگەن ئەل ـ جامائەتكە نەزىر بېرىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئوۋ ئوۋلىماسلىققا قەسەم قىلىدىكەن. ئوۋچىلىققا خاس بۇ ئەقىدىدە، كېيىكلەرنى رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلغان ئادەمنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت كېلىدۇ، تەبىئەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ دېگەن ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن.

بىر قىسىم گۆشخور قۇشلارنى قولغا كۆندۈرۈپ، ئۇلاردىن ئوۋ قوراللىرى سۈپىتىدە پايدىلىنىش قەدىمدىن تا ھازىرغىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئوۋچىلىق ئەنئەنىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ۋە خەلق ھېكايىلىرىدە ناھايىتى كۆپ خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ لوپنۇر، ئاۋات، مەكىت، مارالبېشى، قاغىلىق، يەكەن، خوتەننىڭ تاغلىق رايونلىرى قاتارلىق كۆپلىگەن جايلاردا قۇش ئوۋچىلىقى باتۇرلۇق ۋە جەسۇرلۇقنى نامايان قىلىدىغان ئاممىۋى تەنتەربىيە ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە ئىزچىل داۋاملاشماقتا. ئوۋ قۇشلىرى ئادەتتە قارا قۇش (بۈركۈت، لاچىن، ھۆۋقۇش) ۋە ئاق قۇش (قارچىغا، قۇرغۇي، تۇرۇمتاي) دەپ ئىككى تۈركۈمگە ئايرىلىدۇ. قۇشچىلار بۇ ئوۋ قۇشلىرىنىڭ تەبىئىتى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئوخشىمىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ قولغا كۆندۈرگەندىن كېيىن ئۇلارنى ۋاستە قىلىپ، ئوۋ ئوۋلاشنىڭ ئاجايىپ قىزىقارلىق ئۇسۇللىرىنى ئىجاد قىلغان. قۇشچىلارنىڭ گۆشخور قۇشلارنى قولغا ئۆگىتىشى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى، كۆندۈرۈش باسقۇچى: بۇ باسقۇچ ئادەتتە 40 كۈن بولۇپ، قۇشلار تۇتۇلغان 1 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە بۇ قۇشلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قاراڭغۇ ئۆيدە بېقىلىدۇ. 15 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە بەش كۈن قۇشنىڭ كۆزىنى تېڭىپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، جامائەت توپلانغان جايلاردا كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ ھىدىنى پۇرىتىدۇ. 20 ـ كۈنىدىن 40 ـ كۈنىگىچە بۇ قۇشنىڭ كۆز قاپىقىنى ئېلىۋېتىپ، ئادەم كۆپ جايلاردا بازار ئارىلىتىپ يۈرۈپ ئادەمگە كۆندۈرۈلىدۇ. سىرتقا ئېلىپ چىققان مەزگىللەردە، بۇ قۇشنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرىغا قاپچۇق بېكىتىپ، بىر پۇتى زەنجىرلىنىدۇ ھەمدە مۇشۇ 40 كۈن ئىچىدە كېچىسى بۇ قۇشنى ئىلەڭگۈچكە سېلىپ تەۋرىتىپ ئۇخلاتمايدۇ. نەتىجىدە بۇ قۇشلار ياۋاشلىشىپ ئادەمدىن ئۈركىمەيدىغان ۋە ئىگىسىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان ھالەتكە كېلىدۇ.

ئىككىنچى، تاۋلاش باسقۇچى: قۇشلار كۆندۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن

بىر ھەپتىگىچە ھەر كۈنلۈكى بۇ قۇش ئۆلار، توشقان، كەكلىك، كەپتەر قاتارلىق جاندارلارنىڭ گۆشى بىلەن تويغىچە ئوزۇقلاندۇرۇلىدۇ. نەتىجىدە بۇ قۇشلاردا ئوزۇقلىنىش ئادىتى مەلۇم دەرىجىدە قېلىپلىشىپ، ئاشۇ خىل جاندارلارغا بولغان ھېرىسمەنلىكى كۈچىيىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ قۇشلارنىڭ مىجەزى تېتىكلىشىپ، روھلۇق ۋە چەبدەس بولۇپ يېتىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىندەككە كەلتۈرۈش باسقۇچى: قۇشلار تاۋلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ قۇشنى ئوۋغا سېلىشتىن ئىلگىرى ئۈچ كۈنگىچە يەم يېگۈزمەي ئاچ قويىدۇ. ئاندىن قولدا بېقىلغان كەكلىك ياكى كەپتەرگە ئوخشاش ئۇچار قاناتلاردىن بىر ـ ئىككىنى قويۇپ بېرىپ ھاۋاغا ئۇچۇرۇلىدۇ. ئارقىدىن قۇشچى قولىدىكى قۇشنىڭ كۆز قاپىقىنى ۋە پۇتىدىكى زەنجىرىنى يېشىۋېتىپ ھېلىقى جاندارغا قارىتىپ كۆككە قويىۋېتىدۇ. ئاچ قالغان بۇ قۇش كۆرۈنگەن ئولجىنى دەرھال ئالىدۇ ـ دە، تۆمۈردەك تىرنىقى بىلەن قاماللاپ يەرگە بېسىۋالىدۇ. بۇ ھالەتنى كۆزىتىپ تۇرغان ئوۋچى دەرھال ئولجىنى بوغۇزلاپ، نەق مەيداندا بۇ قۇشقا ئولجىنىڭ قېنى ۋە بىر چىشلەم گۆشىنى بېرىپ، قالغان گۆشىنى كۆتۈرۈپ 90ــ100 مېتىر ئەتراپىدا يىراقلاپ، ئولجىنى پۇلاڭلىتىپ «كەھ، كەھ، كەھ ...» دەپ قۇشنى چاقىرىدۇ. كۆزى ئۆتكۈر، قولىقى دىڭ بۇ قۇش يىراقتىكى بۇ ئولجىنى كۆرۈپ دەرھال ئۇچۇپ كېلىپ قۇشچىنىڭ قولىغا قونىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قولىدىكى ئولجىنى بىر چىشلەم بېرىپ قۇشنى يەنە جايىدا تاشلاپ قويۇپ يۇقىرىقى ئۇسۇلنى قايتا تەكرارلايدۇ. بۇ ئۇسۇلنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاش ئارقىلىق قۇش سىناقتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن دائىملىق ئوۋچىلىققا سېلىنىدۇ. خەلق ئارىسىدا ئوۋ قۇشلىرى ناھايىتى ئەتىۋارلىنىدۇ ۋە ئۇلۇغلىنىدۇ، ھەتتا بەزى ئوۋ قۇشلىرىنى سىرلىقلاشتۇرۇپ «ئىلاھىي قۇدرەت» كە ئىگە دەپ قارايدىغان ئادەتلەرمۇ مەۋجۇت. مۇئەللىپ 1987 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان فولكلور تەكشۈرۈشىدە مۇنداق بىر ئالاھىدە ئۇچۇرغا ئىگە بولغان: قاغىلىقنىڭ چىپان ۋە ئۈششاقۋاش قاتارلىق تاغلىق رايونلىرىدا «قۇش باخشى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر فولكلورلۇق ئادەت بار ئىكەن. بۇ رايونلار شە-

ھەردىن چەت بولغانلىقى ۋە سەھىيە ـ داۋالاش ئىشلىرىنىڭ ئارقىدا قال-غانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئاياللاردا تۇغۇتتىن كېيىن قانىس-راشتىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك كۆپ ئۇچرايدىكەن. يەرلىك كىشىلەر بۇ كېسەلنى «ھەل» ياكى «ئال» كېسىلى دەپ ئاتايدىكەن. بۇ كېسەلنىڭ بەلگىسى كۆپرەك تۇنجى تۇغقان ئاياللاردا يۈز بېرىپ، تۇغۇتتا كۆپ قان كېتىش نەتىجىسىدە ئايال ھالسىزلىنىپ، مادارسىزلىقتىن رەڭگىرويى سارغىيىپ كۇنسېرى ئورۇقلاپ كېتىدىكەن. بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئاياللار ئاستا ـ ئاستا شۇك، جىمغۇر بولۇۋېلىپ، ئە-قىل ـ ھوشىدىن ئادىشىدىكەن، بەزىلىرى شۇ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كې-تىدىكەن. يەرلىك كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە، «ئال» كېسىلىگە ھېچ-قانداق دورا ـ دەرمەك شىپالىق بېرەلمەيدۇ، پەقەت «قۇش باخشى» لا بۇ كېسەلگە داۋا بولالايدۇ دەپ قارىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇنداق كېسەل-لەرنى داۋالاشقا « قۇش باخشى» چاقىرتىلىپ، مەخسۇس ئەم ـ ئىرىم قىلىنىدىكەن.

«قۇش باخشى» دېگىنىمىز، قولغا كۆندۈرۈلگەن قارا قۇش (بۈركۈت) ئارقىلىق «ئال» كېسىلىنى داۋالىغۇچى باخشىنى كۆرسىتىدۇ. «قۇش باخشى» نىڭ داۋالاش جەريانى مۇنداق بولىدىكەن: «ئال» كېسىلىگە گى-رىپتار بولغۇچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوۋ قۇشلىرىغا كېرەكلىك يېمەك-لىكلەردىن بىر داستىخان تەييارلاپ، «قۇش باخشى» نىڭ ئۆيىگە بېرىپ، كېسەلگە ئەم ـ ئىرىم قىلىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلىدىكەن. «قۇش باخشى» ئىلتىماسنى قوبۇل كۆرگەندىن كېيىن، داۋالاشنىڭ ۋاقىت ـ سائىتىنى بەلگىلەپ بېرىدىكەن. بۇ ئارىلىقتا بىرەر ھەپتىگىچە قۇشنى ياخشى پەپىلەپ باقىدىكەن ۋە «داۋالاش» قائىدىسى بويىچە مەشىق قىلدۇ-رىدىكەن. قەرەل توشقاندىن كېيىن «قۇش باخشى» كېسەلنىڭ ئۆيىگە با-رىدىكەن. تەلەپ بويىچە «ئال» كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى ئايالنى دې-رىزە ـ تۈڭلۈكى يوق چوڭ ئايۋان سارايغا ئېلىپ كىرىپ، ئۆينىڭ ئوتتۇ-رىسىدا ياتقۇزۇپ ھەممە يېرىنى قېلىن كىگىز ـ شىرداق بىلەن مەھكەم چۈمكەپ قويىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن « قۇش باخشى» بۇ قاراڭغۇ، تەنھا

سارايغا كىرىپ، قولىدىكى قارا قۇشنىڭ كۆزلىكى ۋە پۇتىدىكى زەنجىرىنى ئېلىۋېتىپ، «ياشىيا، يامەدەت» دەپ دۇرۇت ئوقۇپ قويىۋېتىدىكەن. قاراقۇش سورلۇك قىياپەتتە ئۆي ئىچىدە ئەگىپ ئۇچۇپ، ئاخىرى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قارا كىگىزگە ئورالغان «جەسەت» ئۈستىگە قونىدىكەندە، ئۆتكۈر تىرنىقى ۋە تۇمشۇقى بىلەن كىگىزنى تىرناپ باشتىن ـ ئاخىرىغىچە قاتتىق مۇجۇشقا باشلايدىكەن. ھەتتا كىگىزنىڭ بەزى جايلىرى تىتىلىپ كېتىدىكەن. قۇش چارچاپ ھالىدىن كەتكىچە مۇجۇشنى داۋاملاشتۇرىدىكەن. ئاخىرى ھالسىزلىنىپ قاناتلىرىنى قېقىشقىنمۇ ماجالى قالمىغان چاغدا، قۇشچى (باخشى) دۇئا ـ تەكبىر قىلىپ قۇشنى قولىغا قوندۇرۇپ قايتىدىكەن. چىلىق ـ چىلىق تەر ئىچىدە ھوشىنى بىلمەي ياتقان بۇ كېسەلنى كىگىزدىن ئاجرىتىپ ئەركىن ھاۋادا نەپەسلەندۇرگەندىن كېيىن، يېڭى سويۇلغان قارا پاقلاننىڭ ئىسسىق تېرىسىگە ئېلىپ، گەجگىسىگە ياۋا كەپتەرنىڭ قېنىنى ئاققۇزىدىكەن، شۇنداق قىلىپ ئىككى ـ ئۈچ ھەپتە بۇ كېسەلنى شورپىلاپ ياخشى باقىدىكەن. نەتىجىدە بۇ « ئال» كېسىلى تەدرىجىي ساقىيىپ قالىدىكەن. دەرۋەقە، بۇ ئادەت مېدىتسىنا يۇكسەك تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى ئىلىم ـ پەن دەۋرىگە نىسبەتەن بىر خىل خۇراپىي قاراش ھېسابلانسىمۇ، لېكىن بۇ «قۇش باخشى» ئادىتىدە پسىخىك غىدىقلىنىش بىلەن فىزىئولوگىيىلىك غىدىقلىنىشنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى ئاساسىدا ھاسىل بولىدىغان بىر خىل غەيرىي تەبىئىي ئىممۇنىتېتلىق كۈچنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

دېمەك، ھازىرغىچە باشقا خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە تېخى سېزىلمىگەن قۇش ئارقىلىق ئادەم داۋالاش ئادىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدا مەۋجۇت بولغانلىقى بۇ خەلقنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تارىخىدا ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ خېلى چوڭقۇر يىلتىزغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىق ئىگىلىكى يەنە بېلىقچىلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، بولۇپمۇ لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ۋە تارىملىقلار 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە ئاساسەن بېلىقچىلىق ئىگىلىكىگە تايىنىپ ياشىغان،

لوپنۇرلۇقلار ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك-
كىگە تايىنىپ، لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى ئاراللاردا كۆچۈپ يۈرۈپ بېلىق
ئوۋلاشنىڭ بىر يۈرۈش قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ياراتقان.

دېمەك، لوپنۇرلۇقلار، بولۇپمۇ دۆڭقوتان، مىرسالى، قارچىغا، كۆز-
لەك، تىكلىك، چوڭكۆل، چارا، ئۇلۇغكۆل قاتارلىق يېزا ـ كەنتلەردىكى
ئاھالىلەر ئازادلىققىچە ئاساسەن تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن
شۇغۇللانمىغان. بۇ ھەقتە لوپنۇردا 1959 ـ يىلى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان
شياۋلىيەن ئەپەندى مۇنداق يازغان: «لوپنۇر ئەتراپىدىكى كۆللەردە بېلىق
ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار يىل بويى بېلىق ئوۋلاپ ھايات كەچۈرىدىكەن،
باھار كەلگەندە سۇ قۇشلىرى بۇ جايغا كېلىپ ياشايدىكەن. بۇ پەسىلدە
ئۇلار ئاساسەن ياۋا غاز تۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئېھتىياجدىن ئېشىپ
قالغانلىرىنى قۇملۇقتا قۇرۇتۇپ، ھەر 50 نى بىر باغلام قىلىپ ساقلاپ
يەيدىكەن.» ① دەرۋەقە، لوپنۇرلۇقلار ياز كۈنلىرى بېلىقنى قۇرۇتۇپ، ياۋا
جىگدە بىلەن قوشۇپ «بېلىق تالقىنى» تەييارلىۋالىدۇ. لازىم تېپىلغاندا
تالقانني قايىنتىپ ئىچىدۇ. شۇنداقلا يەنە ئۇجۇل (يىكەن) نىڭ گۈلىنى
توزۇپ كەتمەستىن بۇرۇن يىغىۋېلىپ، ئۇنى تاسقاپ تازىلىغاندىن كېيىن
بېلىقنىڭ يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئۇماچ قىلىپ ئىچىدۇ. بۇنداق بېلىق
تالقانلىرى لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تامىقىدۇر.

لوپنۇرلۇقلار ئارىسىدا « قوغۇن سۈيدۈك، ئاشلىق بەت گوپا ②، بوز
تىرىمنى ياقلا، بېلىق چولۇق ③، قورساق توق » دېيىلىدىغان بىر تەمسىل
بار. ئۇنىڭدا لوپنۇرنىڭ ئىگىلىك ئالاھىدىلىكى يەكۈنلەنگەن. باشقا يۇرت-
لۇقلارنىڭ «بېلىقنىڭ ئۆپكىسىنى قويۇپ يەيدىغان لوپنۇرلۇقلار»

① شياۋلىيەن: « مىرەن، كروران ۋە لوپنۇرلۇقلار»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇر-
نىلى، 1991 ـ يىل 1 ـ سان .

② بەت گوپا—بىۋاپا، ۋاپاسىز.

③ چۇلۇق—«ناھايىتى كۆپ» مەنىسىدە.

دېيىشىمۇ لوپنۇردا تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە بېلىق-چىلىقنى ئاساس قىلغان ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئۇستۇن ئورۇندا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇقۇملۇق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئا-ساسلىق ئىقتىسادىي ئىگىلىك شەكلى تېرىقچىلىقنى مەركەز قىلغان دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا باقمىچىلىق شەكلىدىكى چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىكى-نىڭ سالمىقىمۇ خېلى يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ئوۋچىلىق ئىگى-لىكى بارغانسېرى تارايغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتمى-گەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن تەرەققىي قىلىۋاتقان بازار ئىگىلىكىنىڭ تۈرتكىسىدە ئوۋچىلىقنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ ، قۇش باق-چىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى كۆپلەپ بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ كىشى-لەرنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار (بۇغا، كېيىك، توشقان ...) ۋە ئۇچار قاناتلار (توخۇ، كەپتەر، غاز، ئۆردەك، بۆدۈنە، ئاق قۇشقاچ ...) نىڭ گۆشى ۋە تۇخۇمىغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، شۇ خىل جاندارلارنى سۈنئىي يول بىلەن كۆپەيتىپ بازارغا سېلىش قىزغىنلىقى قوزغالدى، كەپتەر كاۋىپى ۋە شورپىلىرى شىنجاڭنىڭ ھەممە رايونلىرىدا ئومۇملاشتى. بۇ بازار ئى-گىلىكى شارائىتىدا بارلىققا كەلگەن بىر يېڭى يۈزلىنىش دەپ قارالسى-مۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلمىي ۋە ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇ-تۇش كېرەك. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ھازىرقى دۇنيادا ئادەملەرنىڭ ئاچ كۆزلىكى ۋە رەھىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن، بىر قىسىم جانلىقلارنىڭ نەسلى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتتى، يەنە بەزىلىرىنىڭ نەسلى يوقىلىش ئالدىدا تۇرماقتا، بۇنىڭ بىلەن ئانا تەبىئەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ، ئادەمزات دۇنياسىغا تەھدىت سالماقتا. يېقىندا يۈز بەرگەن «سارس» يۇقۇمى، قۇش ۋاباسى ۋە تېخى ئىسمى مەلۇم بولمىغان غەيرىي تىپلىق كېسەللىكلەرنىڭ ۋابا ئىلاھىدەك ئىنسانلارغا يامىشىشى

تەبىئەتكە قىلغان خىيانىتىمىز تۇپەيلى تەبىئەتنىڭ بىزنى جازالىماقچى بولغانلىقىنىڭ سىگنالى. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق ئادەتلىرىدە تەبىئەت ئەركىلىرى بولمىش هايۋانلار ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ نەسلىنى پۈتۈنلەي قۇرۇتۇۋەتمەسلىك ھەققىدە قانۇنىدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان نىزاملار بولغانلىقى مەلۇم. تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنى قوغداش تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە ئوۋچىلىق ۋە قۇش باقمىچىلىقىنى ئىلمىي ھالدا تەرتىپكە سېلىپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ نېسىۋىسىگە خىيانەت قىلماسلىقىمىز لازىم.

## §3 . چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر

ئوۋچىلىق ئىگىلىكى دەۋرىدە باشلانغان ھايۋانلارنى قولغا كۆندۈرۈش تەرەققىياتى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى شەكىللەندۈردى. چارۋىچىلىق ئىگىلىكى دەسلەپكى مەزگىللەردە ئوۋچىلىق ئىگىلىكى بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ، گىرەلەشكەن ھالدا ئورتاق تەرەققىي قىلغان. چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى جۇغراپىيىلىك شارائىت تەرىپىدىن بەلگىلەندۇ. قەدىمكى زامانلاردا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان ھىنگان تاغلىرى، نويان تاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى، تەڭرىتاغلىرى، تىلەۋ تاغلىرى، ئالچى (چىلەنشەن) تاغلىرى، پامىر تاغلىرى قاتارلىق تاغلارنىڭ ئېتەكلىرىدىكى چەكسىز يايلاقلار، يەنسەي دەرياسى، ئونغور (ئۇيغۇر) دەرياسى، سېلىنگا دەرياسى، قۇرولۇن دەرياسى، ئورخۇن دەرياسى، تۇغلا دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى، ئىلى دەرياسى، تارىم دەرياسى قاتارلىق دەريا ـ ئېقىن ۋادىلىرى، ئۆتۈكەن يايلىقى، كۆكنۇر يايلىقى، ئېرىن يايلىقى، باركۆل يايلىقى، ئىلى يايلىقى، جۇڭغار يايلىقى قاتارلىق رايونلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئالاھىدە تەرەققىي تاپقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ 10 ـ ۋە 11 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى ئىقتىسادىي ئىگىلىكىدە

ئاساسلىق، مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. بولۇپمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، قاغانلىقتىكى ئىگىلىك پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي تۈرى چارۋىچىلىق بولۇپ، يىلقا،كالا ۋە قوي ئاساس قىلىنغان. يىلقىچىلىق ھەممىدىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئەتراپتىكى قوشنىلىرىغا لازىملىق يىلقىلارنى ئاساسەن ئۇيغۇرلار تەمىنلەپ بەرگەن، ھەتتا قوشنا ئەللەر بىلەن تاۋار ئالماشتۇرۇشتا ئات پۇل بىرلىكى قىلىنغان. چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئۇيغۇرلاردا تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ بۇرۇنىراق روناق تېپىشىغا پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا كىگىزچىلىك، تېرە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، يۇڭ توقۇمىچىلىق، ئىگەر، توقۇم، يۈگەن، نوختا قاتارلىق ئات جابدۇقلىرىنى ياساش قاتارلىق چارۋىچىلىق ھۈنەر كەسىپلىرى ئالاھىدە جانلىنىپ، شەھەرلىشىش قەدىمىنى تېزلەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان قەدىمكى يايلاق مەدەنىيىتى ھەققىدە تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتلىرىدا كۆپلىگەن ئۇچۇرلار مەلۇم بولغاچقا، بىز ئۇنى قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز. پەقەت 20 ـ ئەسىردىكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى بايان قىلىش بىلەن چەكلىنىمىز.

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، يەنى مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئۇلارنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ۋە ئىقتىسادىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدا تۈپلۈك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئۇلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى شىمالىي قۇملۇقتا ياشىغان مەزگىللىرىدە ئوت، سۇ قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس، تېرىقچىلىقنى ئىككىنچى ئورۇندىكى قوشۇمچە ئىگىلىك سۈپىتىدە ئېلىپ بارغان بولسا، غەربكە كۆچكەندىن كېيىن بۇ رايونلاردىكى ئېتىنىك قېرىنداشلىرىنىڭ شەھەرلەشكەن بوستانلىق مەدەنىيەت چەمبىرى ئىچىدە تېرىقچىلىقنى ئاساس قىلغان ئولتۇراقلاشقان ئىگىلىك شەكلىگە قەدەم قويدى. بۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىق ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشتى. تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق ئەنئەنىسى خېلى كېيىنكى دەۋرلەرگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مەدەنىيەت مۇھىتى ئىچىدە تېرىقچىلىق، ئائىلە باقمىچىلىقى ئاساسىدىكى چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەر ئىگىلىكىنى ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇردى.

ئۇيغۇرلاردىكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ بىۋاسىتە مەقسىتى خەلقنىڭ گۆشلۈك يېمەكلىكلەرگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ۋە قاتناش ـ ترانسپورت ۋاسىتىلىرىنى ھەل قىلىش ۋە يۇڭ، تېرە، ئۈچەي قاتارلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئاساسىدا قول ھۈنەر كەسپى ۋە بازار سودىسىنى جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار ئولتۇراق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى يولغا قويغاندىن كېيىنمۇ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىگە يۇكسەك ئېتىبار بىلەن قاراپ، بۇ ئىككى خىل ئىگىلىكنى مۇستەھكەم بىر گەۋدىگە ئايلاندۇردى.

شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقىدا قوي، كالا ۋە ئات بېقىش ئاساس قىلىناتتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، شىنجاڭ بويىچە قوي 13 مىليون تۇياققا، ئۆچكە 2 مىليون 200 مىڭ تۇياققا، كالا تەخمىنەن 1 مىليون 400 مىڭ تۇياققا، ئات تەخمىنەن 2 مىليون 100 مىڭ تۇياققا، تۆگە 54 مىڭ تۇياققا، قوي يۇڭى 120 مىڭ دەنگە، تۆگە يۇڭى 20 مىڭ دەنگە، ئات يايلىسى 70 مىڭ دەنگە، ئات تېرىسى 36 مىڭ پارچىگە، ئۆچكە ، قوي تېرىسى 650 مىڭ پارچىگە، ئەلتېرە 580 مىڭ پارچىگە، كالا تېرىسى 62 مىڭ پارچىگە، ساغلىق قوي تېرىسى 300 مىڭ پارچىگە يەتكەن. ①

بۇ مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ، شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە چارۋىچىلىق ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى كۆرگىلى

---

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل، 3 ـ توم، 58 ـ بەت.

بولىدۇ. لېكىن بۇ دەۋردىكى چېكىدىن ئاشقان ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن، چارۋىچىلار قاتمۇ قات زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچ- رايتتى. چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە بىر يۈرۈش ئىلمىي باشقۇرۇش ئۇسۇلى بولمىغاچقا، ئەلا سورتلۇق چارۋىلارنى يېتىشتۈرۈشكە ھەمدە ئۇنۇملۇك تۈردە چارۋا كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مۇمكىنچىلىك يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش يەر- لىك سانائەت تېخنىكىسىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇ ئەھۋالنى ياڭ زېشۈي «شىنجاڭدا سودا ـ سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى قاراشلىرىم» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق بايان قىلغان: «شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقتا نامى بولسىمۇ، لېكىن كونا ئۇسۇل بويىچە باشقۇرۇلغاچقا، چارۋىلارنىڭ سورتى كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، ھەر قېتىم چارۋىلاردا كېسەل تارقالغاندا چارۋىلار مىڭلاپ، تۈمەنلەپ ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ كەڭ كۆلەملىك چارۋىچىلىق تەشكىلاتى يوق دېيەرلىك. سۈت مەھسۇلات- لىرىغا كەلسەك، سېرىق ماي، قۇرت قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلسىمۇ، ئەمما ياسىلىش ئۇسۇلى قالاق بولغاچقا، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغىلا بولىدۇ، ئۆلكىمىزنىڭ سىرتىدىكى بازارلارغا سېلىشقا شەرتى توشمايدۇ. كۆن ـ خۇرۇمغا كەلسەك، تېخنىكىمىز ناچار، مەھسۇلاتلىرى- مىزنىڭ سۈپىتى تۆۋەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ باھاسى بەك ئەرزان، بىر قەدەر ئىلغار تېخنىكىغا كىرگۈزسەك، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى 3—5 ھەسسە ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ. يۇڭ مەھسۇلاتلىرىغا كەلسەك، ساقلاش ئۇسۇلى قالاق، سۈپىتى ناچار بولغاچقا، خەلقئارا بازارلاردا باھاسى بەك تۆ- ۋەن بولۇۋاتىدۇ، ياكى باشقىلار قارايمۇ قويمايۋاتىدۇ. شۇڭا چارۋىچىلىقتا نەسلىنى ياخشىلاش، ئىگىلىك شارائىتىنى ئوڭشاش ئىشىنى ھازىرقى مۇھىم ئىش قاتارىدا چىڭ تۇتماي بولمايدۇ». ① مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا

---

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل، 3 ـ توم، 59 ـ ، 60 ـ بەتلەر.

قەدەر شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە ئاشلىق يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن چارۋىلارنى قالايمىقان ئۆلتۈرۈپ يېيىش ھەمدە چارۋىلاردا تارقالغان يۇقۇملۇق كېسەللىك قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن، چارۋىلارنىڭ سانى بۇرۇنقىغا قارىغاندا كېمىيىپ كەتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن يۈز بەرگەن سىياسىي ھاكىمىيەت جەھەتتىكى تۈپلۈك ئۆزگىرىش رايونىمىزنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىك سىستېمىسىدا يېڭىچە جانلىنىش مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىر تەرەپتىن، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي بەلگىلىمىلەرنى يولغا قويۇپ چارۋىچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، چارۋا كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش، ئىلمىي باقمىچىلىقنى يولغا قويۇش، يايلاق ۋە ئوتلاق قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، چارۋىلارنىڭ يەم ـ خەشەك شارائىتىنى ياخشىلاش، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زامانىۋى كارخانىلارنى قۇرۇش ئارقىلىق بازار سودىسىنى جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يۈرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى پىلانلىق ۋە مۇقىم ھالدا تەرەققىي قىلىپ، سان ۋە سۈپەت جەھەتتە مەملىكىتىمىز بويىچە 1 ـ ئورۇننى ئىگىلىدى. چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلانغان ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش ئىككى جەھەتتە گەۋدىلىك بولدى: بىرى، ئۇزاق يىللار داۋاملىشىپ كەلگەن كۆچمەن چارۋىچىلىق ئادىتى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلىق ئىگىلىكىگە يۈزلىنىپ، چارۋىلارنىڭ يەم ـ خەشىكى ۋە تۇرار جايى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە بولدى. يەنە بىرى، ئائىلە باقمىچىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا قوشۇمچە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش ھەممە ئائىلىلەردە دېگۈدەك ئەمەلىيلەشتى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئائىلە باقمىچىلىقىدا بېقىلىۋاتقان چارۋىلارنىڭ سانى

شىنجاڭدىكى پۈتكۈل چارۋىلار سانىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىكەن. ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئۇدۇم بويىچە، ئۇيغۇرلار چارۋىچى-لىقتا ئات، قوي، كالا، ئۆچكە، تۆگە، ئېشەك قاتارلىق جاندارلارنى بېقىشنى ئاساس قىلغان ۋە بۇ كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشنىڭ مۇھىم مەنبەسىگە ئايلاندۇرغان. قولغا كۆندۈرۈلگەن بۇ ھايۋانلارنى كۆشەيدىغان ۋە كۆشىمەيدىغان دەپ ئىككى تۈركۈمگە ئاجرىتىپ، كۆشەيدىغان ھايۋانلار (قوي، ئۆچكە، كالا، تۆگە، قوتاز قاتارلىقلار) نىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولىدۇ، دەپ قاراپ، ئۇنى ئوزۇقلۇق ئاساسى قىلغان. ئەكسىچە كۆشىمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش-تىن پەرھىز تۇتقان. مۇشۇ پەرھىز بويىچە ئۇيغۇرلار مەلۇم زۆرۈرىيەت تۇغۇلمىغىچە ئاسانلىقچە ئات ئۆلتۈرۈپ يېمەيدۇ. چۈنكى ئەجدادلىرىمىز ئاتنى ئالاھىدە قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇلۇغلايدۇ. « ئەر قانىتى ئات» دېگەن تەم-سىلگە چوقۇنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇرۇش قوراللىرى كەشىپ قىلىنمىغان ئۆتمۈش دەۋرلەردە ئات ھەل قىلغۇچ جەڭ قورالى بولغان. ئۇيغۇرلاردا ئاتنى ئۆلتۈرۈپ يېمەسلىك ئادىتى ئېھتىمال ئاتنىڭ ئەجدادلىرىمىز تۇرمۇشىدا ئەنە شۇنداق يۇكسەك ئىقتىدارغا ئىگە ھايۋان بولغانلىقى بىلەن مۇناسى-ۋەتلىك بولسا كېرەك. ۋەھالەنكى، سانائەتلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش ئە-مەلگە ئېشىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە ئات ئاساسەن يېزا ـ قىشلاقلاردا قىس-مەن قاتناش قورالى بولۇشتىن تاشقىرى، باشقا كۆپلىگەن ئىقتىدارى ۋە رولى بارغانسېرى تارايدى. بۇنىڭغا ماس ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيەت ئىچىدا بەلگىلىك ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇپ، شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدە قىش كۈنلىرى ئات گۆشى يېيىش ئادىتى شەكىللەن-مەكتە. ئەمما ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭ يې-زىلىرىدا ھازىرمۇ ئات گۆشىنى ئاساسىي جەھەتتىن يېمەيدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئەسىرلىك چارۋىچىلىق ئەمەلىيىتىدە ھايۋانلارنىڭ ئوخشىمىغان تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرى، ئوزۇقلۇق قىممىتى، سالامەت-لىككە پايدىلىق ۋە پايدىسىزلىقى، ئىچكى ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە يېيىشكە

بولىدىغان ياكى بولمايدىغان تۇرلىرى قاتارلىقلار ھەققىدە كۆپلىگەن جانلىق تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان ۋە مۇشۇ ئەمەلىي تەجرىبىلىرى ئاساسىدا گۆشلۈك يېمەكلىكلەرنى ھالال ۋە ھارام دەپ ئىككى تۇرگە ئايرىپ، «ھارام» گۆشنى يېيىشنى مەنئى قىلغان. بۇ چەكلەنگەن پەرھىز ئادەتلىرى بويىچە، بىرىنچىدىن، كۆشىمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەسلىك، ئىككىنچىدىن، چوشقا، يولۋاس قاتارلىق گۆشخور، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەسلىك، ئۈچىنچىدىن، تىغ تەگمەي ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ياكى سۇدا ۋە باشقا ھادىسىلەردە ئۆلۈپ قالغان چارۋىلارنىڭ گۆشىنى يېمەسلىك، تۆتىنچىدىن، «ھالال» ماللارنى ئۆلتۈرگەندە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى چوڭ ـ كىچىك بەز، ئاچچىق ئۈچەي، ئۆت، كۆتەن ئۈچەي، كۆز قارىچۇقى، قان قاتارلىق زىيانلىق ئەزالىرىنى يېمەسلىك (يېيىشكە بولمايدىغان ئەزالار ھەققىدە خەلق ئارىسىدا مۇنداق نەقىل بار: ئىككى كۆزنىڭ قاراسى، ئىككى شىراق ئاراسى، بىرسى كۆتەن، بىرسى ئۆت، بىرسى پورداق، بىرسى كۆت). بۇ پەرھىز ئادەتلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدىكى ئىزدىنىش سىناقلىرى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، بەلگىلىك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە.

چارۋىچىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىگىلىك شەكىللىرىدىن بىرى بولغاچقا، چارۋا ماللارنى پەرۋىش قىلىش، ئاينىتىش، ئۆز ئارا پەرقلەندۈرۈش جەھەتلەردە مول تەجرىبە ۋە ئۇسۇللارنى يارانتقان. مەسىلەن، مال ـ چارۋىلارغا شەرتلىك بەلگە سېلىش؛ شۇ بەلگىلەر بويىچە ئۆزىگە تەۋە چارۋىلارنى قەيەردە بولسا ئىزدەپ تېپىۋېلىش ياكى باشقا مال پادىلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەن چارۋا ماللارنى شۇ مال پادىلىرىنىڭ ئىگىلىرى شۇ بەلگىلەرگە قاراپ ئىگىسىگە خەۋەر قىلىشتەك بىر قاتار ئادەت ۋە ياخشى خىسلەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. مال ـ چارۋىلارغا بۇنداق بەلگە (ئەن) سېلىش ئادىتى 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغا قەدەر ئۇيغۇر چارۋىچىلىرى ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇنداق ئەن سېلىش ئادىتى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى قوۋملارغا ئورتاق بولۇپ، مەھمۇد

قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئوغۇز تۈركمەنلىرىنىڭ ئا-رىسىدىكى چارۋا ماللارغا بېسىلىدىغان 22 ئۇرۇق ـ قەبىلە تامغىلىرىنى تەپسىلىي كۆرسىتىپ ئۆتكەن. بۇنداق تامغا ـ بەلگىلەر قىزدۇرۇلۇپ، چارۋىلارنىڭ ساغرىسىغا، كىچىك چارۋىلار (قوي ـ ئۆچكە) نىڭ قۇلىقى ياكى قاڭشىرىغا بېسىلىدۇ. كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن ئائىلە باقمىچىلى-قىغا يۈزلەنگەن بۈگۈنكى دەۋردە چارۋىلارغا ئەن سېلىش ئادىتى بارغانسېرى يوقالماقتا.

ئۇيغۇرلار مال ئۆلتۈرۈپ گۆش تەييارلاشتىمۇ ئۆزىگە خاس بىر يو-رۇش قائىدە ـ يوسۇنغا ئەمەل قىلىپ كەلگەن. ئالدى بىلەن ئۆلتۈرۈلمەك-چى بولغان مالنىڭ بېشى قىبلە تەرەپكە قارىتىلىپ ياتقۇزۇلۇپ، ئۈچ پۇتى گىرەلەشتۈرۈلۈپ مەھكەم چىگىلىدۇ. ئاندىن «بىسمىللا» ئوقۇپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىپ، ئۆتكۈر پىچاق بىلەن قۇلىقىنىڭ ئاستى قىسمىدىن بوغۇزلىنىدۇ. قان ئاساسەن ئېقىپ بولغاندىن كېيىن يۇلۇنغا پىچاق ئۇرۇلىدۇ. مالنىڭ جېنى چىقىپ بولغاندىن كېيىن، بوغۇلغان پۇتى يېشىۋېتىلىدۇ، ئاندىن ئارقا ئوڭ پۇتىنىڭ توپىقى ئاستىدىن تېرىسى كىچىك كېسىلىپ، ئۇ يەرگە چوكا چوڭلۇقىدا ئۇزۇنراق ياغاچ تىقىپ، تېرە بىلەن ئەت ئارىلىقىدا يەل ماڭغىدەك بىر بوشلۇق ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ تۆشۈكتىن ئېغىز ئارقىلىق پۈۋلەپ، خوددى توپقا يەل بەرگەندەك، مال-نىڭ ئىچىگە يەل ماڭدۇرۇلىدۇ. تېرە بىلەن ئەت ئارىسى ھۆپپىدە كۆپكەن-دىن كېيىن، ھېلىقى پۈۋلەنگەن تۆشۈكتىن پىچاق سۇرۇپ قېرىن تې-رىسى ۋە پۇتلىرىنىڭ تېرىسى تىلىنىدۇ. تېرە سېرىق ئەتتىن ئاجرىتىل-غاندىن كېيىن، تېرىنىڭ زىدە بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مۇشت بىلەن تېرە ئارىسىغا تىقىملاپ تېرە دۈمبىگە قەدەر سېرىق ئەتتىن ئاجرىتىلىدۇ. ئاندىن قىزىلئۆڭگەچ تارتىپ چىقىرىلىپ، يىن (ژىن) چىقىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بوغۇپ تاشلىنىپ، بېشى ۋە ئالدى ئىككى پۇتى (شى-رىقى) كېسىپ تاشلىنىدۇ. ئاندىن مالنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ، تەييارلانغان ئىلغۇچقا ئارقا پۇتىدىن ئېسىپ قويۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېرە قۇيرۇق

تەرەپتىن ئاجرىتىلىپ، تۆۋەنگە قارىتىپ سويۇپ ئېلىنىدۇ، قورساق يې-رىلىپ بىرىنچى قەدەمدە ئاچچىق ئۈچەي ئاۋايلاپ سىيرىپ ئېلىنىدۇ، ئىككىنچى قەدەمدە قالغان ئىچكى ئەزالىرى تەرتىپلىك چىقىرىلىدۇ. ئۇيغۇرلار قوينىڭ ئۆپكە ـ ئۈچەيلىرىنى قويۇپ ئىسسىق يېمەك هازىرلاي-دىغان بولغاچقا، قوي سويغاندا ئۆپكىگە پىچاق تېگىپ كېتىشتىن بەك ئېهتىيات قىلىنىدۇ. قېرىن چىقىرىلىش بىلەن دەرهال يىرىپ تۆكۈپ چىقىرىلىپ، قېرىنغا تۇتاش تۇرىدىغان كۆتەن ئۈچەي («بۆرە يېمەس» دەپ ئاتىلىدىغان ئەزا) كېسىپ تاشلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېرىدىن ئاجرىتى-لىپ پاكىزلانغان گۆش ئۇستىخان يوللىرى بويىچە پارچىلىنىدۇ. ئادەتتە مال سويغاندا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەزى ئىرىملىك ئادەتلەر مەۋجۇت، يەنى، قوي سويغۇچى ئائىلىنىڭ بالا ـ ۋاقىلىرى سويۇلىدىغان قوينىڭ ئەتراپىغا جەم بولىدۇ، قويغا پىچاق سۇرگەن قاسساپ ياكى ئائىلە باشلىقى پىچاقنىڭ بىسىدىكى قاننى ئەڭ كىچىك ئوغۇل بالىسىنىڭ پېشانىسىگە سۇرۇپ ئىرىم قىلىدۇ، قوينىڭ جىگىرى ۋە بۆرىكى ئاجرىتىلغاندىن كېيىن، بۆ-رەك يېغىنى ئىسسىق هالىتىدە يۇلۇپ ئېلىپ بالىلىرىنىڭ ئاغزىغا سې-لىپ قويىدۇ ھەمدە جىگەرنىڭ بىر قىسمىنى كېسىپ بالىلىرىنى كاۋاپ قىلىپ يېيىشكە بۇيرۇيدۇ، ۋەهاكازالار. دېمەك، مال سويۇش هەممە كى-شىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئادەتتىكى ئىش بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قاسساپلىق مەخسۇس بىر ھۈنەر ـ كەسىپ تۈرى بولۇپ شە-كىللەنگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇيغۇرلاردا «مال سويۇشنى بىلىش ئوغۇل بالىنىڭ بىر شەرتى» دەپ قارالغاچقا، بۇ «هۈنەر» نى ئەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى بىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا كېيىنكى مەزگىللەردە ئايالالارنىڭ مال ئۆلتۈرۈشى پەرهىز قىلىنغان.

# §4 . دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر

ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا، مەركىزىي ئاسىيا مىللەتلىرى ئىچىدە ئولتۇراق شەھەر ـ كەنت ھاياتىنى ئەڭ بۇرۇن باشلىغان مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئولتۇراق تۇرمۇش تەقەززالىقى ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئالدىنقى شەرت قىلدى. ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تارىم بوستانلىقى ۋە مۇنبەت جۇڭغار ۋادىلىرى مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئېلىمىزنىڭ مۇھىم «ئاشلىق ئامبىرى» ئىدى. شىنجاڭنىڭ تۇپراق، سۇ ۋە ئىقلىم شارائىتى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ئۈچۈن تولىمۇ ماس كېلىدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ بۇغداي، ئارپا، قوناق (ئاق قوناق، كۆممىقوناق)، شال، تېرىق، ھەر خىل پۇرچاق، كېۋەز، زىغىر، كۇنجۇت، قىچا، زاراڭزا، كەندىر، ئاپتاپپەرەس، تاماكا قاتارلىق ئاشلىق تۈرلىرى ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى تېرىپ ئۆستۈرۈشكە ئادەتلەنگەن. بۇ جەرياندا زىرائەتلەرنى قانداق تېرىش، قانداق پەرۋىش قىلىش، ئاشلىق زىرائەتلىرىنى ساقلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش، شۇنىڭدەك زىرائەت تۈرلىرىنىڭ ئۆسۈش قانۇنىيىتىگە مۇناسىپ يەر، پەسىل، مۇچەللەرنى بەلگىلەش، سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مول فولكلورلۇق تەجرىبىلەرنى ياراتقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىن ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە داڭلىق ئاگرانوملار ۋە دېھقانچىلىق تېخنىكىسىغا ئائىت مەشھۇر ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، 13 ــ 14 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر يېزا ئىگىلىك ئالىمى لۇمىڭشەن ( 鲁明善 ) نىڭ «تېرىقچىلىق، پىلىچىلىك ئاساسلىرى» (« 农桑衣食提要 ») ناملىق ئەسىرى بۇنىڭ بىر مىسالى. بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ ھاۋارايى، سۇ ئىنشائاتى، چارۋىچىلىق، تېرىقچىلىق،

باغۇەنچىلىك، پىلىچىلىك، ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقى، كۆكتاتچىلىق قاتارلىق يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنـ گەن. لۇمىڭشەنىنىڭ بۇ كىتابى دەۋر نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت دەستۇرلىرى ئىچىدە ھەقىقەتەن قىممەتلىك يا- دىكارلىق بولۇپ، بۈگۈنكى يېزا ئىگىلىك ئەمەلىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن كې- لىدۇ.

ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ دېھقانچىلىقى ئا- ساسەن سۇنئىي سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىگە تايىنىدىغان بولغاچقا، بۇ سا- ھەدە ئەجدادلىرىمىز ئېرىق ـ ئۆستەڭ قېزىش، دەريالارغا تۇغان سېلىش، تاغ سۇلىرى ۋە يەر ئاستى سۇلىرىدىن پايدىلىنىش بويىچە مول تەجرى- بىلەرنى ياراتقان. بولۇپمۇ تۇرپانغا ئوخشاش قۇرغاق رايونلاردىكى خەلقلەر ئەقىل ـ پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇ- شىدا ئاجايىپ كەشپىياتلارنى ياراتقان. كارىز بۇنىڭ ئەڭ جانلىق دەلىلى.

كارىزنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئىشەنچلىك يازما ماتېرىياللار تېخى تېپىلغىنى يوق. يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگى- يىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە ئېلان قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ۋە خەلق ئارىسىدىكى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋام- لىشىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، قەدىمكى دەۋرلەردىلا شەر- قىي شىنجاڭ رايونلىرىدا ئىپتىدائىي كارىزلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى مەلۇم بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆتكەن تارىخشۇناس ۋاڭ گوۋېي ئۆزىنىڭ «غەربىي رايوندىكى كارىزلارنى تەكشۈرۈش » دېگەن دوك- لاتىدا « غەربىي رايوندىكى كارىزلار بۇندىن 2000 يىل بۇرۇنقى خەن دەۋ- رىدىلا بار ئىدى» ① دەيدۇ.

دەرۋەقە، خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ئىدىقۇت باغرى ئاۋاتلاشقان گۈ- زەل يۇرت بولۇپ، ئېقىن سۈيى كەمچىل بولغان بۇ «ئوت يۇرتى» دا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز ئەقىل ـ پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، يەر ئاستى

---

① « شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى » ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل 2 ـ سان، 8 ـ بەتتىكى نەقىلدىن ئېلىندى.

سۈيىنى لەخمە ئارقىلىق يەر ئۈستىگە باشلايدىغان قۇرۇلۇش ـــ كارىزنى ئىجاد قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى ھەل قىلغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كارىزغا تايىنىپ ئىگىلىك يارىتىدىغان تۇرپان ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىرىدە كارىزلارنىڭ سانى ۋە سۇغىرىش مىقدارى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، كارىزلارنىڭ سانى ۋە سۇ مىقدارى تەدرىجىي تۆۋەنلەشكە يۈزلەنگەن. ئالايلۇق، سېلىشتۇرما مەلۇمات: 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، تۇرپان ۋىلايىتى تەۋەسىدە سۇيى بار كارىزدىن 1084 ى بولۇپ، يىللىق سىغىم مىقدارى 487 مىليون كۇب مېتىر ئىكەن. 1957 ـ يىلىغا كەلگەندە سۇيى بار كارىزنىڭ سانى 1237 گە، يىللىق سىغىم مىقدارى 563 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. 1990 ـ يىلى سۇيى بار كارىزنىڭ سانى 725 كە، يىللىق سىغىم مىقدارى 297 مىليون كۇب مېتىرغا، 2000 ـ يىلى سۇيى بار كارىز جەمئىي 446 بولۇپ، يىللىق سىغىم مىقدارى 149 مىليون كۇب مېتىرغا چۈشۈپ قالغان. قۇمۇل ۋىلايىتىدە بولسا 1949 ـ يىلى سۇيى بار كارىزدىن 455 ى بولۇپ، يىللىق سىغىم مىقدارى 200 مىليون كۇب مېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 41 مىڭ 600 مو بولغان، 1984 ـ يىلى 301 كارىز قالغان بولۇپ، يىللىق سىغىم مىقدارى 110 مىليون كۇب مېتىر بولغان. 2002 ـ يىلى سۇيى بار كارىزدىن ئاران 161 ى قالغان بولۇپ، يىللىق سىغىم مىقدارى 50 مىليون كۇب مېتىرغا چۈشۈپ قالغان. دېمەك، بۇ سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، تۇرپان ۋىلايىتىدە 1957 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغىچە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14 كارىز يوقىلىپ كەتكەن. قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكىدىن ھازىرغىچە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 ـ 6 كارىز يوقىلىپ ماڭغان. 2 ـ 3 يىلدىن بۇيان كارىزلارنىڭ يوقىلىش سۈرئىتى تېخىمۇ تېزلىشىپ، سىغىم مىقدارى كۆرۈنەرلىك ئازايماقتا.

ئىككى تىپىك مىسال: (1) بۇ يىل (2000 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا « ياشلار

تېز گېزىتى» دە، «دالان كارىزدا ئەڭ ئاخىرقى بىر كارىزمۇ قۇرۇپ كەت-تى»، « كارىزدىكى كونا مەسىلە، ساقلاپ قېلىش ياكى تاشلىۋېتىش» دې-گەن تېمىدا ئىككى پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە تارىختا ئەڭ كۆپ بولغاندا 88 كارىزى بولغان دالان كارىز (پىچان ناھىيىسىگە تەۋە دالان كارىز يېزىسى) دا هازىر كارىزلارنىڭ پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. بۇ كەسكىن بىر رېئاللىق.

(2) كارىز تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ تىجارەت سۇبستانسىيىسى بولغان كارىز سەيلىگاھى 2000 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يەنە بىر قېتىملىق ئاپەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. خىيانەتچى لىيۇگاۋ ۋە ۋۇخۇڭۋېي دۆلەتنىڭ خام نېفىتىنى ئوغرىلىغان چاغدا خام نېفىتنى كارىزغا تۆكۈ-ۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر كارىزدا غەيرىي پۇراق پەيدا بولغان. سەيلى-گاھنىڭ ۋاقىتلىق خىزمەتچىسى تۇردى روزى كارىزغا چۈشۈپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرگەن چاغدا خام نېفىتنىڭ گازىدىن زەھەرلىنىپ نەق مەيداندا ئۆلگەن. يەنە ئىككى ئادەممۇ زەھەرلىنىپ ئېغىر يارىلانغان. شۇ-نىڭ بىلەن سەيلە ـ ساياھەتنىڭ تازا قىزىغان مەزگىلىدە كارىز سەيلىگا-ھى 20 كۈن تاقىلىپ قالغان. مۇشۇ ۋەجىدىن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليون 55 مىڭ 251 يۈەنگە يەتكەن.

كارىزنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان مۇنداق پاجىئەلەر ھەقىقەتەن بىزنى چوڭقۇر ئويلىنىشقا تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى، « كارىز ئەجدادلاردىن قالغان ئىز »، كارىزغا كەلگەن ئاپەت، مەدەنىيىتىمىز ئۇچۇن ئېغىر تالاپەت.

* * *

كارىز تۇرپان ، قۇمۇل رايونلىرىغا ئوخشاش ئېقىن ـ دەريا سۇلىرى كەمچىل بولغان تىپىك قۇرغاق كىلىمات شارائىتىدىكى رايونلاردا ياشاي-دىغان خەلقلەرنىڭ قۇم ـ چۆللۈكلەرنى گۈزەل بوستانلىققا ئايلاندۇرۇشتا ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي قۇدرىتىگە تايىنىپ بەرپا قىلغان مۆ-جىزىلىك يەر ئاستى ئېقىن قۇرۇلۇشىدۇر. كارىز ئاساسەن شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم قۇرغاق رايونلىرىدا، بولۇپمۇ تۇرپان ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىدە كەڭ ئومۇملاشقان. ئەسىرلەردىن بۇيان تەڭرىتېغىنىڭ ئېتىكىدىكى تۇرپان

ئويمانلىقىدا ياشاپ كەلگەن ئەمگەكچان خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجى ئۈچۈن قۇرغاقچىلىققا ۋە چۆللىشىشكە قارشى ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىش جەريانىدا، بۇ رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ۋە گىدروگېئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، يەر ئاستى سۇلىرىنى ئېچىشتىكى غايەت زور ئىجادىيەت ــ كارىزنى بەرپا قىلىپ، تۇرپان ئوي-مانلىقىنى دۇنياغا مەشھۇر « ئۈزۈم ماكانى» غا، يېشىل بوستانلىققا ئاي-لاندۇرغان. مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ تۇرغان تۇرپاننىڭ كىشمىش ئۈزۈمى بىلەن شېرىن ـ شېكەر قۇمۇل قوغۇنى ئەنە شۇ كارىزنىڭ سۈپسۈزۈك سۈيىدىن ئوزۇقلىنىپ ۋايىغا يەتكەن. كارىز ھەقىقەتەن مۇشۇ خاسىيەتلىك زېمىننىڭ تومۇرىدا ئاققان ھاياتلىق قېنى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىيەت دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندىن باشلاپ سۇنى مۇقەددەس بىلىپ «سۇ ئىلاھى» غا چوقۇنغان. سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىپ ئۆزلىرىگە ۋە ئەۋلادلىرىغا بەخت يا-رىتىش يولىدا ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلغان. ئۆزلىرىنىڭ ئىپتىدائىي ئاغ-زاكى ئەدەبىياتىدا تاغلارنى يېرىپ ئەل ـ يۇرتقا سۇ باشلىغان پەرھاد كەبى ئوغلانلىرىنى مەدھىيىلەپ، ئۇلارنىڭ شەنىگە ئۆلمەس ئابىدە تىكلىگەن. يارامىلىق ئوغلانلىرىغا «كۆلتېكىن» ئۇنۋانىنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ نامىنى «مەڭگۈ تاش» لارغا ئالتۇن ھەل بىلەن پۈتكەن. كارىزدىن ئىبارەت بۇ مۆ-جىزىدار يەر ئاستى سۇ قۇرۇلۇشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرغان ئەنە شۇنداق خاسىيەتلىك مەدەنىيەت يادنامىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىز ھازىرغىچە كارىزنى تىلغا ئالغاندا نەزەرىمىزنى ئۇنىڭ گىدرو-گېئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاغدۇرۇپ، بىر خىل نوقۇل سۇ قۇرۇ-لۇشى دەپلا قارىدۇق، ئۇنىڭ خۇددى « ئەلئېھرام مۇنارىسى » غا ئوخشاش مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان مەدەنىيەت پىرامىداسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلالمىدۇق. نەتىجىدە مەدەنىيەت قىممىتى جەھەتتە دۇنيادا ئاز ئۇچرايدى-غان بۇ ماددىي مەدەنىيەت مىراسىمىز بۈگۈنكى زامانىۋىلاشقان سۇ قۇرۇ-لۇشى سىستېمىلىرىنىڭ رىقابىتىگە دۇچ كەلمەكتە. بۇ كەسكىن رېئاللىق ئالدىدا بىز زادى نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ پەقەت ئىككىلا يول بار: بىرى، قوغداش، يەنى كارىزغا مەڭگۈ ھاياتلىق بېغىشلاپ، سېخىي

تەبىئەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ قېلىش. يەنە بىرى، يوقىتىش، يەنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئەسىرلەردىن بۇيان تەشنالىقىمىزنى قاندۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ ھاياتلىق مەنبەسىنى خۇددى كروراندەك قۇم- تۇپراق ئاستىغا غەرق قىلىۋېتىپ، ئۆلگەن مەدەنىيەت تىپىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش.

تارىختا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى دۇچ كەلگەن ئاچچىق قىسمەتلەرنىڭ ئېغىر تىنىقلىرى بىزنىڭ پەقەت بىرىنچى يولنى تاللىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. بىزلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيامۇ مۇشۇ يولدا مېڭىشنى راۋا كۆرىدۇ. نېمە ئۈچۈن ؟

چۈنكى، كارىز قوش قىممەت (ھەم سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ھەم مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى) ياراتقان بۈيۈك ئابىدە، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قىممەت جەھەتتىن دۇنيا جامائەتچىلىكى ئېتىراپ قىلغان ئېلىمىزنىڭ ئۈچ بۈيۈك كەشپىياتى (سەددىچىن سېپىلى، بېيجىڭ بىلەن خاڭجۇنى تۇتاشتۇرغان يۈنخې چوڭ قانىلى، كارىز) ئىچىدىكى خىسلەتلىك ئابىھايات بۇلىقى. ھەقىقەتەن قەيسەر روھقا ئىگە ئەمگەكچان جۇڭخۇا پەرزەنتلىرى ئۆزلىرىنىڭ قان ۋە تەرى بىلەن يەر ئۈستىدىن كۆككە سوزۇلغان ھەيۋەتلىك سەددىچىن سېپىلىنى تىكلەپ، بۈيۈك ۋەتەنىنىڭ سىمۋولى قىلغان بولسا، قۇرغاق تەبىئەتلىك شىنجاڭلىقلار كارىزدىن ئىبارەت ئىككىنچى سەددىچىن سېپىلىنى يەر ئاستىغا تىكلەپ، قۇرغاقچىلىققا جەڭ ئېلان قىلغان. پەقەت شەرقىي شىنجاڭدىكى بۇ يەر ئاستى ئۈزۈلمەس ئېقىنىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 5500 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، بۈيۈك سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىدىن 2000 كىلومېتىر، يۈنخې چوڭ قانىلىدىن 3800 كىلومېتىردەك ئۇزۇن. ئەنە شۇنداق زور مۆجىزە بولغان بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنىڭ زادى قاچان بەرپا قىلىنغانلىقىنى ئېنىق يىلنامە بىلەن بەلگىلەش ھازىرچە مۇمكىن بولمىسىمۇ، پەقەت تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە گىدروگېئولوگىيىلىك ئەۋزەللىكىگە ماس ھالدا تۇرپان ۋادىسىدا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئېگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى كارىزنىڭ پەيدا بولۇش ئاساسى ئىكەنلىكى

ئەقىلگە مۇۋاپىق مۆلچەر ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى شىنجاڭ كارىزلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەردە، «كارىز ئەڭ بۇرۇن ئىراندا پەيدا بولۇپ، ئىران ئارقىلىق شىنجاڭغا تارقالغان»، «كارىز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەن» ياكى «تۇرپانلىقلارغا كارىز قېزىشنى لىن زېشۇ ئۈگەتكەن» دېگەنگە ئوخشاش ئەخمىقانە قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىققانىدى. دەرۋەقە، تارىختا ئىران، ئىراق، ئافغانىستان، پاكىستان، پەرغانە ئويمانلىقى، ئوتتۇرا شەرق، شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق قۇرغاق رايونلاردىمۇ كارىز بولغان. كارىز ئىران تىلىدا « Qanat»، ئىراق تىلىدا «Madazcha» دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ نام ئەزەلدىن «كارىز» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. «كارىز» ئەسلىدە پارس تىلىدىكى «كار» (ئىش) ۋە «رىز» (سۇ، ئېرىق قۇرۇلۇشىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە) دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، «سۇ، ئېرىق ئەمگىكى» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا قاچان ئۆزلەشكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. خەنزۇ تىلىدا بۇ نامنىڭ ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولۇشى چۇنچيۇ ـ جەنگو (ئەمىنىيە ۋە يېغىلىق دەۋرى) دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە «كارىز» دېگەن بۇ نام جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە « 坎井 » (ئاھاڭ تەلەپپۇزى)، جەنگو (يېغىلىق دەۋرى) دەۋرىدىن تاكى خەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە « 井梁 » (يەر ئاستى ئېرىقى، مەنەن تەرجىمىسى)، تاڭ سۇلالىسىدىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرلىرىگىچە « 卡井 » (ئاھاڭ تەلەپپۇزى)، چىڭ سۇلالىسىدىن باشلاپ« 坎儿井 » (ئاھاڭ تەلەپپۇزى) دەپ يېزىلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى « كارىز» دېگەن نامنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى خەنزۇچە ئاھاڭ تەلەپپۇزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا شىنجاڭدىن بۇرۇن كارىز مەۋجۇت بولىدىغان بولسا ، ئۇ خەنزۇچىدا مۇقىم نام بىلەن ئاتىلىپ، يۇقىرىقىدەك ئوخشىمىغان ئاھاڭدا تەلەپپۇز قىلىنمىغان بولاتتى. بىزنىڭچە بۇنداق قاراشلارنى مۇھاكىمە تېمىسى قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. چۈنكى كارىز ئۆز ماھىيىتى بىلەن ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكەپ ئېلىپ مېڭىشقا بولىدىغان بىر خىل مەدەنىيەت بۇيۇمى ئەمەس، بەلكى تۇرپانغا

ئوخشاش يەر ئاستى سۈيى ئەلۋەك، تىپىك تاغ ئارىسى ئويمانلىقى بولۇش-
تەك ئەۋزەل گىدروگېئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە رايونلارغىلا باب
كېلىدىغان يەر ئاستى سۇ قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت. ئاشۇنداق ئەۋزەل جۇغ-
راپىيىلىك شارائىت بولمىسا، قۇرغاق رايونلارنىڭ ھەممىسىدە كارىز
ئارقىلىق سۇ چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ ھاياتلىق-
نىڭ قېنى ۋە جېنى بولغاچقا، ئىنسانلارنىڭ قايسى ئىقلىم، قايسى ماكاندا
ئولتۇراقلىشىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ھامان ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق
ئېھتىياجى يولىدا ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىدۇ. كارىز قەدىمكى ئىدىقۇتلۇقلار-
نىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ماس ھالدا ئېلىپ بارغان ھاياتلىق ئىزدىنىشى-
نىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ ئىمپورت قىلىنغان مەدەنىيەت كەشپىياتى ئە-
مەس. بەلكى ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرغان «دەرىجىدىن
تاشقىرى ئىلىم - پېنى» ۋە ئىدىقۇت سەنئەت پىرامىداسى، يىپەك يولى
مەدەنىيىتىنى جۇلالاندۇرغان ئۇزۇلمەس ئېقىنى، ئانا تەبىئەتكە ئوتلۇق
مۇھەببەت ئويغىتىدىغان، پەرھاد كەبى تاغ يارار باتۇرلارنىڭ ئىرادىسىنى
تاۋلايدىغان جاسارەت ئوچىقى ۋە تارىم مەدەنىيىتىنىڭ شەرقىي كۆزى،
مېۋە - چېۋە ۋە ئۈزۈم تالالىق پاختا ماكانى بولغان تۇرپان بوستانلىقىنىڭ
سۈت ئانىسى. ئەنە شۇنداق سۈپەتلەشكە لايىق بولغان كارىز مەدەنىيىتى
تۇرپان ئويمانلىقىغا داۋاملىق خىرىس قىلىپ تۇرغان قۇم - بورانىنىڭ
ئالدىنى ئېلىپ، قۇرغاق رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى قوغ-
داپ كەلگەن ئاۋانگارت جەڭچى سۈپىتىدە ئېلىمىز ساياھەتچىلىكىنىڭ
مەپتۇنكار ۋە جەلپكار سەيلىگاھى بولۇپ قالغان. ئۇ دۇنياغا مەشھۇر ئى-
دىقۇت مەدەنىيىتىنىڭ مادىي ئاساسى سۈپىتىدە مەملىكەت ئىچى -
سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ قەلبىدە
كۈچلۈك ھاياجان قوزغاپ، چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان. جۇڭگو يېقىنقى
زامان تارىخىدىكى جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەشنىڭ بايرىقىنى ئېگىز
كۆتۈرگەن تۇنجى شەخس، پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككەن جۇڭخۇا مىللەتلىرى
ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى، دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان
«ئەپيۇن ئۇرۇشى» نىڭ سەركەردىسى لىن زېشۇ ( 1785 — 1850) چىڭ

سۇلالىسىنىڭ تەسلىمچى خانى داۋگۇاڭ خان تەرىپىدىن 1842 ـ يىلى شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن، 1845 ـ يىلى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى 10 شەھەرنى ئارىلاپ، بۇ رايونلارنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. لىن زېشۈ تۇرپان كارىزلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن مۇنداق يازغان:

“卡井应酌开也，查吐鲁番境内地亩，多系掘井取水以资浇灌，名日卡井．每隔文余掏挖 一口，连环导引，水由井内通流．利堪薄，其法颇奇，询为关内外所仅见．”（林则徐书于经久章程）

(«تۇرپان دىيارىنى كەزدىم. تالاي زېمىنلىرى قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىلغىنىغا قارىغاندا، كارىز بۇ جايغا ئۇدۇم ئىكەن. غۇلاچتا بىر قۇدۇق، خۇددى تۇتاشتۇرۇلغان ھالقىدەك سۇلىرى قۇدۇقتىن قۇدۇققا ئېقىپ چىقىدىكەن. بۇنى كارىز دەپ ئاتايدىكەن. كارىزنىڭ ئەۋزەللىكى كۆپ ئىكەن، ئۈنىمدىكى ھۈنەرمۇ كارامەت ئىكەن. ئىچكىرىدە ۋە باشقا يەرلەردە بۇنى كۆرۈپ باقمىغان، مۇشۇ يەردىلا كۆردۈم»).

دېمەك، لىن زېشۈنىڭ بۇ خاتىرىسى «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ كىتاب 6 ـ بەت) دىكى «تۇرپان كارىزلىرىنى بىراۋلار ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن دەيدۇ، بىراۋلار ئىراندىن تارقىلىپ كەلگەن دەيدۇ، بۇ گەپلەرنىڭ ئانچە ئاساسى يوق. بۇ ھەقتىكى ئىزاھ مۇنداق بولسا ئەقىلگە مۇۋاپىق: ‹كارىزنى مۇشۇ يەردە ياشىغۇچى ئەمگەكچى خەلق مۇشۇ يەرنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىغا ئاساسەن پەيدىنپەي ئىجاد قىلغان، لېكىن بۇنىڭدا ئۇلار باشقا جايلارنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ پايدىلىق تەجرىبىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن›» دېگەن يەكۈنگە تارىخىي ئاساس بولالايدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى كارىزدىن ئىبارەت بۇ قوش قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت مىراسىنى قوغداش ۋە ئىقتىسادىي سەپتىكى ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەن دۆلەت

رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك تۇرپان كارىزلىرىنى كۆزدىن كەچۇ-رۇپ ، مۇھىم يولىيورۇقلارنى بەردى.

دۆلەت رەھبەرلىرىدىن دىڭ شياۋپىڭ، ۋاڭ جېن، جياڭ زېمىن، جۇ-رۇڭجى، لى رۇيخۇەن، لى لەنچىڭ، ۋەن لى، چيەن چىچېن، سەيپىدىن ئە-زىزى، ئىسمائىل ئەھمەد، تۆمۈر داۋامەت، ۋاڭ جاۋگو ... قاتارلىقلار كارىزنى زىيارەت قىلىپ، مۇھىم بېغىشلىمىلارنى يازدى. باش شۇجى جياڭ زېمىن 1998 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇ-جىسى ۋاڭ لېچۇەننىڭ ھەمراھلىقىدا تۇرپان كارىز سەيلىگاھىنى زىيا-رەت قىلغاندا، ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن:«بۇ ئەجدادلارنىڭ بىزگە قال-دۇرغان قىممەتلىك بايلىقى، ئۇنى ئېچىپ پايدىلىنىشىمىز، ئۇنى تېخىمۇ ياخشى قوغدىشىمىز، ئاسرىشىمىز كېرەك» دەپ يولىيورۇق بەرگەن. ھازىر تۇرپاندا ئاپتونوم رايونلۇق كارىز تەتقىقات جەمئىيىتى قارمىقىدىكى «كا-رىز سەيلىگاھى» ۋە دېلوڭ شىركىتى قۇرغان «كارىز مەنزىرە رايونى» دىن ئىبارەت ئىككى سەيلىگاھ بولۇپ، ھەر كۈنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتى-دىن كەلگەن 500 دىن ئارتۇق ئېكسكۇرسىيىچىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ. قىس-قىسى، بۈگۈنكى كۈندە كارىز غەربىي رايوننى ئېچىش، شىنجاڭنىڭ سا-ياھەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇھىم كۆزنەككە ئايلاندى ۋە مەدە-نىيەت تەتقىقاتىنىڭ قىزىق نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

كارىز—قۇرۇلمىسى ئاددىي، سۇ مىقدارى مۇقىم، سۇ تەركىبى ياخ-شى، قىش ـ ياز توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان، پارغا ئايلىنىشى ئاز، باش-قۇرۇش ئاسان ، قېزىش ۋە رېمونت قىلىش سەرپىياتى تۆۋەن، قۇم ـ بوران ئاسان كۆمۈۋېتەلمەيدىغان، كۆكەرتىشكە قۇلاي شارائىت يارىتىپ بېرىدى-غان، قىشتا سوغۇقتىن، يازدا ئىسسىقتىن مۇداپىئە قىلىدىغان، تۇپراق-نىڭ شورلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان كۆپ قاتلاملىق ئەۋزەل-لىككە ئىگە ئالاھىدە بىر خىل سۇ ئىنشائاتى، ئۇ زېمىننىڭ سۈت ئانىسى بولۇپلا قالماستىن، ئىنسانلارنىڭمۇ ھاياتلىق بۇلىقى. شۇڭا ئىدىقۇتلۇقلار تارىختىن بۇيان كارىزنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ كەلگەن، ئۇنىڭ مى-نېرال ماددىلارغا تويۇنغان شىپالىق سۈيىدىن ئوزۇقلىنىپ، ساغلام بەدەن

بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن (دەسلەپكى تەجرىبە نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، تۇرپان كارىزلىرىنىڭ سۇ تەركىبىدە ئىنسان ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرگۈچى شىپالىق مىنېرال ماددىلارنىڭ نىسبىتى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. باشقا رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا، تۇرپاندا بىر قىسىم يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، جۇملىدىن راك قاتارلىق ئەجەللىك كېسەللىكلەر نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، تۇرپانلىقلارنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسىنىڭ قاۋۇل ۋە كۈچلۈك بولۇشى، كەسكىن تەبىئەتلىك ۋە روھلۇق بولۇشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر ئەنە شۇ كارىز سۈيىنىڭ خاسىيىتىدىن دەپ ئېيتىش مۇمكىن) . خەلق ئارىسىدا

*كارىزدىكى تەشمىلەردە،*
*ئابىزەمزەم ئاقىدۇ.*
*ئىچىپ باقسام خويمۇ تاتلىق،*
*يۈرەككە بەك ياقىدۇ.*
*ئۈچ يۈز ئاتمىش قۇدۇق سۈيى،*
*بىر بولۇپ ئاقتى.*
*كارىز سۈيى جانغا راھەت،*
*كۆڭۈلگە ياقتى.*

قاتارلىق مەدھىيە قوشاقلىرى بارلىققا كەلگەن.

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۇ شانلىق مەدەنىيەت مىراسى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان بازار رىقابىتىنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلمەكتە. كارىز دۇچ كېلىۋاتقان تەھدىتنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىچكى ئامىل بىزنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەقلىي قۇدرىتى بىلەن ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى ياراتقان ئۇلۇغ كەشپىياتچى، شۇنداقلا ۋەھشىيلىككە تولغان قارام تەبىئىتى بىلەن ئانا تەبىئەتنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ئەجدادلىرى ياراتقان ھەيۋەتلىك مەدەنىيەت ئابىدىلىرىنى

ۋەيران قىلىپ كەلگەن بوزغۇنچى، بوگۇنىنىڭ بىردەملىك شادلىقىغا مەستخوش بولۇپ، ئەتىگە بىپەرۋا قارايدىغان تەپەككۇرى گاداي شەخسىيەتچى. مەدەنىيەت پسىخىكىمىزدىكى ئاشۇنداق كەمتۇكلۇك تۇپەيلى، ئەجدادلىرىمىز ئۆز قولى بىلەن بىنا قىلغان مەدەنىيەت ئابىدىلىرىمىزنىڭ خېلى بىر قىسمى ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى، يەنە بىر قىسىملىرىنىڭ قىياسەن ياسىغان مودېللىرىنى پەقەت مۇزېيلاردىلا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇۋاتىمىز. ناۋادا تارىختا كۆپ تەكرارلانغان بۇنداق ئاچچىق ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئالمىساق، ئۇزۇنغا بارمايلا هاياتىي كۈچكە ئىگە كارىز مەدەنىيىتىمىزمۇ ئۆلگەن مەدەنىيەت قاتارىدا مۇزېيدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۆلۈم ئېگى كارىز مەدەنىيىتىگە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ، تۇغۇم ئېگى كارىزغا شادلىق بېغىشلايدۇ. قىسقىسى، كارىزنىڭ «يېشى» قۇرۇسا، دۇنيا مەدەنىيىتى ياش تۆكىدۇ.

تەكشۈرۈشىمىزچە، تۇرپان كارىزلىرىنىڭ سۈيى ئازلاپ قۇرۇپ كېتىشكە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق بىر قانچە تۈرلۈك ئىكەن :

(1) 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ، تۇرپان كارىزلىرىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى چۆللۈكلەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، كۆپلەپ يەر ئېچىلدى. يېڭى مەھەللىلەر، تۈەن ـ مەيدانلار قۇرۇلدى. يېڭى ئېچىلغان بۇ بىنەم يەرلەر ۋە ئۇ يەرگە ماكانلاشقان يېڭى ئاھالىلەرنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن كۆپلىگەن ماشىنىلاشقان قۇدۇقلار كولاندى، سۇ سىغىمەس سېمونت ئېرىقلار ياسالدى. بۇ قۇدۇقلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئادەتتىكى كارىز قۇدۇقلىرىدىن نەچچە ھەسسە چوڭقۇر كولانغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ماشىنىلاشقان بۇ قۇدۇقلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى پىلانسىز، نامۇۋاپىق بولغاچقا، يەر ئاستى سۈيى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەپ، كارىز سۈيىنىڭ سىغىم مىقدارى بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى، ھەتتا بۇنداق تەڭپۇڭسىز ھالەت نۇرغۇن كارىزلارنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ نەچچە مىڭ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى نېفىت قۇدۇقلىرى كۆپلىگەن يەر ئاستى سۈيىگە ئېھتىياجلىق بولغاچقا، بۇ زامانىۋى سانا-

ئەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئەڭ چوڭقۇر قۇدۇقى 100 مېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان بۇ كارىزلارنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. قىسقىسى، بۇگۈنـ كى كۈندە يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىشتا يەرلىك كارىز بىلەن ماشىـ نىلاشقان زامانىۋى قۇدۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈنسايىن ئۆتكۈرلەشمەكتە.

(2) مەۋجۇت كارىزلارنى قوغداش، رېمونت قىلىش، ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرى يولغا قويۇلمىدى. ئىسلاھات تەلىپىگە ماس ھالدا كارىزلارنى كۆلەملەشتۈرۈش ۋە سىستېـ مىلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلمىدى.

(3) كارىز ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە تەشۋىق ـ تەربىيە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلمىدى، بولۇپمۇ كارىزنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە تارىخىي قىممىتى بىزنىڭ نەزەرىمىزدىن چەتتە قالدى. كارىزنى قوغداپ قېلىش تېخى ئوـ مۇمىي خەلقنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلانمىغاچقا، ئۇ دائىملىق قانۇنىي مەبلەغ مەنبەسىگە ئىگە بولالمىدى ياكى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىـ رىنى قوغداش قانۇن ـ نىزاملىرىدىن بەھرىمەن بولالمىدى.

يۇقىرىقىدەك ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللار تۈرپان كارىزلىـ رىنىڭ ھاياتىنى بوغۇۋاتقان ئاساسلىق سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن.

كارىز مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە داۋاملاشتۇرۇش باش شۇجى جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئىچىدىكى «جۇڭگونىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىش» نىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرىدىن بىرى، غەربىي رايوننى ئېچىش ۋە گۈللەندۈـ رۈشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. شۇڭا بىر تەرەپتىن، ئېسىل مەدەنىيەت مىـ راسلىرىنى قوغداش ئېڭىمىزنى كۈچەيتىپ، كارىز مەدەنىيىتىنى قوغداش قانۇن ـ نىزاملىرىنى تۈزۈپ، ئۇنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، سۇ قۇرۇلۇشى مۇتەخەسسىسلىرى ۋە سوتسىـ ئولوگىيە، ئېتنوگرافىيە، تىلشۇناسلىق، توپونومىيە قاتارلىق ساھەلەرـ دىكى مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان كارىز مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى قۇرۇپ، بۇ ئۇلۇغ كەشپىياتنى ئەلئېھرام مۇنارىدەك ئۆلمەس مەدەـ

نىيەت قورغىنى قىلىپ تىكلىشىمىز لازىم.

شىنجاڭدەك ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ناھايىتى ئاز تىپىك قۇرغاق رايوندا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تۈپ ئاساسى ئىدى. شۇڭلاشقا قەدىمدىن باشلاپ تارىم ئويمانلىقى ۋە تۇرپان ئويمانلىقى قاتارلىق ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق رايونلىرىدا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارى ساڭ خوڭياڭ پادىشاھ خەن ۋۇدى (ليۇچى) غا مۇنداق ئىككى نۇقتىلىق تەكلىپ بەرگەن: بىرى، بۈگۈر رايونىدا «ئېرىق ـ ئۆس- تەڭلەرنى راۋانلاشتۇرۇپ، ھەربىي قىسىم ئارقىلىق تېرىقچىلىق قىلىش؛ يەنە بىرى، مەلۇم ئاساس يارىتىلغاندىن كېيىن، ئاھالە كۆچۈرۈپ ئەكە- لىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، سۇغىرىش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش .» ①

دېمەك، خەن سۇلالىسىدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇ- لۇشىغا ئائىت يازما خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ئىزلار ناھايىتى كۆپ. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بارلىققا كەلگەن « ۋاڭ خۇلۇ قوشىقى»، « ئۆستەڭ ناخشىسى»،« ئەردەۋىل رىۋايىتى» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىمۇ شىنجاڭدا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر نۇقتا شىنجاڭدا سۇ تۈگمەنلىرىنىڭ بىر قەدەر بۇرۇن بارلىققا كەلگەنلىكى ھېسابلىنىدۇ.

مىلادىيىدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، يۇرتىمىزنىڭ تۈگمەن- چىلىك ئىشلىرى يارغۇنچاق ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، سۇ تۈگ- مەنلىرى بارلىققا كەلگەن ۋە تەدرىجىي ئومۇملاشقان. كېرىيە ناھىيە با- زىرىنىڭ تەخمىنەن 230 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى كېرىيە شەھىرى (مى- لادىيە 4 ـــ 6 ـ ئەسىرلەردە خارابىلىككە ئايلانغان) دىن تۆت پاي تۈگمەن

① خۇاڭ ۋېنبى :« تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى: رەسىملىك بەت 33»، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1982 ـ يىل، ئۆي- غۇرچە 7 ـ سان ، 18 ـ بەت.

تېشى تېپىلغان (بۇ تۇگمەن تاشلىرىنىڭ بەزىلىرى سۇنۇپ كەتكەن)، بۇلار ئاقۇچ يېيىسى تاشلارنى يونۇش، چېكىش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان. تۇرپان ئاستانە ۋە قاراغوجىدىكى 4—9 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قەبرىلەردىن بۇغ-داي، بۇغداي ئۇنىدىن تەييارلانغان نان، چۆچۈرە قاتارلىق پىشىشىق يېمەكلىكلەر، بۇغداي كېپىكى قاتارلىقلار تېپىلغان.

شىنجاڭنىڭ تۇگمەنچىلىكىگە ئائىت مەلۇماتلار يازما يادىكارلىق-لاردىنمۇ كۆپلەپ تېپىلىدۇ. مىلادىيە 981 ـ يىلدىن 984 ـ يىلغىچە سۇڭ سۇلالىسىدىن قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن سەيياھ ۋاڭ يەندى «تۇرپانغا ساياھەت» ناملىق خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: « پايتەخت قوچۇ قار ـ يامغۇرى ئاز، ھاۋاسى ئىسسىق بىر جاي، ئۆي ـ ئىمارەتلىرى ئاپئاق ھاك بىلەن ئاقارتىلغان. تەڭرىتاغلىرىدىن ئېرىپ چۈشكەن قار سۇلىرىدىن، سۇ ئامبارلىرىدىن پايدىلىنىپ زىرائەت تېرىيدۇ، سۇدا تۇگمەن چۆرۈيدۇ...». ① مەشھۇر تىلشۇناس ۋە ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ«تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسىرىدە « ئۇگىتچى» (ئۇن تارتقۇچى، تۇگمەنچى)، «ئىتەگۇ» (تۇگمەندە ئۇستىگە ئايلانغۇچى تاش ئورنىتىلىدىغان ياغاچ قۇلاق)، «قوغۇش» (قوش، نور)، «تەگىرمەن قوغۇ-شى» (تۇگمەن نورى) ،«سىبەك» (سۆۋەك، تۇگمەننىڭ كىنى، تۇگمەن تې-شىنى چۆرگىلىتىدىغان تۆمۈر)، «سۇكەن»، «چىغرى» (تۇگمەن چاقى)، «تۇشۇرگۇ» (چۈشۈرگە)، «يارماش ئۇن» (يۇمشاق تارتىلغان ئۇن، ئاق ئۇن)، «تەگىرمەن تشەدى» «تۇگمەن تېشىنى چەكتى» ② دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۇگمەن» (تەگىرمەن) دېگەن سۆزگە ئىزاھات بەر-مىگىنىگە قارىغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدە تارىم ۋادىسىدا تۇگمەننىڭ ئو-مۇملىشىپ كەتكەنلىكى مەلۇم. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن تازا گۈللەنگەن، سۇ ئىنشائاتى، بىناكارلىق، سودا ئىشلىرى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۈكسەلگەن. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان زامانىدا

---

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قوچۇ — ۋاڭ يەندى سەپەر خاتىرىسى».

② مەھمۇد قەشقەرى:«تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 72 ـ ، 184 ـ 478 ـ ، 505 ـ ، 549 ـ ، 637 ـ بەتلەر ۋە 3 ـ توم 54 ـ ، 364 ـ بەتلەر.

(تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى مىلادىيە 1533 ـ يىلدىن 1559 ـ يىلغىچە) خاتىلىق تەۋەسىدىكى 3684 كەنت، مەھەللىدە قۇرۇلغان سۇ تۇگمەنلىرىنىڭ سانى 992گە ① يەتكەنلىكى بۇ دەۋردە شىنجاڭدا تۇگمەنچىلىكنىڭ خېلى راۋاجلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ «تۇگمەن » نامى بىلەن ئاتىلىدىغانلىرى ئاز ئەمەس. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدا « تۇگمەن بېشى»، «كونا تۇگمەن»، «تۇگمەن مەھەللە»، «تۇگمەن ئېرىق»، «قوش تۇگمەن»، «ساي تۇگمەن»، «يار تۇگمەن»، «بەش تۇگمەن»، «تۇگمەن بويى»، «جاڭگال تۇگمەن» ... قاتارلىق تۇگمەنگە ئالاقىدار نامى بار يېزا ـ كەنتتىن 50 ى بار ئىكەن. بۇ ناملارنىڭ كېلىپ چىقىشى شۇ جايلاردا تۇگمەننىڭ ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭدىن سىرت، تۇگمەننىڭ تۇرى، تۇگمەن سۇيىنىڭ شارقىرىشى، تۇگمەن كۆتۈرمىسىگە باغلىنىشلىق بولغان «نور بېشى»، «شاقۇر» (شاھكور—تۇگمەننىڭ سۇيى چۈشىدىغان شارقىراتما) دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتالغان يەر ـ جايلارمۇ بار.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، شىنجاڭدا تۇگمەن چۈرىگۈدەك سۇ شارائىتى بارلىكى جايدا تۇگمەن چۆرۈلگەن. بۇ دەۋردىكى تۇگمەن سانى ھەققىدە قولىمىزدا ئېنىق ماتېرىيال يوق. شۇنداقتىمۇ تۆۋەندىكى ماتېرىياللار يۇقىرىقى پىكرىمىزگە ئاساس بولالايدۇ: 1949 ـ يىلدىن ئىلگىرى گۇما ناھىيىسىدە 322 تۇگمەن، 87 جۇۋازخانا بولغان. قاراقاش ناھىيىسىنىڭ شاخىلا كەنتىدىكى مەمتىلىخان غوجىنىڭ ئالتە تۇگمىنى ۋە ئىككى جۇۋازخانىسى بولۇپ، دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىلگەن؛ ② غۇلجا شەھىرىدىكى لەڭزە بېشى (ھازىرقى خەنزۇ بازىرىنىڭ ئۈستى) دە ئىلگىرى ئىككى ئۆستەڭ سۇ چىقىدىغان بۇلاقلار بار بولۇپ، مۇشۇ سۇنى بويلىتىپ ئايدۆڭدىن ئىلى دەرياسى بويىغىچە بولغان

---

① «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېركلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىل 1 ـ سان.

② «ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

ئارىلىقتا يەتتە تۇگمەن چۆرۈلگەن، شۇڭا بۇ جاي « قاتار تۇگمەن» دەپ ئاتالغان؛ قورغاس ناھىيىسىنىڭ لوسىگۇڭ (قومۇش بۇلاق) يېزىسىدىكى كەتمەندۆڭ كەنتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قوڭۇر دۆڭنىڭ شەرقىدە ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ تۇگمەن چۆرۈلگەن (ھازىر بۇلاردىن بىرىلا بار)؛ ئۇرۇمچىدە 104 تۇگمەنچى 130 تۇگمەن چۆرىگەن ... 1949 ـ يىلدىن كېيىن تۇگمەن سانى يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ، 1970 ـ يىللارغىچە تۇگمەن شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئومۇملاشتى. 1970 ـ يىللارغا كەلگەندە، يېزىلاردا توك تۇگمەن (ئۇن زاۋۇت)، ماي زاۋۇتلار ئومۇملىشىشقا باشلىدى، بۇ زاۋۇتلارنىڭ ئۇن تارتىش مىقدارى سۇ تۇگمىنىنىڭكىدىن يۇقىرى ھەم ۋاقىت جەھەتتىن تېز بولغاچقا، كىشىلەر سۇ تۇگمىنىگە بارمايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن سۇ تۇگمەنلىرى تەدرىجىي ئىشلىتىلىشتىن قالدى.

گەرچە شىنجاڭ تەبىئىي شارائىت جەھەتتىن دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تولىمۇ باب رايون بولسىمۇ، لېكىن تارىختىن بۇيان بۇ رايوندا قۇملىشىشنىڭ ئاپىتى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ كەلگەن. بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلانغان تەبىئىي ئىھاتە ئورمان بەلۋاغلىرى ۋە چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنى قىرغىن قىلىش ھېسابىغا بوز يەر ئېچىش قىزغىنلىقى بوستانلىق رايونلىرىنىڭ قۇملىشىش ۋە چۆللىشىش قەدىمىنى تېزلىتىۋەتتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر يەر مەيدانى ئىچىدە قۇملاشقان يەر كۆلىمىلا 795 مىڭ 900 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ %47.7 نى ئىگىلەيدۇ. تەدرىجىي كېڭىيىۋاتقان قۇملىشىش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە ئېغىر ئاپەت ئېلىپ كەلمەكتە. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر يىلى تەخمىنەن 10 مىليون مو ئوتلاق ئېغىر دەرىجىدە قۇملىشىپ، كۆچمە قۇملار يەنە يېزا ـ كەنت، شەھەر، بازارلارغا خىرىس قىلماقتا. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھېسابلاپ كۆرۈشىچە، شىنجاڭدىكى قۇملاشقان يەرلەر ھەر يىلى يەنىلا 400 نەچچە كۋادرات كىلومېتىر سۈرئەت بىلەن تېز كېڭىيىۋېتىپتۇ. بولۇپمۇ تارىختا كۆچمە قۇم دەستىدىن نەچچە قېتىم كۆ-

چۈشكە مەجبۇر بولغان خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرا ناھىيىسى بازىرى، گۇما ناھىيىسى بازىرى ۋە نىيە ناھىيىسى بازىرى بۇگۇنكى كۈندە يەنە قۇمنىڭ «قورشاۋى» دا قالدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر يىلى قۇم ـ بوران كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 3 مىليارد يۈەندىن ئاشىدۇ.

بۇنداق ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر جىددىي تەدبىر قوللىنىپ چۆللىشىشنى تىزگىنلەش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا ، ئاپتونوم رايونىمىزدا قۇم تىزگىنلەش كومىتېتى قۇرۇلغانىدى. 60 ـ يىللاردا ، ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ھالدا ئېتىز ـ ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسى بەرپا قىلىنىشقا باشلاپ، ياخشى ئورمان بەلۋېغى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىنغانىدى. 1992 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشچىلىقىدا، 20 نەچچە نازارەت ، ئىدارىدىن تەركىب تاپقان «قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە قۇم تىزگىنلەش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، بۇ خىزمەتكە بولغان مەسئۇلىيەت كۈچەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمنى تىزگىنلەش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 2000 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە سۇنئىي بوستانلىق كۆلىمى ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدىكى 13 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن كېڭىيىپ ھازىرقى 70 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشتى، تېرىلغۇ يەر 1 مىليون 200 مىڭ گېكتاردىن كېڭىيىپ 3 مىليون 600 مىڭ گېكتاردىن ئاشتى، چۆللىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئاساسىي مەقسەت قىلىنغان سۇنئىي ئۇسۇلدا بىنا قىلىنغان ئورماننىڭ كۆلىمى 867 مىڭ گېكتارغا، قۇمنى دائىرىلەپ يېتىلدۈرۈلگەن ئورمان ۋە ئوت ـ چۆپ كۆلىمى 1 مىليون 133 مىڭ گېكتارغا، سۇنئىي ئۇسۇلدا تېرىلغان ئوت ـ چۆپ ۋە ياخشىلانغان ئوتلاق كۆلىمى 2 مىليون 600 مىڭ گېكتاردىن كۆپرەككە يەتتى. شۇنداق قىلىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئۇدا 22 يىل ( 1980 ـ يىلدىن باشلاپ) مول ھو-

سۇل ئىلىشقا پائال تۈرتكە بولدى. لېكىن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنى قوغداش ئېڭى تېخى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلمىگەچكە، قۇملىشىش ۋە چۆللىشىش تەھدىتى يەنىلا ساقلانماقتا. دېمەك، 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق ئۇسۇللىرى ئۆزگەرتىلىپ، ئېلېكترلىشىش ۋە ماشىنىلىشىش قەدىمى تېزلەشتى. شۇنىڭ بىلەن ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئاشلىق مەھسۇلاتى تەخمىنەن 4 ھەسسە، پاختا مەھسۇلاتى 35 ھەسسە ئاشتى. تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇنداق ھەسسىلەپ ئېشىش سۈرئىتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تولۇق ئازادلىققا ئېرىشىشى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ئاستىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە ئېلىپ بېرىلغان بىر قاتار ئىنقىلاب ۋە ئىسلاھاتلار نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن 75% تىن كۆپرەكى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ ھال بىزدىن يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت تۇۋرۈكلۈك كەسىپنىڭ تايانچىسى بولغان دېھقان ـ چارۋىچىلار مەسىلىسىگە يۇكسەك ئېتىبار بىلەن قارىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

## §5 . باغۋەنچىلىك ئىگىلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ مېۋە ـ چېۋە ماكانى دېگەن نامى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. ئۇيغۇرلار ھاياتىدا باغۋەنچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تۇتقان ئورنى خېلى يۇقىرى بولۇپ، خەلق ئارىسىدىكى «بېغى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن ماقال بۇ پىكرىمىزنىڭ ئوبرازلىق دەلىلىدۇر. ھەقىقەتەن ئۇيغۇرلاردا باغۋەنچىلىك بىر خىل زور قوشۇمچە ئىگىلىك سۈپىتىدە ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولمىش ھەر

قانداق بىر دېھقان ئۆزىنىڭ شارائىتىغا ئاساسەن باغۋاران بىنا قىلىشقا، ھەتتا يەر ـ زېمىنى يوق كەمبەغەللەرمۇ تۇرالغۇسىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە بىرەر ـ يېرىم تۇپتىن ئۈجمە، جىگدە قويۇپ ئۆستۈرۈشكە ياكى كاۋا ـ قاپاق قاتارلىقلارنى تېرىپ باراڭ قىلىشقا ئادەتلەنگەن.

شىنجاڭدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كەڭ رايونلىرىدا باغۋەنـ چىلىك ھەقىقەتەن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، بۇ ھەقتە قەدىمكى ھۆجـ جەتلەردە كۆپ خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ. شىنجاڭنىڭ باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتـ لىرى تارىختا بۇرۇنلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا تارقىلىپ كىرىپ، شۇ رايوندىكى خەلقلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى بېيىتقان.

ئۇيغۇرلار باغۋەنچىلىكتە ئاساسلىقى ئۈزۈم، ئۈجمە، ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل، نەشپۈت، ئامۇت، ئانار، ئەنجۈر، بېھى، گىلاس، ئەينۇلا، جىنەستە، ياڭاق، بادام، چىلان، پىستە، شاتۇت، قارا ئۆرۈك، قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىق مېۋىلەرنى ئاساس قىلىدۇ. بولۇپمۇ تۇرپاننىڭ كىشمىش ئۈزۈمى، پەيزاـ ۋاتنىڭ قوغۇنى، خوتەننىڭ ياڭىقى، قاغىلىقنىڭ ئانىرى، بەشكېرەم، ئاـ تۇشنىڭ ئەنجۈرى، كورلىنىڭ نەشپۈتى، قەشقەرنىڭ گىلاسى، كۇچا ، بۇـ گۈرنىڭ كىشمىش ئۆرۈكى، قۇمۇلنىڭ چىلىنى، پىچاننىڭ ھوڭ قوغۇنى قاتارلىقلار دۇنيا بازىرىدىمۇ يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە.

ئۇيغۇرلار باغۋەنچىلىك ئەمەلىيىتىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، مېۋىـ لەرنىڭ سورتى ۋە تۈرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئاـ لايلۇق، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان قوغۇننى ئالساق، تېرىلىش ۋاقتى، پىشىش ۋاقتى، تەمى ۋە شەكلى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاـ ساسەن، چىلگە تۈرىدىكى يازلىق قوغۇنلار، كۆكچە تۈرىدىكى كۈزلۈك قوغۇنلار ۋە قارا كۆسەي تۈرىدىكى قىشلىق قوغۇنلاردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ.

چىلگە تۈرىدىكى يازلىق قوغۇنلارغا سەمەن چىلگىسى، قارا چىلگە، چار چىلگە، ئاق چىلگە، پوستىپىياز، بىشەكشىرىن، جامانچى، شېكەر سۇيى، سەبزىنازۇك قاتارلىقلار كىرىدۇ.

كۆكچى تۈرىدىكى كۈزلۈك قوغۇنلار ئاساسەن، قوتۇر كۆكچە، ئاق

كۆكچە، قارا كۆكچە، ئەنجان كۆكچىسى، سېرىق كۆكچە، كۇچا كۆكچىسى، قۇمۇل كۆكچىسى، كۆك تۇنى، چارچۇرۇك، يازلىق قارا كۆسەي، ئاقناۋات، قاپاق كۆكچە، رەنويلا، بەگزادە، مۇكارەنايى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

قىشلىق قوغۇن تۈرىگە كۆك بەھرى، قىزىل پىسەن، يۇمىلاق پىسەن، قاراقاش، ناشپېكەر، بىجىگەن، ئاق بەھرى، قارا كۆسەي، ھۆدەيلى، سېرىق شاپاق، ئىچى قىزىل بەھرى، تارىم قاتارلىقلار كىرىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوغۇننىڭ تۈرى 40 نەچچە خىلدىن ئاشىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوغۇن تېرىش ۋە ئۆستۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ئۆرپ ـ ئادەتلەر، ئاممىۋى تېخنىكىلىق بىلىملەر ۋە قوغۇن سەيلىسى، ... قاتارلىق سەيلە ـ مۇراسىملار بارلىققا كەلگەن.

قوغۇنچىلىق ئۇيغۇرلاردا بىر خىل ئەنئەنىۋى قوشۇمچە ئىگىلىك تۈرى سۈپىتىدە، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن كۆلەم ۋە سۈپەت جەھەتتىن ناھايىتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ھازىر بۇرۇنقىدەك ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدىلا ئەمەس، بەلكى تۆت پەسىلنىڭ ھەر قانداق كۈنلىرىدە قوغۇن يېگىلى بولىدىغان شارائىت ھازىرلاندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى باغۋەنچىلىكىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا بار، ئۇ بولسىمۇ مېۋە ـ چېۋىلەرنى ساقلاش، ھەر خىل قۇرۇق يېمىش ۋە گۈلە ـ قاق تەييارلاش ھەممە ھەممە مېۋە تۈرلىرىدىن ئۆزىگە لايىق شەربەت ۋە مۇراببا ياساش ئەنئەنىسىدىن ئىبارەت. بولۇپمۇ 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ جانلىنىشقا باشلىغان بازار ئىگىلىكى ئىسلاھاتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ باغۋەنچىلىك ئىگىلىكىنى كېڭەيتىش، يېڭى سورتلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، مېۋە ـ چېۋە پىششىقلاش كارخانىلىرىنى كۆپلەپ قۇرۇش دولقۇنى قوزغىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىماقتا. 80 ـ يىللاردىن باشلاپ يولغا قويۇلغان «تۇرپان ئۈزۈم بايرىمى»، «قۇمۇل قوغۇن بايرىمى»، «كورلا نەشپۈت بايرىمى»، «ئاتۇش ئەنجۈر بايرىمى»، «خوتەن ياڭاق بايرىمى» قاتارلىق قەرەللىك بايراملار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ باغۋەنچىلىكى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ،

خەلقئارا تاۋارلىشىش يولىنى ئاچماقتا. بۇرۇنقىدەك مېۋە ئىسراپچىلىق
ھالىتى ئۆزگەرتىلىپ، بازارلىشىش ئارقىلىق خېلى زور ئىقتىسادىي ئۈ-
نۇم ھاسىل قىلماقتا.

لېكىن ئەزەلدىن مېۋە ـ چېۋە ماكانى دەپ ئاتالغان جەنۇبىي شىن-
جاڭنىڭ باغۋەنچىلىك ئىگىلىكى بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللى-
رىدىن كېيىن كۆلەم جەھەتتىن شىددەت بىلەن كېڭەيگەن بولسىمۇ،
مېۋە ـ چېۋىلەرنى سېتىپ چىقىرىش يولى راۋان بولمىغاچقا، قوشۇمچە
باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلار ئەمەلىي نەپكە ئېرىشەل-
مىگەن. بۇ رايونلارنىڭ سانائەتلىشىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولغاچقا، ھۆل
مېۋىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى باغۋەنچىلىك ئىگىلىكى-
نىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالمىغان. ھۆل مېۋىلەرنى ئۆز پېتىچە چوڭ
شەھەرلەرگە يۆتكەپ سېتىشنىڭ خەتىرى چوڭ بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش
بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بارغانسېرى ئۆتكۈرلەش-
مەكتە. مېۋىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە زور مەبلەغ سالماي تۇرۇپ، بۇ
زىددىيەتنى ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

قەشقەر شەھىرىنىڭ بەشكېرەم يېزىسى تارىختىن بۇيان باغۋەنچە-
لىك ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان تىپىك «مېۋە ـ چېۋە ماكانى» ھېساب-
لىنىدۇ. ھەر بىر نوپۇسقا 7 پۇڭ يەر توغرا كېلىدىغان بۇ يېزىدىكى دېھ-
قانلار كىرىمىنىڭ 90% ى باغۋەنچىلىكتىن كېلىدۇ. ئەمما بۇ يېزىدا
مېۋە ـ چېۋىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئوتتۇرا ياكى چوڭ تىپتىكى
بىرەر زاۋۇت ـ كارخانا بولمىغاچقا، مېۋىلەرنىڭ سېتىلماي بۇزۇلۇپ كې-
تىش نىسبىتى 30% تىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە باھاسىمۇ
تۆۋەن بولغاچقا، چىقىم كىرىمنى قامدىيالمىغان. جەنۇبىي شىنجاڭ را-
يونلىرىدا دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ماس ھالدا باغۋەنچىلىك ئىگىلىكىنى
تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆس-
تۈرۈش جەھەتتە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن رايونلارمۇ ئاز ئەمەس. ئالاي-
لۇق، يېڭىسار ناھىيىسى دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئۆرۈك ئىشلەپچىقى-
رىش بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆرۈك ئۈستۈرۈشتە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە.

«سەمەت ئۆرۈكى» ئادەم ئىسمى بىلەن ئاتالغان ئۆرۈك سورتى بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق رىۋايەت بار: بۇنىڭدىن 200ـــ300 يىل بۇرۇن، يېڭىسار نا-ھىيىسىنىڭ ھازىرقى ئەگۈس يېزا ئەگۈس كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق سەمەت ئاخۇن ئىسىملىك بىر دېھقان باغۋەن شۇ يىللاردىكى قەھەتچىلىكتە چىد-دىماي، سىرتتا ئىشلەپ پۇل تېپىپ ئائىلىسىنى قامداش كويىدا جاھان كېزىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت، بۇخارا، ئەنجان قاتارلىق جايلارغا بارغان، ئىشلەمچىلىك قىلىش جەريانىدا ئۇ شۇ جايلاردا بىر قانچە خىل ياخشى ئۆرۈك سورتىنىڭ بارلىقىنى كۆرگەن. ئۇ يۇرتىغا قايتىدىغان چاغدا شۇ جايلاردىكى سەر خىل ئۆرۈك كۆچەتلىرىدىن بىر نەچچە تۈپ ئېلىپ، ئۇلارنى شۇ جاينىڭ توپىسى بىلەن خۇمرىغا قاچىلاپ، ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ، كېچە ـ كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ، يۇرتىغا ئېلىپ كې-لىپ، بېغىدا پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈپ، باشقا ئۆرۈك دەرەخلىرىگە ئۇلى-غان. ئۇلانغان كۆزلەر بىخ چىقىرىپ چوڭىيىپ مېۋىگە كىرگەندە مېۋى-سىنىڭ يوغان، رەڭدار، تاتلىقلىقى بىلەن داڭق چىقارغان. كىشىلەر دېھ-قان باغۋەن سەمەت بوۋاينىڭ ئەجرىدىن ئەھيا بولغان بۇ ئۆرۈكنى «سەمەت ئۆرۈكى» دەپ ئاتاشقان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، سەمەت ئۆرۈكى دېگەن ئۆ-رۈك نامى ۋە سورتى ھازىرغىچە ئۆرۈكلەر دۇنياسىدا داڭلىق ئۆرۈك بولۇپ كەلمەكتە.

يېڭىسار ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى يىن شاۋلۇڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: يېڭىسار ناھىيىسى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدىغان، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىقنى بىرلەشتۈرگەن يېزا ئىگىلىكى ناھىيىسى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز مەركەز بې-كىتكەن غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى ۋە مەركەزنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرى، مەبلەغ ، سىياسەت قاتارلىق جەھەت-لەردە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، چېگرا رايونلار ۋە نامرات رايونلارنى يۆلەش سالمىقىنى زورايتىشىدەك تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ناھىيىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە، مەبلەغ سېلىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق، كەسپ

قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى يولغا قويۇپ، بۇرۇنقى ئاشلىق، پاختا قۇرۇلمىسىنى ئاشلىق، مېۋە ، چارۋا، پاختا، قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك قۇرۇلمىغا ئۆزگەرتتۇق. بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بىز سەمەت ئۆرۈكىنى ئاساس قىلغان يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە باغۋەنچىلىك كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق.

يىن شاۋلۇڭ ناھىيىدىن ئەگۈس يېزىسىغا بارىدىغان يولنىڭ ئىككى تەرىپى ۋە ئېتىز قىرلىرىدىكى بىپايان ئۆرۈكزارلىقلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: « ھازىر ناھىيىمىزنىڭ باغ كۆلىمى 315 مىڭ موغا يەتتى. ھەر يىللىق مەھسۇلاتى 1 مىليون 300 مىڭ توننا بولۇپ، 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قىممەت يارىتىلىپ، ھەر بىر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىم 300 يۈەندىن ئاشتى. بۇ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمنىڭ 25.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى مۇتەللىپ ئابدۇرېشىت ئۇچار يېزىسىنىڭ تېۋىز كەنتىدىكى بىر دېھقاننىڭ سەككىز مو كېلىدىغان سەمەت ئۆرۈكى بېغىدىكى بىر تۈپ چوڭ سەمەت ئۆرۈكى دەرىخىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: سەمەت ئۆرۈكىنىڭ تۈرلىرى 20 خىلدىن ئاشىدۇ. مېۋىلىرى بىر ـ بىرىدىن سەر خىل، ناھىيىمىزنىڭ سەمەت ئۆرۈك بايلىقى مول، ئۇ كۆپ قېتىم دۆلەت، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتتىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ماختىشى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. ناھىيىمىز دۆلەت تەرىپىدىن «جۇڭگو سەمەت ئۆرۈكى يۇرتى» دېگەن نامغا ئېرىشىپ، مەملىكەت بويىچە «ئەلا سۈپەتلىك تاۋار ئۆرۈك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى» قىلىپ بېكىتىلدى. 2002 ـ يىلى «مەملىكەتلىك 8 ـ قېتىملىق ئالۇچا ـ ئۆرۈك يىغىنى» ناھىيىمىزدە ئېچىلىپ، يېڭىسار سەمەت ئۆرۈكى مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 200 گە يېقىن مۇتەخەسسىسنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، «جۇڭگو بويىچە ئەڭ ياخشى ئۆرۈك سورتى» دەپ قارالدى. 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، سەمەت

ئۆرۈكى نوپۇزلۇق تارماقلارنىڭ باھالىشى ئارقىلىق زىيانسىز مەھسۇلات دەپ بېكىتىلدى. 2004 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ناھىيىمىزنىڭ سېرىق سەمەت ئۆرۈكى جېڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئالۇچا ـ ئۆرۈك مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، «مەملىكەت بويىچە ئەلا سۈپەتلىك ئۆرۈك» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ناھىيىمىز ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، «تۇنخې» مېۋىچىلىك شىركىتى، «گۇەننۇڭ» تيەنفۇ مېۋە ـ كۆكتاتقا ئىش قوشۇش شىركىتى قاتارلىق باشلامچى كارخانىلارنى جەلپ قىلىپ ۋە كىرگۈزۈپ، ناھىيىمىزنىڭ مېۋە ـ كۆكتاتچىلىق تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى شارائىتلارنى ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيىمىزنىڭ مېۋە ـ كۆكتاتچىلىق كەسپى تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشكە باشلىدى.

ئۇ سەمەت ئۆرۈكىنىڭ ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

2004 ـ يىلى ناھىيىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 608 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12% ئاشتى. دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1250 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 156 يۈەن ئېشىپ، 14% ئۆرلىدى. بۇنىڭدا سەمەت ئۆرۈكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق قىلىنغان كىرىم كۆرۈنەرلىك سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

سەمەت ئۆرۈكى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشلارغا ئاساسلانغاندا، سەمەت ئۆرۈكىنىڭ « ئىرغىتسا پۇل تۆكۈلىدىغان دەرەخ، يايسا گۆھەر تىزىلىدىغان داستىخان» غا ئايلىنىشىدا مۇنداق بىر قانچە ئالاھىدىلىكى بار:

سەمەت ئۆرۈكى مېۋىسىنىڭ رەڭگى سېرىق بولۇپ، ئالتۇنغا ئوخشايدۇ، تۈكسىز بولۇپ، قۇياشقا يۈزلەنگەن تەرىپى ئوتقاشتەك قىزىرىدۇ. ئالاقىدار خادىملاردىن ئۇقۇشۇمچە، سەمەت ئۆرۈكىنىڭ مېۋىسى چوڭ، ئېتى قېلىن، تالاسى ئاز، سۇلۇق بولۇپ، تەركىبىدە ئادەم بەدىنىگە ئېھتىياجلىق ھەر خىل ۋىتامىن، ئاقسىل ۋە مىكرو ئېلېمېنتلار بار ئىكەن. ئۇ تاتلىق، مەززىلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆرۈك خورمىسى، ئۆرۈك مۇراباسى، ئۆرۈك ئىچىملىكى، ئۆرۈك ھارىقى، مېغىزلىق خورما، ئۆرۈك

جىياڭيۇسى، ئۆرۈك سۈيى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدىكەن؛ ئۇنىڭ مېغىزى دانلىق ۋە تاتلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋىتامىن B17 ماددىسى مول ئىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ راك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ساغلاملىقنى قوغداش رولى بار ئىكەن. ئۇنىڭ مېغىزىدىن ئىشلەنگەن يېمەكلىك يېغىنىڭ ھەر گرامىنىڭ خەلقئارا بازاردىكى باھاسى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن. سەمەت ئۆرۈكى مېۋىسىنىڭ ھەر بىرسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 40 گىرام، ئەڭ چوڭىنىڭ ئېغىرلىقى 89 گىرام بولۇپ، ئوتتۇرىچە قەنت مىقدارى 20% ئىكەن.

سەمەت ئۆرۈكى ئىشلەپچىقىرىش كەسپى ئۆزگە مۇناسىۋەتلىك باشقا كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ تۈرتكە بولىدىكەن. سەمەت ئۆرۈكىنىڭ تەرەققىياتى يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەتتە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلەيدىكەن، شەھەر، يېزىلاردىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمىنى يەڭگىللىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى كاپالەتكە ئېرىشتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدىكەن، قاچىلاش، پىششىقلاپ ئىشلەش، يۆتكەش، يېڭى پېتىچە ساقلاش قاتارلىق ئىشلار سودا ـ سېتىق كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئاۋاتلاشقان سودا زەنجىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە پايدىلىق ئىكەن. شۇنداقلا يېزىلاردىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بورىچىلىق، سېۋەتچىلىك قاتارلىق كەسىپلەردە بىر تۈركۈم كەسپىي كەنتلەر، كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولىدىكەن. سەمەت ئۆرۈكىنىڭ غولى چىڭ بولۇپ، قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ياغاچ ئويمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى ئالىي دەرىجىلىك خام ماتېرىيالى بولالايدىكەن. ھەر يىلى تاقلاپ كېسىۋېتىلگەن سەمەت ئۆرۈكى غولى ۋە شاخلىرى ياغاچ قوشۇق، ياغاچ تاۋاق، ياغاچ لىگەن، ياغاچ تەخلە قاتارلىق ئەنئەنىۋى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ماتېرىيالى ھېسابلىنىدىكەن. يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ كەسىپنىڭ تەرەققىياتى ئېكولوگىيىلىك مۇ-

ھىتنى ياخشىلاشقا پايدىلىق ئىكەن. بۇ ناھىيىدە ئۆرۈك بىلەن ئاشلىقنى ئارىلاشتۇرۇپ يېتىشتۈرۈش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، زېمىنىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى داۋاملىق كېڭەيتىلىپ، ئېتىز ـ ئېرىق بويىلىرىنى ئورمان ۋە مېۋىلىك دەرەخ بىلەن تورلاشتۇرۇش ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، قۇم ـ بوراننىڭ زىرائەتلەرگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى زور دەرىجىدە يېنىكلىگەن؛ دەل ـ دەرەخلەرنىڭ تەسىرىدە ئېتىز ـ ئېرىقلارنىڭ نەملىكى ئېشىپ، يېزىلارنىڭ ھاۋا مۇھىت شارائىتى ياخشىلىنىپ، شور ـ زەي مىقدارى ئازىيىپ، تۇپراق شارائىتى ياخشىلانغان.

بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، سەمەت ئۆرۈكىنىڭ غايەت زور ئىستېمال قىممىتى ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات ئىستىقبالىنى تولۇق مۆلچەرلىگەن شىنجاڭ «تۇنخې» گۇرۇھى يېڭىسار باغۋەنچىلىك چەكلىك شىركىتى ئەسلىدىكى قويۇقلاندۇرۇلغان ئۆرۈك مۇرابباسى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىدا، يەنە «10 مىڭ تونىنا ئۇچكىسىز ئۆرۈك گۆلىسى» تۈرىنى يولغا قويۇپ، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك سەمەت ئۆرۈكى مەھسۇلات تۈرلىرىنى قۇملۇق ۋە سايلىقلاردىن خەلقئارا بازارلارغا كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. شىنجاڭ «تۇنخې» گۇرۇھى يېڭىسار باغۋەنچىلىك چەكلىك شىركىتى 500 مو كۆلەمگە ئىگە يېتىشتۈرۈش، پىششىقلاپ ئىشلەش قۇرۇلۇشىغا 80 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان. بۇ شىركەت ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار چەت ئەللەرگە ئېكسپورت قىلىنىدىكەن. بۇ شىركەت يىلدا 20 مىڭ تونىنا سەمەت ئۆرۈكى ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە يىغىۋالىدىغان بولۇپ، يارىتىلغان ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىكەن. بۇ ۋەزىيەت يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، ناھىيىنىڭ سەمەت ئۆرۈكى يېتىشتۈرۈشنى بازىلاشتۇرۇش، كۆلەملەشتۈرۈش ۋە ئەلالاشتۇرۇشنى ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلەيدىكەن. مۇشۇ سۈرئەت بىلەن ماڭغاندا، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە «تۇنخې» يېڭىسار باغۋەنچىلىك شىركىتى ئاسىيا بويىچە كۆلىمى زور،

ئىشلەپچىقىرىش ئۇسكۇنىلىرى زامانىۋى، ئېكسپورت قىلىش نىسبىتى يۇقىرى بولغان يۇرۇشلەشكەن باغۋەنچىلىك پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىغا ئايلىنىدىكەن. شىنجاڭ «گۇەننۇڭ» تيەنفۇ مېۋە ـ كۆكتات يېمەكلىكلىرى مەسئۇلىيەت شىركىتى يېڭىسار شۆبە شىركىتى 288 مو كۆلەمدىكى باغۋەنچىلىك رايونى قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 55 مىليون 485مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان . قۇرۇلۇش مۇددىتى ئىككى يىل بولۇپ، 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇش 2004 ـ يىلى 10 ـ ئايدا رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. بۇ شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئاساسەن مېۋە مۇرابباسى، مېۋە جياڭيۇسى قاتارلىقلار بولۇپ، ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەت ۋە رايونلارغا ئېكسپورت قىلىنىدىكەن. مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن قارىغاندا، بۇ شىركەت ئۈچ يىل ئىچىدە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەپ، چەت ئەللەرگە ئېكسپورت قىلىش كارخانىسىغا ئايلىنىدىكەن. ①

هازىر كۇچا ۋە بۈگۈر ناھىيىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ داڭلىق كىشمىش ئۆرۈكىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق، خەلقئارا بازاردىكى ئەتىۋارلىق مەھسۇلات سۈپىتىدە يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى.



① يۇقىرىقى مەلۇماتلار تۇرسۇن پازىلنىڭ «يېڭىساردىكى ئۈچ گۆھەر» ناملىق تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن ئېلىندى. «قەشقەر» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 3 ـ سان.

# ئىككىنچى باب

# هۇنەر ـ كەسىپ ۋە سودا ـ سېتىق ئادەتلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر

## *§1 . 20 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى قول هۇنەر ـ سەنئەتتى ۋە سودا ئىگىلىكى*

ئۇيغۇرلاردا قول هۇنەرۋەنچىلىك دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكىدىن قالسىلا كۆلىمى ۋە ئومۇملىشىش دائىرىسى كەڭ بولغان بىر خىل قوشۇمچە ئىگىلىك شەكلىدۇر.

ئۇيغۇرلار قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە ماكانلاشقان. غەرب ۋە شەرق مىللەتلىرى بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى بۇنداق قولاي شارائىت ئۇلارنىڭ هۇنەر ـ كەسىپ ۋە سودا ئىگىلىكىنىڭ بۇرۇنراق تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن.

رايونىمىزدىن تېپىلغان قول هۇنەر كەسپىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن قارىغاندا، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپ، بىر قەدەر سىلىقلاشقان قول هۇنەر ـ سەنئەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئولتۇراق شەهەر ـ كەنت هاياتىغا كۆچۈشتىن ئىلگىرى، قول هۇنەر ئىگىلىكى تېخى باشقا ئىشلەپچىقىرىش كەسىپلىرىدىن تولۇق ئايرىلىپ چىقمىغانلىقى مەلۇم. پەقەت شەهەرلەشكەن ئولتۇراق هايات ئېھتىياجى قول هۇنەر كەسپىنىڭ بىر خىل مۇقىم ئىگىلىك شەكلى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىشىغا ۋە هۇنەر تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا ئاساس بولغان. بۇنىڭغا قاراخانىيلار ۋە سەئىدىيە دەۋرىدىكى ئۇيغۇر قول

ھۈنەر ئىگىلىكىنى ئەسلەپ ئۆتۈش كۇپايە.

## 1. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ھۈنەر ـ كەسىپ ۋە سودا

1. قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتى

قاراخانىيلار دەۋرىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇرۇنقى دەۋرلەرگە قارى- غاندا تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ تېز راۋاجلانغانىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، سۇلالىنى قۇرغان ئۇيغۇرلار ئاساسەن قەدىمكى ئەنئەنە بويىچە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە ئاز ساندىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسىغىلا ئىگە بولغان ۋە ئۇلار بىر قەدەر نەپىس قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا سوغدىلىرى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ قول ھۈنەرۋەنلىرىگە يۆلەنگەنىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن، تەرەققىي تاپقان ئىسلام قول ھۈنەر ـ سەنئىتى ۋە سىرتقى مەدە- نىيەتلەرنىڭ ئاكتىپ تەسىرى ئاستىدا، قاراخانىيلارنىڭ قول ھۈنەرۋەن- چىلىكى تېز تەرەققىي قىلىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاراخانىيلارنىڭ بىر پۈتۈن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىس- مىغا ئايلاندى. تۈر جەھەتتىن كۆپىيىپ، سۈپەت جەھەتتىن تېخىمۇ كۆركەملەشتى ۋە بىر قىسىم قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ئەينى ۋاقىتتىكى يىپەك يولى سودىسى ئارقىلىق غەرب ۋە شەرققە تارالدى. قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋە ماۋرا ئۇننەھرىدىكى بۇخارا، سەمەرقەنت، ئوترار، بالاساغۇن قا- تارلىق شەھەرلەر يىرىك قول ھۈنەر مەركەزلىرىگە ئايلاندى. بۇ شەھەرلەردە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ بىر قەدەر تىپىك ئۈلگىلىرىدىن كاھىشچىلىق، نەققاشچىلىق، تاش ئويمىچىلىق، فارفورچىلىق، ئەينەكچىلىك، قازانچى- لىق، تۆمۈرچىلىك، كۇلالچىلىق، مىسكەرچىلىك، زەرگەرچىلىك، ياغاچ- چىلىق، چىغرىقچىلىق، باپكارلىق، تىككۈچىلىك، موزدۇزلۇق، تۇماقچى- لىق، كۆنچىلىك، كەشتىچىلىك، بوياقچىلىق، سوپۇنچىلىق، تاشچىلىق، چىشچىلىق، تۇگمەنچىلىك، تاقىچىلىق، قۇيمىچىلىق، تۇنىكىسازلىق ۋە قۇلۇپسازلىق، پىلىچىلىك، قاشتېشى ئويمىچىلىق، پىچاقچىلىق، چال- غۇچىلىق، باققالچىلىق، جۇۋىچىلىق، ساتىراشچىلىق، قاسساپچىلىق،

سەراپچىلىق، گىلەمچىلىك، كىگىزچىلىك، شامچىلىق ... قاتارلىق نەچ- چە ئونلىغان قول هۈنەرۋەنچىلىك تۈرلىرى مەيدانغا كەلگەنىدى. هەتتا بەزى قول هۈنەرلەر كۆلەملىشىپ، «ئىشخانا» دەپ ئاتالغان قول هۈنەر كارخانىلىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. قەشقەر شەھىرىنى ئالساق، شەھەر ئاهالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قول هۈنەرۋەنچىلىكنى تۇرمۇش ئاسا- سى قىلغان بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرىدىلا بۇ شەھەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قول هۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودىنىڭ يىرىك مەركىزى بولۇپ قالغان. شە- هەردىكى خېلى كۆپلىگەن كوچا، مەھەللىلەرنىڭ نامىلىرى مەلۇم هۈنەر ــ كەسىپنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، «قاسقان بازىرى»، «زەرگەرچى كوچىسى»، «تاغارچى كوچىسى»، «قوناق بازىرى»، «ئىگەرچى كوچىسى»، «چاپان بازىرى»، «كوزىچى بازىرى»، «ساندۇق بازىرى» ... دېگەنگە ئوخشاش.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قول هۈنەرۋەنچىلىكنىڭ گۈللىنىش ۋەزى- يىتى ھەققىدە بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىمۇ بىزنى ۋاستىلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ داستاننىڭ «قول هۈنەرۋەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا» ناملىق 60 ــ بابىدا بۇ ھەقتە مۇنداق بېيىتلار بار:

4456. *يەنە بىر گۇرۇھ ئۇ هۈنەرۋەن ئېرۇر،*
*تىرىكلىك يولىدا هۈنەرلەر قىلۇر.*

4458. *تۆمۈرچى، ئۆتۈكچى، يەنە شىرىچى ،*
*يا سىرچى، بوياقچى، يا ئوقچى، ياچى.*

4459. *بۇ دۇنيا زىنىنتى بۇلاردىن بولۇر ،*
*جاھاندا تاڭ ئىشلار بۇلاردىن كېلۇر.*

4460. *ساناۋەرسە كۆپتۇر، سۆزۈم ئۇزىرار،*
*ئۇزەيمەن سۆزۈمنى، ئۆزۈڭ سەن ئاڭقار.*

دەرۋەقە، شۇ دەۋرنىڭ شاھىدى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆز دەۋرىدىكى قول هۈنەر تۈرلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپلىكىنى 4460 ــ بېيىتىدا

مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ 11 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ، تېخنىكا تەرەققىياتىغا ئالاقىدار باياندلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «چۈرچ — قۇيۇچ پولات» (1 ـ توم، 447 ـ بەت)، «باقىر — مىس» (1 ـ توم، 467 ـ بەت)، « بورتا — ئالتۇن ۋەرەق، زەرۋەرەق» (1 ـ توم، 543 ـ بەت)، « سىرىچغا—ئەينەك شىشە» (1 ـ توم، 636 ـ بەت)، «كىرشەن—قوغۇشۇن ئۇپا» (1 ـ توم، 570 ـ بەت)، «بۆز» (3 ـ توم، 169 ـ بەت)، «توشرۇم—ئىگىرىلگەن بىر كاللەك يىپ» (1 ـ توم ، 631 ـ بەت)، «تۈرق—تاۋار» (1 ـ توم، 556 ـ بەت)، «ياتۇق—ئىككى خىل نەرسىدىن توقۇلغان رەخت» (3 ـ توم، 17 ـ بەت)، «قارش — يۇڭ رەخت» (3 ـ توم، 36 ـ بەت)، «كىمشكە — «قەشقەردىن چىقىدىغان گۈللۈك پالاس» (1 ـ توم، 636 ـ بەت)، «كېۋەز—يىپەك رەختكە زەر بېسىش» (1 ـ توم، 541 ـ بەت)، «پاتلا—پاتلىماق» (3 ـ توم، 397 ـ بەت)، «تىكە—تىكمەك» (1 ـ توم، 144 ـ بەت)، «نەفچە—تەپچىمەك» (3 ـ توم، 189 ـ بەت)، «باغىرداق—لىپتىك» (1 ـ توم، 653 ـ بەت)، «ئۆكمەك—ھالقا» (1 ـ توم، 142 ـ بەت)، «ئۈزۈك» (3 ـ توم، 22 ـ بەت)، «بىلەزۈك» (3 ـ توم، 283 ـ بەت)، «موچوق—مونچاق» (3 ـ توم، 621 ـ بەت)...قاتارلىق يۇزلىگەن خاس ئاتالغۇلار ئەمەلىيەتتە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ گۈللىنىش مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بولۇپمۇ ئەينەكچىلىك قاراخانىيلار قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە پارلاق ئورۇن تۇتىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر داۋامىدا قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى نۇرغۇن ئەينەكچىلىك دۇكانلىرى ۋە زور مىقداردىكى ئەينەك قاچىلار ۋە ئۇلارنىڭ پارچىلىرى بايقالدى. ئەينەك قاچىلارنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى يېمەك ـ ئىچمەك قاچىلىرى، ئەينەكتىن ياسالغان چىنە ـ تەخسە، ئېگىز پۇتلۇق جام (قەدەھ)، بوتۇلكا، كومزەك، دۇۋەت، قەلەمدان، ئەتىر قۇتىسى، زىننەت بۇيۇملىرى، فارفور بۇيۇملار قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ خىل بۇيۇملارنىڭ كۆپچىلىكى

رەڭسىز ئەينەكتىن ياسالغان بولۇپ، بەزىلىرى يېشىل، كۆك، ھاۋارەڭ، قىزغۇچ ئەينەكلەردىن ياسالغاندى. بۇ ئەينەك بۇيۇملارنىڭ ئۈستىگە ھەل بېرىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ھەرخىل نەقىشلەرنى سىزغاندىن سىرت، يەنە قول ياكى ئەينەك سىملار بىلەن ھەر خىل قاپارتمىلىق گۈل نەقىشلىرى چىقىرىلغان. مەسىلەن ، قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى « خان ئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسى» ۋە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «سوسەر قەدىمكى قەلئە» خارابىسىدىن كۆپلىگەن ئەينەك بۇيۇم پارچىلىرى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاچ يېشىل، ئاچ سېرىق، كۆك، قىزغۇچ رەڭلىكلىرىمۇ بار ①. مارالبېشىدىكى « توققۇز ساراي خارابىسى» دىن تېپىلغان ئاچ سېرىق رەڭدىكى قەدەھ ئىنتايىن سىپتا، چىرايلىق ياسالغان بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ.

10 ـ ، 11 ـ ئەسىرلەردىلا دېرىزىگە ئىشلىتىلىدىغان ئەينەكلەر ياسىلىشقا باشلىغان. تەكشى يۈزلۈك دېرىزە ئەينىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەلىكىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەردىن كۆپلەپ تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رەڭلىك ئەينەكلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئوردا ـ قەسىرلەرنى زىننەتلەشكە ئىشلىتىلگەن. ئەينەكچىلىككە ئوخشاش ئىنچىكە ھۈنەر تېخنىكىسىنى تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەرنىڭ شۇ دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ خېلى گۈللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئوتتۇرا ئەسىردە تېخىمۇ گۈللەنگەن يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تۆرتكىسى بىلەن جانلىنىۋاتقان سىنكرېتىك مەدەنىيەت ئامىللىرىدىن ئىبارەت سىرتقى تەسىردىن باشقا، يەنە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى ئىنېرتسىيە كۈچىدىن

① ۋېي لياڭتاۋ : « قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان »، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 283 ـ بەت.

ئىبارەت ئىچكى تەلەپ مۇھىم رول ئوينىغان. چۈنكى يېڭىچە ئۇسلۇبتىكى ئۇيغۇر ئىسلام مېمارچىلىقى ئەينەكچىلىك، سىرچىلىق، ياغاچچىلىق، بېزەكچىلىك، خۇش خەتچىلىك، كۇلالچىلىق، كىگىز ـ گىلەمچىلىك قاتارلىق كۆپ خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىغا ھەممىدىن كۆپ ئېھتىياجلىق ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە كۇلالچىلىق (ساپالـ. چىلىق) مۇ تازا يۇكسەلگەن. ئارخېئولوگلار قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەـ. لىكىدىكى بارلىق شەھەرلەردىن زور مىقداردا خۇمدان ۋە ساپالچىلىق ئەسۋابلىرىنى تاپتى. بۇ دەۋردىكى ساپال بۇيۇملار رەڭلىك ۋە رەڭسىز دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلغان. رەڭلىك (سىرلانغان) ساپال بۇيۇملارغا ھەر خىل گېئومېتىرىك شەكىللەر، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلار، ئۇچار قۇشلار. نىڭ رەسىملىرى، شۇنداقلا ئەرەب يېزىقىدىكى ھۆسنخەت ئۈلگىلىرى چۈشۈرۈلگەن. سىرلانمىغان (رەڭسىز) ساپال بۇيۇملارنىڭ كۆپچىلىكى سۇيۇقلۇق قاچىلىنىدىغان ھەر خىل كومزەكلەر ۋە تاماق ئۇچۈن ئىشلە. تىلىدىغان قاچا ـ قۇچىلار بولۇپ، ئۇ ئاۋام خەلق ئارىسىدا كەڭ ئومۇمە. لاشقان. بۇنداق بۇيۇملارغىمۇ قاپارتما نەقىشلەر ئىشلەنگەن. شەرقىي قا. راخانىيلار تەۋەلىكىدە پاختا ۋە يىپەك توقۇمىچىلىقى گۈللەنگەن بولۇپ، ئاق شايى رەخت ۋە گۈللۈك رەختلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە داڭ چىقار. غانىدى. «شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ پىلە. چىلىك تېخنىكىسى غەربكە تارالغاندىن باشلاپ، غەربىي يۇرتتا يىپەك توقۇمىچىلىق ئىنتايىن گۈللەنگەنىدى. شۇەنزاڭ خوتەنلىكلەرنى ‹تاۋار ـ دۇردۇنلارنى توقۇيدۇ، ئادەملىرى يۇڭ ـ تېرە كىيىملەرنى ئىنتايىن ئاز كىيىدۇ. تاۋار ـ دۇردۇن، ئاق رەختتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كۆپ كى. يىدۇ› دېگەنىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن سۇڭ سۇلالىسىغا توشۇلغان تاۋارلار ئىچىدە ‹غۇز (ئۇيغۇر) كىمخابى› ۋە ‹غەرب كىمخابى› بار ئىدى». ①

(«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇدۇن تەزكىرىسى»). مارالبېشى ناھىيىسىدى. كى «توققۇز ساراي خارابىسى» دىن ئىنتايىن نەپىس توقۇلغان پاختا، يۇڭ،

---

① ۋېي لياڭتاۋ :« قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، 290 ـ بەت.

يىپەك توقۇلمىلار تېپىلدى. خارابىنىڭ 9 ـ ئەسىرگە تەۋە توپا قاتلىمىدىن تېپىلغان يۇڭ گىلەم ۋە گۈللۈك يۇڭ گىلەم ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى بىلەن ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىبارغا سازاۋەر. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان BT- 374 نومۇرلۇق بۇ گۈللۈك يۇڭ گىلەم دۇكان ئىشلىتىلمەي ئالدىغا ئاتىدىغان مۇكا ۋە قايتىدىغان ئەسۋابلار بىلەن توقۇلغان بولۇپ، ئۆرۈش يىپ ئارىلىقى تەخمىنەن 3 مىللىمېتىر، زىچلىقى 4 تال/ سانتىمېتىر، ئارقاق ئارىلىقى تەخمىنەن بىر مىللىمېتىر، زىچلىقى 11 تال/ سانتىمېتىر. ئۇ قىزىل، كۆك، سېرىق، يېشىل، ۋە ئاق رەڭلەردە توقۇلغان بولۇپ، قىزىل ۋە كۆك گۈللەر چىقىرىلغان ، گۈل چېچەكى سېرىق ۋە قىزىل رەڭلىك بولۇپ، گۈل بەرگى جىگەررەڭ ياكى يېشىل يىپلار بىلەن توقۇلۇپ، ستېرېئولۇق تۇيغۇ بېرىدىغان قىلىنغان.

2. سودا ـ تىجارەت ۋە قول هۈنەر مەدەنىيىتى

قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەلىكىدىكى زېمىنلار، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەركىزي شەھەرلىرى شەرق بىلەن غەربىنىڭ قاتناش لىنىيىسىدە باش تۈگۈن بولغانلىقى، قول هۈنەرۋەنچىلىكنى مەركەز قىلغان تاۋار ئىگىلىكىنىڭ گۈللەنگەنلىكى ۋە خانىدانلىقنىڭ ئەتراپىدىكى رايون ۋە ئەللەر بىلەن بولغان دوستانە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتكە، جۈملىدىن سودىگەرلەر تەبىقىسىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنلىكى قاتارلىق ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللارنىڭ تۈرتكىسىدە، قاراخانىيلار دەۋرىدە سودا ـ تىجارەت (تاۋار ئوبوروتى) خېلى يۇكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشتى. قاراخانىيلارنىڭ گۈللەنگەن تاۋار ئوبوروتى تاسادىپىي مەيدانغا كەلگەن بولماستىن، بەلكى ئۇ يىراق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. بۇ زونىنا مىلادىيىدىن 200 يىل بۇرۇنلا ئوتتۇرا شەرق ۋە ياۋروپا بىلەن شەرقىي ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇقلۇق يولىنىڭ بوغۇزى بولۇپ قالغانىدى. قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا لىنىيىسى قوچۇ (تۇرپان)، ئاگنى (قاراشەھەر)، كۇچا بىلەن قەشقەرگە كېلەتتى ـ دە، پامىردىن ئۆتۈپ، پەرغانە ۋە خوراسان تەرەپ بىلەن پارس (ئىران) قا بارغاندا، غەربىي دېڭىزغا چىقىپ كېتەتتى. يىپەك يو-

لىنىڭ شىمالىي لىنىيىسى بالاساغۇن ۋە بارسغاننى تۇگۇن قىلغانىدى. شەرقتە لياۋ (قىتان) پايتەختى شاڭجىڭغىچە، ھەتتا شىمالىي سۇڭ پاي-تەختى كەيفېڭغىچە سوزۇلغانىدى. ① ئەنە شۇ قەدىمكى قۇرۇقلۇق قاتنى-شىنى ئاساس قىلغان يىپەك يولى سودا ئەنئەنىسى قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ ئىزچىل داۋاملىشىپ، ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتى بويىچە مەيلى شەرقتىكى سۇڭ سۇلالىسى ۋە لياۋ (قىتان) سۇلالىسى ياكى جەنۇبتىكى، غەربتىكى ھىندىستان، ئىران، ئافغانىستان ۋە غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا، شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا بولسۇن، بۇ رايونلار بىلەن سودا مۇنا-سىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. گابائىن خانىم قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ـ تىجارىتى ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇيغۇرلار سودا ئىشلىرى بىلەنمۇ ئۇزۇن شۇغۇللانغان، سودا ئىشلىرى ئۇلارغا زور پايدا كەلتۈرەتتى. ئۇلارنىڭ يىراقتىكى مىللەتلەرنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىگە ۋە تاۋارغا بولغان تەلە-پىگە نىسبەتەن سەزگۈرلۈكى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى» ② دەيدۇ. رۇسىيە-لىك تارىخچى گ . ۋېرنادىسكىي: «مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر-دىكى تارىخىدا سىياسىي جەھەتتىن ياكى مەدەنىيەت جەھەتتىن بولسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ رولى بەك چوڭ بولدى. جۇڭگودىن باشلىنىپ كاسپىي دې-ڭىزغا قەدەر سوزۇلغان سودا يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئىزگىنلەپ تۇرغان ئۇيغۇرلار جۇڭگو بىلەن ھىندى، ئىران مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشىغا كۆپ جەھەتلەردە ۋاستىچىلىك قىلدى.» ③ دەپ يازغان. ئومۇمەن، ئۇيغۇرلار مەيلى موڭغۇل يايلاقلىرىدا بولسۇن، مەيلى تەڭرىتاغ بويلىرىدا ياشاپ تۇرغان چاغلىرىدا بولسۇن، سودا ـ تىجارەتنى ئىجتىما-ئىي ئىگىلىكنىڭ مۇھىم بىر ساھەسى سۈپىتىدە تۇتقان. سودا ۋاستىسى بىلەن قوشنا خەلقلەردىن يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى ئىدىيىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ خىل يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى ئىدىيىنى قوشنا ئەللەرگە

① سابىت ئەخمەت: «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1973 ـ يىل 10 ـ سان.

② لى يوچۈن، جياڭ يىڭيى: «جۇڭخۇا ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى»، 1979 ـ يىل.

③ ئىمىن تۇرسۇن: « تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل 26 ـ بەت.

تارقىتاتتى . ①

قاراخانىيلار سۇلالىسى خوتەننى قوشۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سۇڭ ۋە لياۋ سۇلالىسى ۋە لاداخ يولى ئارقىلىق ھىندىستان قاتارلىق جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى تېخىمۇ جانلاندى. قاراـ خانىيلار سۇلالىسىنىڭ سۇڭ سۇلالىسىگە بېرىپ سودا قىلىدىغان سودا كارۋانلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق سودا تاۋارلىرى ھەر خىل دورا ـ دەرمەك (مەستىكى رومى، قۇستە، نۆشۇدۇر، روتىل ... قاتارلىقلار) ماتېرىياللىرى، ئىنچىكە، سىپتا يۇڭ توقۇلمىلار، پاختا ۋە يىپەك ـ كەندىر توقۇلمىلار، تاشپاختا، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، مارجان، پىل چىشى، قاشتېشى، كۆن ـ بۇلغار، موي تېرە قاتارلىق چارۋىچىلىق مەھـ سۇلاتلىرى ۋە «ئات، ئېشەك» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ② يۇقىرىدا ئېيتىلغان تاۋارلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك مەھسۇلاتلىرى، يەنە بىر قىسمى (ئۈنچە ـ مەرۋايىت، پىل چىشى ... قاتارلىق) ھىندىستان ياكى غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافـ رىقا قاتارلىق ئەللەردىن كەلتۈرۈلگەن مەھسۇلاتلار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن بازار تاپىدىغىنى ئات سودىسى بىلەن مەستىكى رومى ۋە قاشـ تېشى بۇيۇملىرى ئىدى. مىلادىيە 1072 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سودا كارۋانلىرى بىر قېتىمدىلا سۇڭ سۇلالىسىغا 31 مىڭ جىڭدىن كۆپرەك مەستىكى رومى يۆتكەپ كېلىپ، 44 مىڭ تىزىقتىن ئارتۇق پۇل تاپقان، مىلادىيە 1080 ـ يىلى، يەنە مەستىكى رومى ئاربلاشمىسى قاتارلىقـ لاردىن 100 مىڭ جىڭدىن كۆپرەك يۆتكەپ كىرگەن. ③ ئۇنىڭ بەدىلىگە سۇڭ سۇلالىسىدىن ئالتۇن ـ كۈمۈش، مىس يارماق، يىپەك ۋە چايلارنى

---

① ئا. ۋ. گابائىن:«قارا قوچۇ ئۇيغۇر خاقانى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلـ مىي ژۇرنىلى»، 1980 ـ يىل، 3 ـ سان.

② ئا. ك. مالياۋكىن :«11 — 12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 405 ـ ، 406 ـ بەتلەر.

③ غەيرەتجان ئوسمان: « ئۇيغۇرلار غەربتە ۋە شەرقتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىـ ياتى، 2002 ـ يىل 282 ـ بەت.

ئۆز يۇرتلىرى ۋە غەربىي ئەللەرگە ئاپارغان. ① بۇ رايونلاردا ئېلىپ بېرىلـ-غان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق مەلۇم بولغان قاراخا-نىيلار دەۋرىگە تەئەللۇق بۇيۇملار ئىچىدە نەپىس يىپەك توقۇلما بۇيۇملار، بۇغا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن گۈللۈك كىمخاب قاتارلىقلار ھۈنەر ـ سەنئەت جەھەتتىن قارىغاندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ مەھسۇلاتى ئىكەنـ-لىكى ئېنىق ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى بۇنداق قايناق تاۋار ئوبوروتى ئەھۋالى شۇ دەۋرگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللاردىن باشقا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىمۇ ناھايىتى جانلىق سۈرەتـ-لەنگەن، مەسىلەن:

*كېرىپ گەر سودىگەرلەر يۈرمىسە ،*
*بۇ ئۈنچە تىزىقنى كىم كۆرەر ئىدى .* ②

سودا ئالاقىسىدىكى بۇنداق ئاۋات مەنزىرە «قۇتادغۇ بىلىك» تە ۋاسىـ-تىلىك تەسۋىرلەر بىلەن كۆپ تىلغا ئېلىنغان: «بوز يەر يۈزىگە يېشىل يىپەك يايدى، گويا قىتان كارۋىنى تاۋغاچ تاۋار ـ دۇردۇنىنى يېيىۋەتكەنـ-دەك بولدى» ③، «بەزىسى شەرقنىڭ خىلمۇخىل سوۋغىلىرىنى ئېلىپ كەلسە، بەزىسى غەربتىن كېلىپ خىزمەت قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ». ④ يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە، قاراخا-نىيلارنىڭ سودىگەرلەرگە ۋە سودا بازارلىرىنىڭ مۇھىم رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى سۈرەتلەيدۇ ۋە سودىگەرلەر تەبىقىسىگە ھۆرمەت قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى سودىگەرلەر «ئەقلى ۋە دىلىنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، ياشاش ئۈچۈن دۇنيا كېزىپ يۈرىدۇ. ئۇلارغا ئارىلاشقىن، بېرىش ـ كېلىش قىلغىن، نېمە سورىسا بەرگىن، ئېلىم ـ بېرىم قىلغىن، دۇنيادا ئارزۇ قىلىدىغان نەرسىلەر خەلق گۈزەللىكى — زىبۇ

① ئىمىن تۇرسۇن: « تارىمدىن تامچە»، 26 ـ بەت.

② يۈسۈپ خاس ھاجىپ:«قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 200 ـ بەت.

③④ يۈسۈپ خاس ھاجىپ : « قۇتادغۇ بىلىك»، 32 ـ ، 36 ـ بەتلەر.

زىننەتلىرى، تالالانغان ياخشى نەرسىلەر ئۇلاردا بار. ئۇلار شەرقتىن غەربكە كېزىپ يۈرۈپ، سەن ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. مىڭ تۈرلۈك تاۋار ـ دۇردۇن، دۇنيانىڭ قىممەتلىك بۇيۇملىرى شۇلاردا بولىدۇ. ئەي بىلىملىك سېخىي، جاھان كەزگۈچى سودىگەر (تابۇغچى) بولمىغان بولسا، قارا سۆسەر جۇۋىنى قاچان كىيەلەيتتىڭ؟ قىتان كارۋىنى يوللاردا كارۋان چېكىنى تورۇتمىغان بولسا ، تۈمەن خىل تاۋارلار قاياقتىن كېلەتتى؟ سودىگەر جاھان كېزىپ يۈرمىگەن بولسا، ئۈنچە ـ مەرۋايىت تىزىقلىرىنى كىممۇ كۆرەلەيتتى؟» بۇ ماھىيەتتە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سودا ۋە سودىگەرلەرنىڭ بىر پۈتۈن جەمئىيەتكە نىسبەتەن كۆرسىتىدىغان ئاكتىپ تەسىرىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. جەمئىيەتكە نىسبەتەن تاۋار ئوبوروتىنىڭ رولى غايەت زور بولغاچقا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە خانىدانلىقتىكى ئىقتىساد باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلارنىڭ سودا قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشكە ماھىر بولۇشى، بازار ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇشى، سودىگەرلەر ۋە تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىشى، سودا پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە سودىگەرلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى بىلىشكە دىققەت قىلىشى كېرەكلىكى ... قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. بۇ «ھۆكۈمدارلار قوللانمىسى» (ئەدەبۇلمۇلۇك) ياكى «ئاينول مەملىكە» (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى) دەپ تەرىپلەنگەن. «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى بۇ بايانلار ماھىيەتتە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى سودا ـ تىجارەت ئېڭىنىڭ رېئال ئىنكاسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان سودا ـ تىجارەت ۋە سودىگەرلەر تەبىقىسى توغرىسىدىكى بايانلار ئىچىدە يەنە بىر ئەھمىيەتلىك نۇقتا بار، يەنى تاۋار ئوبوروتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە بازارنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئۈچۈن، خانىدانلىق بېكىنمىچىلىكنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىشىكنى سىرتقا قارىتا كەڭ ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇشى كېرەكلىكىنى ئوبرازلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تەكىتلىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «خانىدانلىقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىش كېرەك. چۈنكى كارۋانلار ئەلمۇ ئەل يۈرۈپ دۇنيا كېزىدۇ،

تاۋار ـ دۇردۇن، تىيىن، سۆسەرلەرنى توپلايسەن، رۇمنىڭ نەپىس كىمخاب. لىرى، دۇنيانىڭ سەرخىل نەرسىلىرى ساڭا كەلسىمۇ، خەزىنە قازىنىقىڭ تولمايدۇ» («قۇتادغۇ بىلىك» نەسرىي يەشمىسى، 763 ـ بەت). مانا مۇشۇن. داق بولغانلىقى ئۈچۈن، «سودىگەرگە ئارىلاشقىن، بېرىش ـ كېلىش قىلغىن، نېمە سورىسا بەرگىن، ئېلىم ـ بېرىم قىلغىن» (يۇقىرىقى ئە. سەر، 633 ـ بەت)، بىلگىنكى، «سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق بولىدۇ، ئۇلارغا ئارىلىشىپ، ئىشىكىڭنى ئوچۇق تۇت، ئۇلارغا ياخشى مۇ. ئامىلە قىلىشقا تىرىشقىن، ياخشى نامىڭ يىراقلارغا كېتىدۇ» (يۇقىرىقى ئەسەر، 634 ـ بەت) ... ۋەھاكازالار.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەشەببۇسىدىكى بايانلار بىزگە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سودىنى جانلاندۇرۇش ۋە ئاكتىپ سودا سىياسىتى ئارقىلىق ئەلنى روناق تاپقۇزۇش يولىدا خېلى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ « تۈركىي تىللار دىۋانى » ناملىق ئە. سىرىدىمۇ قاراخانىيلارنىڭ روناق تاپقان تاۋار ئوبوروتى ھەققىدە ئۇچۇرلار بار. مەسىلەن، «دىۋان» دا يىپەكنىڭ 18 خىل تۈرى تىلغا ئېلىنغان ھەمدە بۇلارنىڭ ئىچىدە 13 خىلى چىندىن كەلتۈرۈلىدىغانلىقى ئىزاھلانغان. « دىۋان» دا يەنە «يارشىدى» دېگەن سۆزگە مىسال قىلىپ بېرىلگەن شې. ئىردا «بىستە» دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنغان ۋە بۇ سۆز مۇنداق ئىزاھلانغان: «بىستە —ئۆيگە چۈشكەن سودىگەرلەرنى قوندۇرىدىغان سارايۋەن، ئۇ سو. دىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى سېتىپ بېرىدۇ، قويلىرىنى يىغىشىپ بېرىدۇ ۋە سودىگەرلەرنى كۈتىدۇ. سودىگەر كېتەر ۋاقتىدا خىزمەت ھەققى ئۈچۈن يىگىرمە قوي ھېسابىغا بىر قوي ئالىدۇ». ① مۇشۇ بىر سۆزلەمگە بې. رىلگەن ئىزاھاتتىن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىدا خېلى كەسىپلەشكەن ۋە مۇنتىزىملاشقان سودا تۈزۈملىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

---

① مەھمۇد قەشقەرى:«تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل 3 ـ توم، 96 ـ بەت.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاساسەن ئۈچ خىل تەبىقىدىن تەركىب تاپقانىدى. ئۇنىڭ بىرىنچى خىلى، بىۋاسىتە تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار، مەسىلەن، قول ھۈنەرۋەن، كاسىپلار ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا ئەكىرىپ ساتىدىغان ھۈنەرۋەنلەر ياكى ئۆزلىرىنىڭ قول ھۈنەر ئىشخانىسى ئالدىدا دۇكان ـ بوتكا قۇرۇپ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزلىرى بىۋاسىتە ساتىدىغانلار. ئىككىنچى خىلى، ئوتتۇراھال، ئۇششاق ھۆپىگەرلەر ۋە قولىدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ ئېلىپساتارلار، ئۇلار شەھەر رايونىغا دۇكان قۇرۇپ، چەرچىن مال تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ياكى بازارغا يايما يېيىپ ئېلىپساتار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ تەبىقە ۋاكالەتچىلىك سودا خاراكتېرىنى ئالغان. ئۈچىنچى خىل تەبىقە — يۇقىرى قاتلام باي سودىگەرلەر تەبىقىسى. ئۇلارنىڭ سودىدىكى ئىمتىيازى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى رايون ۋە دۆلەت ئاتلاپ تىجارەت قىلىدۇ. بۇنداق سودىگەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەسلىدىنلا فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ياكى خانلىق بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق خان ئەۋلادلىرى بولغاچقا، ئۇلار چېگرادىن ھالقىپ سودا قىلغاندا، سۇلالىنىڭ «ئەلچىلەر ئۆمىكى» سالاھىيىتى بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئۇلار سودا بىلەن بىللە يەنە خانلىقنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى بېجىرىش ۋە خانلىقنىڭ ئابرۇيى ـ ئىناۋىتىنى تەشۋىق قىلىش مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان. مۇشۇ خىل ۋاسىتىلەر بىلەن سودىنى راۋاجلاندۇرغان. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى تۆۋەندىكى بېيىتلاردىن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدىكى «خەزىنىدار» دەپ ئاتالغان مالىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ سودا بازارلىرىنى باشقۇرۇشقا ۋە سودا بېجى يىغىشقا مەسئۇل بولغانلىقىنى ۋە ئاشۇ دەۋردە مال باھاسىنى باشقۇرغان ھەمدە باج تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ:

*خەزىنىدار بىلسۇن تىجارەت يولىنى ھامان،*
*ئۇنى گەر بىلەلمەس ، تاپالماس ھايات.*

*سودىدىن ئەلگە كىرۇر زور پايدا،*
*بولمىسا، خەزىنىگە پۇل ـ پىچەك قايدا.* ①

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ كۈچىيىشى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىكى بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەدرىجىي ئايرىلىشى، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ راۋاجلىنىشى ۋە ئىچكى ـ تاشقى سودىنىڭ گۈللىنىشى پۇل ئوبوروتىنى ئىلگىرى سۈردى. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى پۇل مەدەنىيىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ دەۋردە قەدىمدىن كېلىۋاتقان مالنى مالغا ئايرىۋاشلاشتىن ئىبارەت سودا ئوبوروتى شەكلى ئورنىغا مالنى پۇلغا سۇندۇرۇپ سودا قىلىش شەكلى دەسسىدى، يەنە سودىدا پۇل ھېسابات بىرلىكى قىلىنىدىغان ھالەت شەكىللەندى (لېكىن قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ۋە چەت يېزا ـ قىشلاقلاردا مالنى مالغا ئايرىۋاشلاش ئەنئەنىسى پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتمىگەنىدى). بۇ تەبىئىيكى، قاراخانىيلار دەۋرىدە پۇلچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ خېلى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەلۋەتتە. قاراخانىيلار دەۋرىدە تەرەققىي تاپقان تاۋار ئوبوروتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قاراخانىيلارنىڭ خانلىرى ئۆز ناملىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب يېزىقى چۈشۈرۈلگەن پۇللارنى قۇيدۇرۇپ تارقاتقان. بۇ خىل پۇللار شىنجاڭدىن، جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ماۋرائۇننەھىر رايونلىرىدىن كۆپلەپ تېپىلدى. 1980 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ سۇنتاغ يېزىسى تەۋەسىدىن دېھقانلار توپا كولاۋاتقاندا، 3 مېتىردىن 5 مېتىرغىچە چوڭقۇرلۇقتىن تەخمىنەن 130 كىلوگرام مىس پۇل (مىس يارماق) تېپىلدى. بۇ پۇللار توغرىسىدا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى جياڭ چىشياڭ 1982 ـ يىلى 11 ـ ئايدا «ئاتۇشتىن قېزىۋېلىنغان قاراخانىيلار پۇللىرى توغرىسىدا

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 593 ـ بەت.

تەتقىقات» دېگەن تەكشۈرۈش ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ تەتقىقات ماقا-
لىسىدا تونۇشتۇرۇلۇشىچە، شۇ قېتىم قېزىۋېلىنغان پۇللارنىڭ سانى
17 ـ 18 مىڭغا يېتىدىكەن. بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى مىس يارماق بولۇپ،
تەركىبى ئاساسەن مىس، يەنە قوغۇشۇن، قەلەي، سۈرمە، سىنك قاتارلىق
تەركىبلەرمۇ بار. ياسىلىش شەكلى ھەر خىل بولۇپ، دىئامېتىرى 22
مىللىمېتىردىن 31 مىللىمېتىرغىچە، ئېغىرلىقى 2.6 گرامدىن 7.95
گرامغىچە كېلىدۇ. بىراق بۇ پۇللارنىڭ 90% تىن ئارتۇقىنى ئېغىر دات
باسقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خېتىنى تونۇغىلى بولىدىغانلىرىنىڭ 90%
تىن ئارتۇقى مۇھەممەد ئارسلانخان (مۇھەممەد بىن يۇسۇپ، مىلادىيە
1056 — 1057 ـ يىللىرىدىن مىلادىيە 1057 — 1058 ـ يىللىرىغىچە تەختتە
ئولتۇرغان) دەۋردە قۇيدۇرۇلغان پۇللار بولۇپ، قالغانلىرى سۇلايمان قادىر
تاۋغاچخان (سۇلايمان بىن يۇسۇپ، مىلادىيە 1032—1033 ـ يىللىرىدىن
مىلادىيە 1056—1057 ـ يىللىرىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ (18 دانە) ۋە
ئىسمىنى ئېنىق بېكىتىش مۇمكىن بولمىغان يەنە بىر خاننىڭ (نەچچە
ئون دانە) سوقتۇرغان پۇللىرى ئىكەن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ پۇللار ئى-
چىدە شىمالىي سۇڭ خانلىقىنىڭ قۇيدۇرغان مىس يارماقلىرىمۇ بار. ①
ئۇنىڭدىن باشقا، قىرغىزىستاندىكى بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن
1960 ـ ۋە 1976 ـ يىللىرى جەمئىي 4859 دانە قاراخانىيلار دەۋرىدە قۇي-
دۇرۇلغان پۇل تېپىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئايرىم پۇللاردا ساقلىنىپ
قالغان خەتلەردىن قارىغاندا، ئۇلار ئاساسەن ھىجرىيە 444—449 ـ يىللار
(مىلادىيە 1073—1074 ـ يىللىرىدىن مىلادىيە 1078—1079 ـ يىللىرى)
دا بارىسغان، مەرغىلان، قۇز ئوردۇ (بالاساغۇن)، ئۆزكەنت، خوجەند قاتارلىق
شەھەرلەردە قۇيۇلغان پۇللار ئىكەن. ھازىر بۇ پۇللار قىرغىزىستان ئۇنى-
ۋېرسىتېتىنىڭ تارىخىي مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ② مەشھۇر قەدىمكى پۇللار

① مۇھەممەت يۇسۇپ :« شىنجاڭ تارىخىدىكى پۇللار»، شىنجاڭ خەلق نەشرى-
ياتى، 1993 ـ يىل نەشرى، 10 ـ بەت.

② «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1987 ـ يىل 1 ـ سان،
95 ـ ، 102 ـ بەتلەر.

مۇتەخەسسىسى ئى. ئا . داۋىدوۋىچنىڭ 1979 ـ يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان «تاجىكىستاندىن تېپىلغان قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر پۇللىرى» دېگەن كىتابىدا، تاجىكىستاننىڭ لېنىنئاباد شەھىرىنىڭ شۇرا ئاباد كوچىسىدىكى بىر ئازگالدىن قېزىۋېلىنغان 501 دانە پۇل تونۇشتۇرۇلغان. بۇ پۇللارنىڭ 500 دانىسى ئىبراھىم ئارسلانخان (ھىجرىيە 570 ـــ 574 ـ يىللىرى، مىلادىيە 1174 ـ 1175ـــ1178 ـ 1179 ـ يىللار) دەۋرىدە ئۆزكەنتتە قۇيدۇرۇلغان پۇللار ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. پەقەت بىر دانىسىلا سۇلايمان قادىر تاۋغاچخان نامىدىكى پۇل ئىكەن (بۇ پۇللار ھازىر لېنىنئاباد دۆلەتلىك تارىخ مۇزېيىدا ساقلانماقتا). مەزكۇر كىتابتا يەنە يەكەن، قەشقەر، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ پۇل قۇيۇلغانلىقى ئېيتىلغان. ①

قاراخانىيلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئاتۇش، قەشقەر كوناشەھەر، ئوپال، مارالبېشى، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان پۇللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ پۇللار جۇڭگو تارىخ مۇزېيى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى، دالىيەن شەھىرىدىكى لۈشۈن مۇزېيى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى، جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئورنى ۋە رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان ، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تارىخىي مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا. «شىنجاڭ تارىخىدىكى پۇللار » ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى مۇھەممەت يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ قولىدا قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت بىر قانچە خىل پۇل ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ 18 دانىسى مەسئۇد (مىلادىيە 1095ـــ 1097 ـ يىللار) نامىدا، 12 دانىسى مۇھەممەد ئارسلانخان نامىدا قۇيۇلغان پۇللاردىن ئىبارەت. مەسئۇد نامىدىكى مىس پۇلنىڭ دىئامېتىرى 3 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1 مىللىمېتىر، ئېغىر-

① مۇھەممەت يۇسۇپ: «شىنجاڭ تارىخىدىكى پۇللار»، 11 ـ بەت.

لىقى 7 گرام كېلىدۇ. پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىگە قوش سىزىقلىق چەمبەر بې-رىلىپ، چەمبەر ئىچىگە ئەرەبچە «لائىلاھە ئىلاللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇ-لىللا» دېگەن خەت ئويۇلغان. چەمبەر سىرتىدىمۇ خەت بولۇپ، بۇ خەتلەر بۇزۇلۇپ كەتكەچكە، ئوقۇشقا ئامال بولمىدى. پۇلنىڭ تەتۈر يۈزىدىكى چەمبەر ئىچىگە ئۈچ قۇر قىلىپ «مەلىكول ئەئىلا مەسئۇد ئىبىراھىم» دېگەن خەت ئويۇلغان. مۇھەممەد ئارسلانخان نامىدىكى مىس پۇلنىڭ دى-ئامېتىرى 4.1 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 3 گرام ئەتراپىدا كېلىدۇ. پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىگە «لائىلاھە ئىللەللا مۇھەممە-دۇن رەسۇلىللا» دېگەن خەت، تەتۈر يۈزىگە «ئاللا مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ شاپائەتچىسى» دېگەن خەت ئويۇلغان. ①

دېمەك، قاراخانىيلار دەۋرىگە تەئەللۇق پۇللارنىڭ كۆپ قىسمى مىس پۇللاردىن ئىبارەت. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مىس پۇللاردىن تاشقىرى يەنە «سون ئال-تۇن — نوكچا ئالتۇن، بۇ بىر بارماقتىن بىر گەزگىچە ئۇزۇنلۇقتا بولى-دۇ» («دىۋان» 3 ـ توم، 189 ـ بەت)، «يارتماق، ياماق، تەڭگە» «دىۋان» 3 ـ توم، 588 ـ بەت)، «قامدۇ — رەخت پۇل» («دىۋان» 1 ـ توم، 546 ـ بەت) قاتارلىق پۇل تۈرلىرىمۇ بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە «قامدۇ» ھەممىدىن بەكرەك كىشىنى قىزىقتۇرىدۇ. «قامدۇ — بويى تۆت گەز، ئېنى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر پارچە بۆز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر خانىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، سودا ـ سېتىقتا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، بۇ بۆز كونىرىسا ھەر يەتتە يىلدا بىر قېتىم يۇيۇپ ئۈستىگە باشقىدىن تامغا بېسىلىدۇ.» ②ئومۇمەن، بۇ دەۋردىكى پۇل ئوبوروتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئى. ئا . داۋىدوۋىچ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بۇ دەۋردىكى پۇل ئو-بوروتىدا ئىككى خىل ئالاھىدىلىك كۆرۈلگەن. بىرىنچى، ئۇنى ئىلگىرىكى

① مۇھەممەت يۈسۈپ:«شىنجاڭ تارىخىدىكى پۇللار»، 11 ـ بەت.

② «مەھمۇد قەشقەرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى 100 ـ بەت.

دەۋر بىلەن سىلىشتۇرغاندا ئالتۇن، يەنى مېتال پۇلنىڭ رولى ئېشىپ بارغان. نۇرغۇن شەھەرلەر مېتال پۇل ياساپ، ئۇنى پائال بازارغا سالغان. بۇ ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەھۋال. ئىككىنچى، ئاتالمىش «كۇمۇش كرىزىسى» كۆرۈلگەن. يەنى 11 ـ ئەسىردىن باشلاپ پۇلنىڭساپلىقى تۆۋەنلەپ، مەلۇم ئەھۋالدا ئېغىرلىقىمۇ يېنىكلەپ كەتكەن، سۇپىتى ناچار دەرھەم (كۇمۇش پۇل) شەرقىي ياۋروپادا ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالغان، ئۇلار ئادەتتە چېگرا ئىچىدىلا ئوبوروت قىلىنغان. ئۇنىڭ نامى «دەرھەم» دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تەركىبىدە كۇمۇش يوق، ياكى بولغاندىمۇ ناھايىتى ئاز، پەقەت مىس پۇلغىلا بىر قەۋەت كۇمۇش يالىتىلغان. تەركىبىدە كۇمۇش بولمىغان بۇ خىل دەرھەمنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى ئۇنىڭ ئەمەلىي قىممىتىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولۇپ، سودىدا ھەقىقىي كۇمۇش پۇلنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن». ①

بىرىنچى خىل ئەھۋال خەلقئارا سودىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىككىنچى خىل ئەھۋال، يەنى «كۇمۇش كرىزىسى» نىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب خۇددى ب. گ. غاپۇروف كۆرسەتكەندەك: «ئەگەر ساپلىقى يۇقىرى پۇلغا تايىنىپ تەسىر كۆرسەتسە، بازارنى بۇنچە كۆپ پۇل بىلەن تەمىنلەش مۇمكىن ئەمەس، بازار ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشى بىر جەھەتتىن ئالتۇننى ئاكتىپلاشتۇرۇۋەتسە، يەنە بىر جەھەتتىن ساپلىقى تۆۋەن پۇلنىڭ تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى ھەمدە كۆپەيتىۋەتتى. بۇ ئەھۋال ئاشۇ دەۋردىكى تاۋار ـ پۇل مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.» ②

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، قاراخانىيلار دەۋرىدە، چوڭ شەھەرلەر ۋە بازارلاردا، جۈملىدىن تاشقى سودا ئىشلىرىدا مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە مېتال پۇل ئوبوروتى ئاساس قىلىنغان. ئەمما چەت يېزا ـ قىشلاقلاردىكى بىۋاسىتە ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئارىسىدا مالنى مالغا

---

①② ۋېي لياڭتاۋ : « قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، 308 ـ ، 309 ـ بەتلەر.

ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى سودا ـ تىجارەت يەنىلا داۋاملاشقان، بۇ ھەقتە ۋ. ۋ. گرىگورىيېف مۇنداق يازغان: «خوتەن ۋادىسىدىكى يەرلىك سودا ـ تىجارەت مال بىلەن مالنى ئالماشتۇرۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. باج ـ سېلىقلارمۇ تەبىئىي سېلىقلار بىلەن تۆلىنەتتى. تاۋار ئالماشتۇرۇشتىكى ئاساسىي ۋاستە بۆز، يىپەك، ئاشلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. مۇشۇ ئۈچ نەرسىنىڭ بىرەرىنىڭ مۇئەييەن بىر مىقدارى بىلەن باشقا ھەر قانداق بىر تاۋارنىڭ باھاسى بەلگىلىنەتتى.

بۇ يەردە جۇمە كۈنى بازار كۈنى ھېسابلىنىپ، مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يىغىلاتتى ۋە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇراتتى.» ①دېمەك، ئىچكى بازاردا دېھقان بىلەن دېھقان تاۋار ئالماشتۇرۇپ كەلگەن. گەرچە پۇل ئوبوروتى بۇ جايلاردىمۇ مەۋجۇت بولسىمۇ، ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئارىسىدىكى بۇ خىل ئەنئەنىۋى «مال ئوبوروتى» «پۇل ئوبوروتى» نىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. بۇنداق «مال ئوبوروتى» مېتال پۇلنى ئاساس قىلغان «پۇل ئوبوروتى»غا قارىغاندا پۇلنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە مۇقىملاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولغان. چۈنكى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى پۇل ئىشلەش قىزغىنلىقى ئوردا ئىچىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش كۆرەشلىرىنىڭ جىددىيلىكى ۋە خانلارنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە داۋاملىق پۇل پاخاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىم ئامىل بولۇپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۆز تەۋەلىكىدىكى كەڭ دېھقان ـ چارۋىچىلاردىن تەلەپ قىلىدىغان ھەرخىل باج ـ سېلىقلارغىمۇ پۇل قىممىتىدە مال (كۆپىنچە ئاشلىق، چارۋا مال ... ) ئالغان. ھەتتا باغۋەنچىلىك بېجى ئۈچۈن مۇسەللەس ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مېۋىلەر قوبۇل قىلىنغان.

① د. تىخونوف: «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 115 ـ بەت.

## 2. يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە سودا

### 1. قول ھۈنەر ـ سەنئىتى

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە قول سانائەت ئىگىلىكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجـ-
لاندى. بولۇپمۇ بۇ دەۋردە كانچىلىق بىلەن مېتالچىلىق كەسپى ئالاھىدە تەرەققىي قىلدى. كۇچا، ئاقسۇ ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، بۈگۈر قاتارلىق جايلار شۇ مەزگىلدە كانچىلىق ۋە مېتالچىلىق كەسىپلىرىنىڭ مەركەز- لىرى بولۇپ، بۇ رايونلاردا ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قەلەي، تۆمۈر، قاشتې- شى، تۇز، سىماب، نۈشۈدۈر، گۈڭگۈرت قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى قې- زىلاتتى ۋە پىششىقلاپ ئىشلىنەتتى. بۇ كان مەھسۇلاتلىرىدىن كەتمەن، گۈرجەك، ئورغاق، ساپان چىشى قاتارلىق ھەر خىل دېھقانچىلىق سايمان- لىرىنى ئىشلەشتىن باشقا، يەنە ھەرە، ئۈشكە، رەندە، پالتا، تۈگمەن تې- شىنىڭ ئوقى، ھەر خىل ئۆلچەملىك مىخ، تاقا قاتارلىق ھۈنەر ـ كەسىپ قوراللىرى، قىلىچ، نەيزە، خەنجەر، ئايپالتا، ئوقيا ئوقىنىڭ بېشى، قالقان، دۇبۇلغا، مىلتىق قاتارلىق قورال ـ ياراغلارنى ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەيتتى. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە كانچىلىق ۋە مېتالچىلىق ئاساسەن خانلىقنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، خان كاننىڭ ئىگە- لىك ھوقۇقىنى كان سودىگەرلىرىگە ئىجارىگە بېرىش ياكى سېتىپ بې- رىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. كانلارنى ئىجارىگە ئالغان مەزگىلدە، ئىجارىگە ئالغۇچى سودىگەرنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارنىڭ خالىغانچە قېزىشىغا يول قويۇلمايتتى. ئۇلار ئىشچىلارنى ياللاپ ناھايىتى ئەرزان باھادا ئىش- لىتەتتى. يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى گۈللەنگەن كانچىلىق ۋە مېتالچىلىق كەسپى بۇ دەۋرنىڭ قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئاساس بولدى. بۇ دەۋردە ھۈنەر ـ ئىشلەپچىقىرىش بىر تەرەپتىن، كارخانىلى- شىش يولىغا قاراپ ماڭغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى نەپىسلىككە ۋە يۇقىرى سەۋىيىگە قاراپ يۈزلەندى. بۇ چاغدا توقۇمىچىلىق، گىلەمچىلىك، خارەتلىك (ياغاچچىلىق)، تاش ئويمىچى- لىق، تۆمۈرچىلىك، مىسكەرچىلىك، زەرگەرچىلىك، تىككۈچىلىك، بو-

ياقچىلىق، جۇۋازچىلىق، سوپۇنچىلىق، ساتىراشلىق، چاقچۇقچىلىق (كۇلالچىلىق)، قازانچىلىق، موزدۇزلۇق، كاھىشچىلىق، پىچاقچىلىق، قۇلۇپسازلىق قاتارلىق نەچچە ئون خىل قول ھۇنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە راۋاجلاندى. ھەتتا بۇ دەۋردە خېلى سۇپەتلىك ئالتۇن پۇل (تىللا) ياسىلىپ، خەلقئارا سودا ئوبوروتىغا قاتناشتۇرۇلغان. يەكەن خانلىقى مەزگىلىدە سۇلتان سەئىدخاننىڭ نامى بىلەن ياسالغان تىللانىڭ شىنجاڭدىن، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، كەشمىر رايونلىرىدىن خېلى كۆپلەپ تېپىلغانلىقى يۇقىرىقى پىكىرىمىزگە دەلىل بولىدۇ. ①

2. سودا ـ سېتىق مەدەنىيىتى

يەكەن خانلىقىنىڭ قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى خانلىقنىڭ ئۆز ئېھتىياجىنى قامداشنى مەقسەت قىلىپلا قالماي، بەلكى قوشنا خانلىقلار بىلەن بولغان تاشقى سودىنىمۇ مەقسەت قىلاتتى.

يەكەن خانلىقى قۇرۇلۇش بىلەن تەڭ قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، سودىنى جانلاندۇرۇش خانلىقنىڭ ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەدبىرلىرىنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم مەزمۇنلاردىن بىرى ئىدى. شۇڭلاشقا يەكەن خانلىقى دەۋرىدە تاشقى سودىنىڭ كۆلىمىگە قارىغاندا ئىچكى سودىنىڭ كۆلىمى تېز كېڭەيگەن بولۇپ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق شەھەرلەر شۇ ۋاقىتلاردا ئاساسلىق سودا مەركەزلىرى بولۇپ قالغان. «بېيت دېنىڭ قىتانىي زىيارەت قىلىشى» ناملىق كىتابتا بۇ ھەقتە مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان: «يەكەن قەلئەسى خانلىقنىڭ پايتەختى ئىدى. سودىگەرلەر بېلىقتەك توپلىشىپ كەتكەنىكەن، تۇرلۇك ماللار ئالمىشىپ تۇرىدىكەن، شەرقتىكى مەشھۇر سودا سورۇنى ئىكەن.» ②

---

① ليۇزىشياۋ:«ئۇيغۇر تارىخى» 1 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 773 ـ بەت.

② ئەنۋەر بايتۇر:«شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشرى، 1022 ـ بەت.

مۇشۇ دەۋردە شەھەر سودىسىنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەر قايـ-
سى يېزىلاردا يېزا بازارلىرى كۆپلەپ بارلىققا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ھەپتە
كۈنلىرىنىڭ ھەممىسىدە بازار بولۇپ تۇرىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە يۇقىرىقىدەك ئىچكى سودىنىڭ جانلىنىشىغا
ئەگىشىپ، تاشقى سودىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىلدى. بۇ دەۋردە ئۇرۇش مالـ-
مانچىلىقى تۈپەيلىدىن خارابلاشقان شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان يىپەك
يولى قايتا ئېچىلىپ، قەشقەر ئارقىلىق ماۋرائۇننەھرگە بارىدىغان سودا
يولى ئورنىغا كەشمىر ۋە ھىندىستانغا بارىدىغان «لاداخ يولى» ئېچىلىپ،
بۇ قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان سودا ئالاقە يېڭىدىن جانلىنىشقا باشلىدى.
بۇ يوللاردا سودا كارۋانلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. مىلادىيە 17 ـ ئەسىر-
نىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا يەكەن خانلىقىغا ساياھەتكە كەلگەن پورتۇگالـ-
يىلىك بېئونىت دېگوس يەكەن ۋە قەشقەر شەھەرلىرىدە كابۇل، كەشمىر
ۋە ھىندىستاندىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ سودا قىلىـ-
دىغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان. ①

يەكەن خانلىقى بۇ دەۋردە مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودا ئالاقە
ئىشلىرىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. پورتۇگالىيىلىك سەيياھ بىـ-
ئونىت دېگوس ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە: «سۇجۇ شەھىرى غەرب
سودىگەرلىرى توپلىشىدىغان جاي، غەربتە 7، 8 دۆلەت بولۇپ، ئۇلار بىلەن
چىن ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا بۇرۇندىنلا سودا كېلىشىمى بولغان» ②
لىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سەيياھ لاھوردىن چىققان سودا كارۋانلىرى بىلەن
يەكەنگە كەلگەن، ئۇ يەردىن يەنە يەكەن خانلىقىنىڭ سودا كارۋانلىرى
بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى سۇجۇ شەھىرىگە بارغان. ئۇ يەكەن
خانلىقىنىڭ مىڭ سۇلالىسىغا ئېلىپ ماڭغان قىممەتلىك تارتۇقلىرىنى

---

① جاڭ شىڭلياڭ:«جۇڭگو غەرب قاتناش ئىشلىرىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىـ-
مى»، 1 ـ كىتاب، 421 ـ بەت.

② ۋېي لياڭتاۋ :« يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 284 ـ بەت.

بىۋاسىتە كۆرگەن. «بۈيۈك مىلىڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» دە يېزىلىشىچە، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تارتۇق قىلىنغان بۇيۇملار: ئات، تۆگە، قاشتېشى، زۇمرەتتاش، ئالماس، پولات خەنجەر، ئېكەك، ھەر خىل قەلەمتىراچ، توغراق شولتىسى، بۆكەن مۈڭگۈزى، يوللۇق قىزىل شايى، يېشىل تون، ئېگەر ـ جابدۇق، گۈللۈك خورجۇن، ھەر خىل تېرىلەر ئىكەنلىكى مەلۇم. يۇقىرىقى مەلۇماتلار يەكەن خانلىقى دەۋرىدە سودا ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

3. بىناكارلىق سەنئىتى

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردە نىسپىي گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا، بولۇپمۇ ماۋرائۇننەھىردە سەلدەك يامرىغان سوپىزم ئېقىمى يەكەن خانلىقىغا سىڭىپ كىرىپ، ئەسەبىيلەشكەن ئىشانچىلىقنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلەن ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدىن باشلاپ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت فورماتسىيىلىرى قويۇق دىنىي تۈس ئېلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىناكارلىق كۆپرەك دىنىي قۇرۇلۇشلارنى، يەنى مەسچىت، خانىقا، مازار ـ ماشايىخلارنى ياساش ـ بېزەش بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ، تىلغا ئالغۇدەك ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلارنىڭ ياسىلىشىغا سەل قارالدى. سوپىزمنىڭ چېكىدىن ئاشقان «تەركىدۇنياچىلىق» پىكىر ئېقىمىنىڭ تىزگىنلىشى بىلەن يەكەن خانلىقى جەمئىيىتىدە بىرقىسىم يۇقىرىلار ۋە ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار ئۆي ـ ماكانلىرىنى ۋە ئۆز كەسىپلىرىنى تاشلاپ، كۆڭلىرىنى سوپى ـ ئىشانلارنىڭ خانىقالىرىدا، مازار ـ ماشايىخلاردا زىكرى ـ سۆھبەت بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ھالەت شەكىللەندى. ۋەھالەنكى، «تەركىدۇنياچىلىق» نى تەرغىب قىلىدىغان بۇ جاھالەت پىرلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى توسۇپ قېلىشقا قادىر ئەمەس ئىدى. بۇ مەنىدىن يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتىمۇ «ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبى»نى گەۋدىلەندۈرۈپ، بەزى يېڭى

بىناكارلىق ئۆلگىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى.

تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى جەھەتتىن، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتىن توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلغاندىن سىرت، يەنە ياغاچ قۇرۇلمىلىق قوشام ئۆيلەرمۇ مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەيتتى. پۈقرالارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىدە تۈڭلۈك بىلەن گۈللۈك پەنجىرە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، دېرىزە رولىنى ئوينايتتى. بۇ دەۋردىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، تۇرالغۇ ئۆيلەر ھويلا ـ ئارام ۋە باغ بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ياسالغانىدى. ئۆي سېلىشتىن ئىلگىرى ھويلا ـ ئارام ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش باغ پىلانلىنىپ، ھەر خىل مېۋىلىك كۆچەتلەر قويۇلۇپ، ھويلا ئەتراپى دەل ـ دەرەخلەر بىلەن قورشىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاھالىلارنىڭ «ئۆي ـ ئىمارەتلىرى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان، ئۆي ئەتراپى باغۋارانلار بىلەن تولغان» مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇش خانلىق ئوردىسى ئىدى. بۇ ھەقتە مىرزامۇھەممەد ھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق خاتىرە بار: « بۇ ئوردا قەلئە ئىچىگە ياسالغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 30 گەز كېلىدۇ. قەلئەنىڭ ئالتە دەرۋازىسى بولۇپ، قۇرۇلمىسى ئىنتايىن پۇختا. ھەربىر دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىردىن مۇنار ياسالغان بولۇپ، دەرۋازا ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. كىمكى قايسىبىر دەرۋازىدىن كىرمەكچى بولىدىكەن، چوقۇم مۇشۇ ئىككى مۇنار ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئەگەر دۈشمەنلەر ئوردىغا ھۇجۇم قىلسا، ئالدى ـ ئارقىدىن ۋە ئوڭ ـ سولدىن تەڭ زەربىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ئوردا يېنىدا ئىنتايىن گۈزەل بىر باغ بولۇپ، يازدا بۇ جايدا سالقىنداش تەنىنىڭ سالامەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئىدى. ئوردا ئىچىگە ئىنتايىن كۆركەم ئۆيلەر ياسالغان بولۇپ، بۇنى تەسۋىرلەشكە قەغەز ـ قەلەم ئازلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۆت تەرىپىدە ئوندەك باغچا بار، ئوتتۇرىسىدا چوڭ ـ چوڭ بىنالار بار بولۇپ، ھەربىر بىنادا يۈز ئېغىزدىن

ئۆي بار، بۇ ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىتاب جاھازلىرى تىزىلغان، تاملارغا تەكچە ئويۇلغان، تام ـ تورۇسلىرى ھاك بىلەن ئاقارتىلغان، تاملىرىغا كاھىش چاپلىنىپ، ئۈستىگە رەسىم سىزىلغان». يەكەن خانلىقىدا قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىغا ئوخشاش يازلىق، قىشلىق پايتەخت بولۇشتەك ئەنئەنىگە خاتىمە بېرىلگەن. يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن بۇ خانلىق ئوردىسى يەكەن خانلىقى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يۈز بەرگەن «ئاق تاغلىقلار» بىلەن «قارا تاغلىقلار» دەپ ئاتالغان ئىككى دىنىي ـ سىياسىي مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى دەھشەتلىك ئۇرۇش جەريانىدا ۋەيران بولغانلىقى مەلۇم. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئوردىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنى ھازىرقى يەكەن ناھىيە بازىرىدىكى «ئوردا كۆل» مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، سېپىل، خەندەك ئىزلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە يېڭىدىن بىنا بولغان كۆرۈنەرلىك قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن بىرى مەدرىسە ۋە مەسچىت قۇرۇلۇشلىرى ھېسابلىنىدۇ. مەدرىسلەر يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بولۇپ، ئۇ كۆپرەك چوڭ شەھەرلەردە بىنا بولغان. مەسىلەن، شۇ دەۋرگە خاس مەد-رىسلەردىن يەكەندە قۇرۇلغان « مىرزاھەيدەر مەدرىسى» (جاھان مەدرىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، يەكەن خانلىقىنىڭ 8 ـ خانى ئابدۇللاخان (مىلادىيە 1639—1652 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) تەرىپىدىن 1641 ـ يىلى بىنا قىلىنغان قەشقەردىكى «خانلىق مەدرىسى»، كۇچادىكى «ۋەلىيە مەدرىسى»، قەشقەردىكى «مەدرىسى كەرىمىيە»، «قازانچى مەدرىسى»، يەكەندىكى «مەدرىسى مۇھەممەدىيە»، «غازىيە مەدرىسى»، «ئارسلانباغ مەدرىسى»، «ئوردانلىق مەدرىسى»، يېڭىساردىكى «ھۆرىيەت مەدرىسى» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. مەدرىسە كۆپىنچە مەسچىت بىلەن قوشۇپ ياسال-غان. ئۇنىڭدا ئوقۇتۇش ۋە تالىپلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ، ئىبادەت پائا-لىيەتلىرىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش يۈزىسىدىن دەرسخانا، قىرائەتخانا، مۇدەررىس ئىشخانىسى، ياتاق، ئاشخانا، سەراپ (مۇنچا)، كۆل ياكى قۇدۇق، باغ ـ ھويلا قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەسلىھەلەر بىر گەۋدىلەشكەن. بەزى

مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە خانلىق تەۋەسىدە 573 مەدرىسە بارلىقى مەلۇم. ① بۇنىڭ ئىچىدە يەكەندىكى «سەئىدىيە مەدرىسى» ئىككى قەۋەت بولۇپ، 360 ھۇجرىسى بار ئىدى. «مىرزاھەيدەر مەدرىسى» نىڭ قۇرۇلۇشى ئىنتايىن كاتتا بولۇپ، پىششىق خىش بىلەن كاھىشلىق قىلىپ ياسالغان. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ مەدرىسىنىڭ مۇنارى ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسا ئوتتۇز چاقىرىم يىراقلىقتىكى يەكەن دەرياسىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. قەشقەردىكى «خانلىق مەدرىسى» مۇ ھەيۋەتلىك بولۇپ، دەرۋازا، مۇنار، پەشتاق، ئىچكىرى ـ تاشقىرى ھويلا، پېشايۋان، ھۇجرىدىن ئىبارەت يەتتە قىسىمغا بۆلۈنگەن. قوش قاناتلىق دەرۋازىنىڭ ئېگىزلىكى 3 مېتىر، كەڭلىكى 8.2 مېتىر بولۇپ، دەرۋازا ئۈستىدە مۇدەررىسلەرنىڭ دەرس تەييارلايدىغان، ئارام ئالىدىغان ھۇجرىلىرى بولغان. دەرۋازا بېشىغا بىلىمنىڭ ئۇلۇغلۇقى جەھەتتىكى ئەقلىيە سۆزلەر ھۆسنخەت بىلەن ئويۇلغان. «دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئېگىزلىكى 13 مېتىر كېلىدىغان نەقىشلىك مۇنارنىڭ ئۈستىدە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ھىلال ئاي بەلگىسى بار ئىدى. مەدرىسە تاملىرىنىڭ ئۇلى 13 قۇر ئېگىزلىككىچە خىش بىلەن، ئۇنىڭ ئۈستى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، مەدرىسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1468 كۋادرات مېتىر كېلەتتى. چوڭ ـ كىچىك 50 ھۇجرىسى بار ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا مەسچىت، مەدرىسە، خانىقالارنىڭ يېنىغا، يېزا ـ كەنتلەرگە دىن بىلەن پەننىي بىلىملەر ئارىلاش ئوقۇتۇلىدىغان ھەر خىل مەكتەپلەر قۇرۇلغان. «تارىخىي رەشىدى» دە خاتىرىلىنىشىچە، شۇ دەۋردە خانلىق تەۋەسىدە مۇشۇ خىل مەكتەپلەردىن 1690 مەكتەپخانا قۇرۇلغانلىقى مەلۇم. ②

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە خانلىق تەۋەسىدە 585 مەسچىت بار بولۇپ،

---

① ھاجى نۇرھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1994 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 243 ـ بەت.

② ئا. مەخسۇت :« ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، 256 ـ ، 261 ـ بەتلەر.

بۇلاردا پېشايۋانلىق مەسچىت قۇرۇلۇشى تىپىك ئۇلگە قىلىنغان. مەسچىت زالىنىڭ تام ـ تورۇسلىرى ۋە ئىشىك بېشىغا ھەرخىل نەقىشلەردىن باشقا يەنە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ئەرەب خەتتاتلىق ئۇسلۇبىدا نەقىش قىلىپ يېزىلغان. ئەزان ئېيتىش پەشتىقىمۇ ئېگىز ھەم قۇببىلىق بولۇپ، گەج ۋە خىش تىزما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. بۇنداق مەسچىتلەردىن تىپىك بولغانلىرى يەكەندىكى «ئالتۇن مەسچىت» (1533 ـ يىلى ياسالغان)، «يەكەن جامائەسى» (1638—1669 ـ يىللىرى كېڭەيتىپ ياسالغان)، «ئازنا مەسچىت» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئىلگىرى ئۆتكەن ۋە شۇ دەۋردە ۋاپات بولغان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ نامىغا ئاتاپ مازار بىنا قىلىش ئىنتايىن ئەۋج ئالغان، بۇنىڭغا ئەگىشىپ سوپىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە مازارغا تاۋاپ قىلىش كۆچىيىپ كەتكەن. نەتىجىدە ساپ ئىسلام ئەقىدىسىگە يات بولغان ھەيۋەتلىك قەبرە قاتۇرۇش قىزغىنلىقى قوزغىلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ھەشەمەتلىك مازارلىقلار بىنا بولغان. خۇراپاتلىقتا ئەسەبىيلەشكەن خوجا ـ ئىشانلار ئاۋام خەلقنى ئۆزىگە رام قىلىشتا «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردىكى ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، «خۇدا ئۇلۇغ زاتلارنىڭ قەبرىلىرىنى ھاجەت ئىگىلىرىنىڭ پىنھان جايى قىلدى. ھەر قانداق قىيىنچىلىققا دۇچار بولۇپ گاڭگىراپ قالغان چېغىڭلاردا ئۇلۇغ مازارلاردىن ياردەم سوراڭلار» دەپ كىشىلەرنى مازارغا چوقۇنۇشقا، تەركىدۇنياچىلىققا ياشاشقا دەۋەت قىلغان. بۇ خىل خاھىش ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويغان بولسىمۇ، بىز بۇ يەردە مازار بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىدىكى ئورنى نۇقتىسىدىن، ئۇنىمۇ بىر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ، دەپ قارايمىز. يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئەڭ چوڭ مازار «ئالتۇنلۇقۇم» دەپ ئاتالغان خانلىق مازىرى بولۇپ، 1533 ـ يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى سۇلتان سەئىدنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن ياسالغان ۋە كېيىنكى خانلاردىن ئابدۇرەشىدخان، ئابدۇكېرىمخان، مۇھەممەدخان، ئەھمەدخان، ئابدۇ-

لېتىپخان، ئابدۇللاخان ... قاتارلىق خانلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى دەپنە قىلىنغان. كېيىن خانىش ئامانىساخانمۇ مۇشۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان. «ئالتۇنلۇق» نى يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى يەر ئاستى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ تىپىك ئۇلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى گۆرلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى 3.5 مېتىر، ئىچى گۈمبەز شەكىللىك، تۆت ئەتراپى مېھراب شەكىللىك بولۇپ، ئەتراپلىرىغا كېمىر ئۆي ياسالغان. جەسەتلەر مۇشۇ كېمىر ئۆيـ لەرگە قويۇلغان. پۈتكۈل مازارلىقنىڭ كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، مازارلىق دەرۋازا، مەسچىت، كۆل، تونەكخانا، ئېتىكاپخانا ۋە قەبرىستانلىقتىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى ۋە دۆلەت ئەربابى، «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپـ تورى مىرزا ھەيدەركوراگانىنىڭ مازىرى بولۇپ، ئۇ مازار ھازىرقى يەكەن ناھىيىسى بازارلىق ھۆكۈمەت يېنىغا، يەنى ھازىرقى يەكەندە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم توپچىلار باتالىيونى تەۋەسى ئىچىگە جايلاشقان. ئازادلىقنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بۇ مازار ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق مەھەللىسى ئىچىگە قاپسىلىپ قالغاچقا بۇزۇۋېتىلگەن. بۇ مازار جايلاشقان جاي ھازىر «ھەيدەر باغ» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

مۇشۇ دەۋردە بىنا بولغان مازارلار ئىچىدە ئالاھىدە بولغىنى ئاپپاق خوجا مازىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مازار قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق قوغان يېزىسىنىڭ ھەزرەت كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 49950 كۋادرات مېتىر (75 مو) كېلىدۇ. بۇ مازارلىق مەدرىسە، چوڭ كۆل، كىچىك كۆل (شەربەت كۆلى)، ئالتۇن دەرۋازا ( پەشتاقلىق مۇنار)، ياسىداق مەسچىت، قەبرىگاھ، كۆك گۈمبەز، تىلاۋەتخانا، جۈمە مەسچىتى (ئازنا مەسچىت)، باغ قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپقان.

ئاپپاق خوجا مازىرىدىكى ئاساسلىق قۇرۇلۇش ھېسابلانغان قەبرىگاھ (چوڭ گۈمبەز) يەكەن خانلىقىنىڭ 9 ـ خانى ئابدۇللاخان (1638—1667 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە 1640 ـ يىلى ئاپپاق خوجىنىڭ دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ خوجىنىڭ دەپنە قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ياسالـ غان. ئۇنىڭدىن كېيىن 17 ـ ئەسىردە شەكىللەنگەن «ئاق تاغلىقلار گۇرۇ-

ھى» نىڭ مەشھۇر ئاقساقىلى خوجا ھىدايەتۇللا (ئاپپاق خوجا) باشلىق بەش ئەۋلاد، 72 كىشىنىڭ جەسىتى ئارقا ـ ئارقىدىن دەپنە قىلىنىپ، چوڭ بىر قەبرىلەر توپىنى ھاسىل قىلغان. يېقىنقى زاماندا تارقالغان رىۋايەت بو- يىچە، ئاپپاق خوجىنىڭ قىز نەۋرىسى، چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ پادىشا- ھىنىڭ خانىشى ئىپارخاننىڭ جەسىتى بېيجىڭدىن بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىنىپ، مۇشۇ مازارلىققا قويۇلغان دەپ قارالغاچقا، بۇ مازار «ئىپارخان مازىرى» ( 香妃墓 ) دېگەن نام بىلەنمۇ مەشھۇر بولغان. كېيىن «قارا تاغلىقلار» مەزھىپى (ئىسھاقىيە گۇرۇھى) تەرىپىدىن ئوت قويۇپ كۆي- دۈرۈۋېتىلگەن. مىلادىيە 1679 ـ يىلى «ئاق تاغلىقلار» مەزھىپىنىڭ باش- چىسى، سوپىلارنىڭ پىرى ھىدايەتۇللا خوجا (ئاپپاق خوجا) جۇڭغار خاندا- نلىقىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ يەكەن خانلىقىدىن ھوقۇق تارتىۋالغاندىن كېيىن بۇ مازارنى قايتا كېڭەيتىپ ياساتقان. مىلادىيە 1693 ـ يىلى ئاپپاق خوجا رەقىبلىرى تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن مۇشۇ گۈمبەز ئىچىگە دەپنە قىلىنغان. شۇنىڭدىن تارتىپ «ئاپپاق خوجا مازىرى» دەپ ئاتىلىپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ زور زىيارەت ئورنىغا ئايلانغان. «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» ناملىق كىتابتا يېزىلىشىچە، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، 1795 ـ يىلى چيەنلۇڭ خان پەرمان چۈشۈرۈپ بۇ مازارنى قوغدىغان، دۆلەت خەزىنىسىدىن پۇل ئاجرىتىپ رې- مونت قىلدۇرغان ۋە كېڭەيتىپ ياساتقان، شۇنداقلا «نام ـ مەرتىۋە تاختى- سى» تەقدىم قىلغان. جياچىڭ سەلتەنىتىنىڭ 16 ـ يىلى (مىلادىيە 1811 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ئوردىسى (بېيجىڭ گۇگۇڭ سارىيى) دا ئەمەلدار بولغان تۇردىنىڭ خاتۇنى سۇدەيشياڭ (دىلشاد خېنىم، مانجۇ) پۇل چىقىرىپ مازارنى كېڭەيتىپ ياساتقان. تۇردى كېسەل بىلەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، سۇدەيشياڭ ئېرىنىڭ جەسىتىنى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، مۇشۇ مازارلىقتىكى «كۆك گۈمبەز » ئىچىگە دەپنە قىلغان. ①

① راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇر مازارلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىل نەشرى، 24 ـ بەت.

ئاپپاق خوجا مازىرى تارىختا گەرچە كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان ۋە كېڭەيتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ياسىلىش شەكلىدە ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان.

ئاپپاق خوجا مازىرىدىكى ئەڭ ئالاھىدە قۇرۇلۇش بولغان كۆك گۇمبەزنىڭ ئېگىزلىكى 26.5 مېتىر، دىئامېتىرى 17 مېتىر بولۇپ، تۆت چوڭ ئەگمە تۈۋرۈك بىلەن تۇرغۇزۇلغان. چوڭ ئەگمىنىڭ ئارىلىقىغا تۆت كىچىك ئەگمە چىقىرىلغان ، جەمئىي سەككىز ئەگمە تۈۋرۈك ئارقىلىق يۇمىلاق شار شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە گۇمبەز ئەگمىسى قوپۇرۇلغان. گۇمبەز ئەتراپىغا 2 ـ قەۋەتتىن سىرتقا قارىتىپ پەنجىرىلىك دېرىزە ئېچىلغان. گۇمبەزنىڭ تاشقى تەرىپى كۆك، يېشىل، توق سېرىق ۋە ئاق رەڭلىك كاھىشلار بىلەن بېزەلگەن. گۇمبەزنىڭ ئۈستىگە يېشىل كاھىش چاپلانغان. گۇمبەز ئاستىدىكى قەبرىگاھ ئىچى كەڭ ، ئازادە بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز سۇپىغا چوڭ ـ كىچىك قەبرىلەر رەت ـ رەت ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قەبرىگاھنىڭ تۆت بۇرجىكىگە ئۇزۇن تۆت مۇنار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ باش تەرىپىدىكى گۇمبەز شەكىللىك ئەگمىنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ھىلال ئاي شەكلى ئورنىتىلغان. ھەقىقەتەن بۇ نەقىشلىك گۇمبەز شەكلىنىڭ كۆركەملىكى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئىقتىدارىنىڭ مەزمۇتلىقى بىلەن ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۇنەر ـ سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

ئاپپاق خوجا مازىرى ئاپتونوم رايون بويىچە كۆلىمى چوڭ، ھۇنەر ـ سەنئىتى ئالاھىدە ۋە ھازىرغىچە نىسبەتەن ياخشى ساقلانغان قەدىمكى مازار بولۇپ، 1957 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن. 1988 ـ يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن «دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن.

ئومۇمەن، يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتى ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋە خىش قۇرۇلمىلىق، گۇمبەز تورۇسلۇق قۇرۇلما شەكلىگە

ئىگە بولۇپ، ھۇنەر ـ سەنئىتى جەھەتتىن ياغاچچىلىق، گەجخارلىق، نەقـ-قاشلىق، كاھىشخارلىق، رەسساملىق ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، ئۆي ـ ئوردا قۇرۇلۇشى، مەسچىت ـ مەدرىسە ۋە مازار قۇرۇلۇشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمە-يەت بېرىلگەن. يەكەن خانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن «سەلتەنەت مۇنارلىرى»، راۋاقلار، پەشتاقلار، مەسچىت ـ مەدرىسلەر ۋە ئۇلارنىڭ مازار ـ گۇمبەزلىرى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى، پۈتكۈل شەھەر ـ بازارلاردىكى مەدرىسە 573 كە، مەھەللە مەسچىتى 585 كە، پۇقرالار مەھەللىسى 3784 كە، بازارلىق كوچىلار 424كە، ھاممام (مۇنچا) لار 437 گە، ھەر خىل مەكتەپلەر 2263كە، ئۆتەڭ ـ سارايلار 1736 گە، كۆل 835 كە، چوڭ بازارلار198 كە، ھەر خىل قول ھۇنەر كارخانىلىرى 1564 كە يەتكەن. ① خانلىق دائىرىسىدە 9 چوڭ شەھەر، 36 سىپىل دەر-ۋازىسى بولغان. بۇ سانلىق مەلۇماتلار يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى بىناكار-لىق سەنئىتىنىڭ كۆلەم جەھەتتىن كېڭەيگەنلىكى، تېخنىكا، سۈپەت جەھەتتە خېلى مۇكەممەللەشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## §2 . 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر قول ھۇنەر ـ سەنئىتى ۋە سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر

### 1. قول ھۇنەر ـ سەنئىتى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر

ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «شىنجاڭنىڭ 40 يىلى » (« 新疆 40 年 ») ناملىق قامۇستىكى ستا-تىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1949 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئو-مۇمىي نوپۇسى 4 مىليون 333 مىڭ 400 بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ـ بازارلاردىكى ئاھالە 21% .12نى، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 85%نى تەشكىل قىلغان. 1994 ـ يىلىغا كەلگەندە شەھەر ـ بازار نوپۇسى كۆپىـ-يىپ 11% .48كە، ئومۇمىي نوپۇس 16 مىليون 397 مىڭغا يەتكەن. (ئو-

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىل 1 ـ سان.

مۇمىي نوپۇسىنىڭ ئىچىدە ، 1949 ـ يىلى ئۇيغۇرلار 3 مىليون 291 مىڭ 100 كىشى، 1994 ـ يىلى 7 مىليون 697 مىڭ 300 كىشى.) ①

20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن 4 تىن 3 قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ 15%تىن كۆپرەكى شەھەر ـ بازارلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇلار ھەر خىل قول ھۈنەر ئىگىلىكى ۋە سودا ـ سېتىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىغان، ئۇنىڭدىن باشقا 85% نى تەشكىل قىلىدىغان يېزا ئىگىلىك (چارۋىچىلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ) ئاھالىسى ئىچىدە قوشۇمچە ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەرمۇ خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ھەتتا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خېلى كۆپچىلىك يېزىلىرىدا «موزدۇز مەھەللىسى»، «باپكار مەھەللىسى»، «دوپپىچى مەھەللىسى»، «تۇماقچىلار مەھەللىسى»، «ساندۇقچىلار مەھەللىسى»، «بوياقچى مەھەللىسى»، «كۆنچى مەھەللىسى»، «مىسكەر مەھەللىسى»، «تاغاقچى مەھەللىسى»، «قەغەز كوچىسى» (قەغەزچىلىك)، «قاسساپ مەھەللىسى»، «تاۋاقچى مەھەللىسى»، «ئېگەرچى مەھەللىسى» ... دېگەنگە ئوخشاش مەخسۇس بىر خىل ھۈنەرنى كەسىپ قىلغان مەھەللە ـ يۇرتلار شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەن ھۈنەر ـ كەسىپنى ئالاھىدە ئەتىۋارلىغان: «ھۈنىرى يوقنىڭ جېنى يوق»، « نەسەبكە ئىشەنمە، ھۈنەرسىز يۈرمە»، «نەپسىڭنىڭ قۇلى بولماي، ھۈنەرنىڭ قۇلى بول»، «تېشى يوق ساي بولماس، ھۈنىرى يوق باي بولماس»، «ھۈنەرۋەن پۇلسىز قالماس»، «قىرىق ھۈنەر ھۈنەر ئەمەس، ئەسلىي ھۈنەر چويلىچىلىق»، «ئەركىشىگە 72 تۇرلۇك ھۈنەر ئاز» قاتارلىق ماقال ـ تەمسىللەر ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپكە بولغان ھېرىسمەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر قول ھۈنەر سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى ئىككى باسقۇچقا ئايرىش مۇمكىن:

---

① «شىنجاڭنىڭ 40 يىلى» جۇڭگو ستاتىستىكا نەشرىياتى، 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 483 ـ بەت.

1 ـ باسقۇچ: 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى، يەنى ئازادلىققىچە بولغان دەۋر. ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ باسقۇچتا ئۇيغۇرلارنىڭ قول هۈنەر ئىگىلىكى كۆلەم جەھەتتىن كېڭەيدى، تۈر جەھەتتىن كۆپەيدى، سۈپەت جەھەتتىن تېخىمۇ نەپىسلىككە قاراپ يۈزلەندى، يېڭى سودا بازارلىرىنى ئېچىپ، مەركىزىي شەھەر سودىسى بىلەن چار بازار (يېزا بازارلىرى) سودىسىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە تۈرتكە بولدى. بولۇپمۇ مۇشۇ يىللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قول هۈنەر مەھسۇلاتلىرىنى ئاساس قىلغان چار بازارچىلىق سودا ئىگىلىكى ئالاھىدە جانلىنىپ، ھەپتىنىڭ ھەممە كۈنلىرىدە بازار بولىدىغان سودا تورى شەكىللەندى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى قول هۈنەر تۈرى 350 خىلدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنداق كۆپ خىل هۈنەر تۈرى ئىچىدە رايون ئىچى ۋە سىرتىدا ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغىنى كانچىلىق ۋە كان مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قول هۈنەر سانائىتى، تېرە ـ يۇڭ، كۆن ـ خۇرۇمچىلىق هۈنەر ـ سەنئىتى، توقۇمىچىلىق هۈنەر ـ سەنئىتى، قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق هۈنەر ـ سەنئىتى، يېمەك ـ ئىچمەك هۈنەر ـ سەنئىتى، بوياقچىلىق هۈنەر ـ سەنئىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر قول هۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ بۇ دەۋردىكى يۈكسىلىشىدە تۆۋەندىكى بىر قانچە ئامىل مۇھىم رول ئوينىدى:

بىرىنچى، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇر سودا گۇرۇھلىرى چەت ئەللەر بىلەن تاۋار ئالماشتۇرۇش سودا يوللىرىنى ئاچتى. بۇ جەرياندا ئۇلار قوشنا دۆلەتلەرنىڭ سانائەتلىشىش تەرەققىيات جەريانلىرى بىلەن تونۇشۇپ، چوڭقۇر تەسىر ۋە ئىلھام ئالدى. نەتىجىدە تارقاق قول هۈنەر ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، «سانائەتلىشىش يولىغا مېڭىش»، «مائارىپ بىلەن ۋەتەننى قۇتقۇزۇش» نىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتى. مەسىلەن، 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر مىللىي سانائىتىنىڭ باشلامچىسى بولغان ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوفلار جەمەتى بۇ ساھەنىڭ تىپىك ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. مۇسابايوفلار جەمەتى هازىرقى ئاتۇش شەھىرى ئېكساق كەنتىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەتتە ئەجدادى ئۆز يۇرتىدا دېھقانچىلىق ۋە تىجا-

رەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەمەت مۇسابايوف دەۋرىگە كەلگەندە تازا گۈللىنىپ، سودا ـ تىجارىتى شىنجاڭدىن ھالقىپ، چەت ئەللەرگىچە تارالغان. مۇسابايوف چەت ئەللەرگە بېرىپ سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇل. لىنىش جەريانىدا سودا ـ سانائەت ۋە پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ ھەرىكىتى. نىڭ باشلامچىسى ۋە تەرغىباتچىسى بولغان، يەنە بىر تەرەپتىن، چەت ئەل سودا يوللىرىنى كېڭەيتىپ، تاشكەنت، ئالمۇتا، ئەنجان، بېشكەك، زايسان، قازان، موسكۋا، ئىستانبۇل، بېرلىن قاتارلىق جايلاردا سودا ۋاكالەتخانى. لىرىنى قۇردى ھەمدە 1895 ـ يىلدىن باشلاپ غۇلجا شەھىرىدە ئۆزلىرى. نىڭ باش تىجارەتخانىسىنى قۇرۇپ، ئۇرۇمچى، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، يەكەن، مارالبېشى، ئالتاي، چۆچەك، ماناس، شىخو قاتارلىق شىن. جاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدە شۆبە تىجارەتخانىلىرىنى قۇردى. بۇ تىجارەتخانىلار كۆن ـ خۇرۇم، شام، ئات جابدۇقلىرى قاتارلىق قول ھۈنەر مەھسۇلاتلىرىنى ئاساس قىلغانىدى. مۇسابايوف 1918 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشلى. رىغا ئاكا ـ ئۇكا ھۈسەنباي (1844—1926) ۋە باھاۋۇدۇنباي (1851—1928) لار ۋارىسلىق قىلىپ، ياۋروپادا «ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوف» فامىلىسى بىلەن مەشھۇر بولدى. ئۇلار تارقاق قول ھۈنەرگىلا تايىنىپ جەمئىيەتنى روناق تاپقۇزغىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، 1896 ـ يىلدىن 1906 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، گېرمانىيىدىن مېخانىكىلاشقان بىر يۈرۈش تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى بارلىق ئۈسكۈنىلىرى ۋە رېمونت زاپچاس ـ سايمانلىرى بىلەن قوشۇپ سېتىۋېلىپ، شىنجاڭ تارىخىدا تۇن. جى ماشىنىلاشقان تېرە زاۋۇتى—غۇلجا تېرە زاۋۇتى (ھۈسەنباي تېرە زا. ۋۇتى) نى قۇردى. بۇ زاۋۇت 1907 ـ يىلى قۇرۇلۇشنى باشلاپ، 1909 ـ يىلى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، تېرە مەھسۇلاتلىرى چار رۇ. سىيىنىڭ پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، موسكۋا، پېتېربۇرگ، قازان، گوركىي شەھەرلىرىگىچە تارقالدى. بۇ زاۋۇتنىڭ ئىقتىدارى ئەينى چاغ. دىكى چار رۇسىيە خۇرۇم زاۋۇتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا يېقىنلاشقان ھەمدە مەخسۇس چەم، خۇرۇم، ئۆتۈك، بەتىنكە، ئېگەر ـ تو.

قۇم، ئۇچەي، يۇگەن قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغان. زاۋۇت ئىشقا كىرىشكەن ۋاقىتتا جەمئىي 166 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 40 مىڭ چوڭ تېرە (ئات، كالا تېرىسى)، 600 مىڭ كىچىك تېرە ( قوي، ئۆچكە تېرىسى) پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل چەم قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلىگەن. بۇ زاۋۇت ئىزچىل تەرەققىي قىلىپ 1955 ـ يىلى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرگەن. ھازىر بۇ زاۋۇت تولۇق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى «ئىلى كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

قول ھۈنەر ـ سەنئىتىدىن تەرەققىي قىلىپ ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش كارخانا ـ شىركەتلىرىگە ئايلانغان زاۋۇت ـ كارخانىلاردىن يەنە يەكەن سەرەڭگە شىركىتى (بۇ شىركەت 1914 ـ يىلى ئۇيغۇر سودىگەر تاشاخۇنۇم قاتارلىقلارنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن قۇرۇلغان)، ئۈرۈمچى فۇمىن توقۇمىچىلىق شىركىتى (1926 ـ يىلى قۇرۇلۇشقا باشلاپ، 1928 ـ يىلى رەسمىي ئىشقا چۈشكەن)، ئۈرۈمچى خۇرۇم زاۋۇتى (1922 ـ يىلى سابىق سودا ـ سانائەت نازارىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان)، ئۈرۈمچى باسما زاۋۇتى (1936 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ گېزىتخانىسى تەرىپىدىن قۇرۇلغان)، ئىلى ئۇن زاۋۇتى (1936 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئىلى سودا ـ سانائەت ھەسسىدارلىق شىركىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان)، ئۈرۈمچى 1 ـ شالچىلىق زاۋۇتى (1936 ـ يىلى ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان)، ئىلى ماي زاۋۇتى (1936 ـ يىلى 7 ـ ئاي)، قەشقەر ماي زاۋۇتى (1937 ـ يىلى 7 ـ ئاي)، ئۈرۈمچى قەندالەتچىلىك زاۋۇتى (1937 ـ يىلى)، ئىلى كونسېرۋا زاۋۇتى (1937 ـ يىلى) قاتارلىق نەچچە ئونلىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى ۋە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەر ـ ناھىيىلەردە 5 ـ 6 دىن ئىشلەپچىقىرىش شىركەتلىرى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر قول ھۈنەر ئىگىلىكىدە ماشىنىلاشقان ياكى يېرىم ماشىنىلاشقان زاۋۇت ـ كارخانىلار بولماسلىقتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى.

ئىككىنچى، 1912 ـ يىلى ئېلىمىزدە شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، چىڭ خانىدانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىدەك چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنىڭ

بارلىققا كېلىشى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى، جۇمـ-
لىدىن ئۇيغۇر قول ھۈنەر ئىگىلىكىنىڭ روناق تېپىشىدىكى يەنە بىر
مۇھىم ئامىل بولدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئۇيغۇر قول ھۈ-
نەرۋەنلىرى ۋە سودىگەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا، ھەتتا ياۋ-
روپا ئەللىرىگە ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان بۇيۇملىرىنى ئېلىپ بېرىپ
ساتىدىغان تاشقى سودا ۋەزىيىتى شەكىللەندى. ئەينى يىللاردىكى

*ئېشەكچى دېمەڭ بىزنى،*
*ئەنجان يولىدا كارۋان .*

......................

دېگەن ناخشا ئەنە شۇ قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى چەت ئەللەرگە توشۇيدىغان
كارۋانلار تەرىپىدىن ئېيتىلغان ناخشا ـ قوشاق ئىدى.

ئۈچىنچى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈز بەرگەن دۇنيادىكى چوڭ
سىياسىي ئۆزگىرىشلەر، يەنى 1905 ـ يىلى رۇسىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلا-
بىنىڭ پارتلىشى، 1914 ـ يىلى باشلانغان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى، 1917 ـ
يىلى سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشى، ھىندىستان، پا-
كىستان قاتارلىق ئەنگلىيە مۇستەملىكىلىرىدە قوزغالغان مىللىي ئازاد-
لىق ھەرىكەتلىرى قاتارلىق دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى يېڭى بۇرۇلۇش شىنجاڭغا
كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، قول ھۈنەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي
ئىگىلىكنىڭ جانلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

2 ـ باسقۇچ: 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۆزگىرىش ۋە
تەرەققىيات

1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتكۈل جۇڭگو خەلقى تولۇق ئازادلىققا ئېرىشىپ،
ھەممە سەپلەردە يېڭى گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى، بىر
تەرەپتىن، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ قاقتى ـ سوقتى قىلىشى، يەنە بىر

تەرەپتىن، ئېغىر باج ـ سېلىق ۋە بازار كاساتچىلىقى تۈپەيلىدىن قەددى پۈكۈلگەن ئۇيغۇر قول هۈنەرۋەنلىرى پارتىيە ـ هۆكۈمەتنىڭ چەكسىز غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ، قايتىدىن قەددىنى رۇسلىدى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مىللىي قول هۈنەر بۇيۇملىرىغا بولغان ئېهتىياج ئۆستى. شۇنىڭ بىلەن هەر قايسى ۋىلايەت ـ شەهەرلەردە قول سانائەت بىرلەشمىلىرى قۇرۇلۇپ، قول هۈنەر ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق پۇرسەت يارىتىپ بېرىلدى، بۇ يىللاردا ئۇيغۇر قول هۈنەر ـ سەنئىتى ئىككى لىنىيە بويىچە، يەنى شەهەرلەردە هەرقايسى قول هۈنەر تۈرلىرى بويىچە هۈنەرۋەن ـ كاسىپلار گۇرۇهى (جەمئىيىتى ) ۋە يېزا ـ كەنتلەردە قوشۇمچە قول هۈنەرۋەنلەر ئىگىلىكى زىچ گەۋدىلىشىپ بازار سودىسىنى جانلاندۇردى.

بولۇپمۇ 1983 ـ يىلى ئېچىلغان پارتىيە 12 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يولغا قويۇلغان ئىسلاهات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا ئۇيغۇر قول هۈنەر ـ سەنئىتى يېڭى هاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، سان ۋە سۈپەت جەهەتتىن خەلقئارا بازاردا رىقابەتلىشەلەيدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. هۈنەر ـ كەسىپ مەهسۇلاتلىرىدا ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىق، قول ئەمگىكى بىلەن ماشىنا كۈچى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەچكە، هۈنەر ـ سەنئەتنىڭ مىللىي ئىگىلىكتە تۇتقان ئورنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستى، خوتەننىڭ ئەنئەنىۋى گىلەمچىلىك هۈنەر ـ سەنئىتى، قاشتېشى ئويمىكارلىقى، ئەتلەسنى گەۋدە قىلغان يىپەك توقۇمىچىلىقى، قەشقەرنىڭ زەرگەرچىلىك، مىسكەرچىلىك قاتارلىق نەپىس بۇيۇملار هۈنىرى، دوپپىچىلىق، تۇماقچىلىق هۈنەر ـ سەنئىتى، ساندۇقچىلىق، سىرچىلىق، نەققاشچىلىق قاتارلىق گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى، يېڭىسارنىڭ تىغچىلىق (پىچاقچىلىق ) هۈنەر ـ سەنئىتى، كۇچانىڭ ئەلتېرە هۈنەر كەسپى ... قاتارلىق مىللىي هۈنەر ـ كەسپلەر ئۆزىنىڭ سېهىرلىك كۈچىنى نامايان قىلىپ، بازار ئىگىلىكىدە پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان تۆۋرۈكلۈك

كەسىپكە ئايلاندى. بۇ دەۋردىكى ھۈنەر ـ كەسىپ تەرەققىياتىنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئۇيغۇر قول ھۈنەر ـ سەنئىتى بۇرۇنقى تارقاق ۋە يەككە ھالەتتىن ئۆزگىرىپ، مەخسۇسلىشىشقا ۋە كوللېكتىپلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى، يېزا ـ قىشلاقلاردىن شەھەر ـ بازارلارغا مەركەزلەشتى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇيغۇر يېزا ـ قىشلاقلىرىدا قوشۇمچە قول ھۈنەر كەسىپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار تەخمىنەن 15%نى تەشكىل قىلاتتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ھۈنەر ـ كەسىپ گۇرۇھى 3% ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغان، ئەكسىچە، شەھەر ـ بازارلاردا قول ھۈنەر ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ نىسبىتى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئون نەچچە پىرسەنت ئاشقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇنقى يەككە ئىگىلىك ھالىتى ئۆزگىرىپ، ھۈنەر تۈرلىرى بويىچە كۆلەملەشكەن قول ھۈنەر كوپېراتىپلىرى بولۇپ ئۇيۇشقان.

ئىككىنچى، خېلى كۆپ قول ھۈنەر ـ كەسىپ تۈرلىرىدە ماشىنىلىشىش (ئاپتوماتلىشىش) ياكى يېرىم ماشىنىلىشىش يولىغا قويۇلۇپ، قولغىلا تايىنىشتەك ئېغىر ئەمگەك مۇشەققىتىدىن ئازاد بولغان.

ئۈچىنچى، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، بازار ئېھتىياجلىق بولغان يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىجاد قىلىش، ھەرقايسى ھۈنەر ـ كەسىپ تۈرلىرى بويىچە تېخنىك خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، يېڭى ۋە ئەلا ماركا يارىتىش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن قول ھۈنەر كەسپى بۇرۇنقى قاتمال ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، بازار رىقابىتىنىڭ تۈرتكىسىدە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان جۇلالىق نەپىس بۇيۇملار بارلىققا كېلىپ، خېرىدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان جەزبدار كەسىپكە ئايلاندى. ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قانداق بىر قول ھۈنەر كارخانىلىرىغا كىرسىڭىز، شۇ ھۈنەر ـ كەسىپكە ئائىت تېخنىكىلىق قوللانمىلىرى ئاساسىدا

تېخنىكا يېڭىلاش يولىدا باش قاتۇرۇپ ئىزدىنىۋاتقان تەلەپكار تېخنىكا ئۇستىلىرىنى ئۇچرىتىسىز. بۇيرۇتمىلارنى ئۇلارنىڭ قوللانمىلىرىدىكى نۇسخىلاردىن تاللاپ زاكاز قىلىسىز.

تۆتىنچى، ئۇيغۇر قول هۇنەر كەسپى دۇنيا بويىچە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ساياهەتچىلىك كەسپىنىڭ جانلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. هازىر رايونىمىزدىكى هەر قانداق بىر ساياهەت نۇقتىسىغا بارسىڭىز، سىزنى ئالدى بىلەن ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان نەرسە ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭگارەڭ مىللىي قول هۇنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى هېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە، ساياهەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۇيغۇر مىللىي قول هۇنەر ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى پايدىلىق پۇرسەتلەر بىلەن تەمىنلىدى، قول هۇنەر كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ساياهەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. قىسقىسى، بۇ ئىككى خىل ئىگىلىك شەكلى ئۆزئارا زىچ گەۋدىلەشتى.

بەشىنچى، يەنە بىر خۇشاللىنارلىق نۇقتا شۇكى، رايونىمىزدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول هۇنەر ـ سەنئىتى هەققىدىكى تەتقىقات ئىشلىرى قانات يېيىپ، ئىلىم ـ پەننىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلاندى. هەتتا ئالىي مەكتەپلەر ۋە پەن ـ تەتقىقات ئورگانلىرىنىڭ يۇقىرى ئىقتىدارلىق ئىلىم ـ پەن خادىملىرىنى تەربىيىلەيدىغان ئاسپىرانتلار بۆلۈملىرىدە ئۇيغۇر هۇنەر كەسىپلىرى مەخسۇس ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات تۈرلىرى بولۇپ قالدى. « ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ قول هۇنەر ـ سەنئىتى تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ چۈشەنچىسى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى» قاتارلىق بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىلىرى يېزىلىپ، بۇ ساهەدىكى بوشلۇق تولدۇرۇلدى. مىللىي ئاپتورلار ۋە باشقا مىللەت ئاپتورلىرى تەرىپىدىن «ئۇيغۇر قول هۇنەرۋەنچىلىكى»، «ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى»، «خوتەن گىلەمچىلىكى»، «ئۇيغۇر بوياقچىلىق سەنئىتى»، « ئۇيغۇر باش كىيىملىرى»، « ئۇيغۇر نەققاشچىلىقى»، «ئۇيغۇر

يىمەك ـ ئىچمەكلىرى»، «ئۇيغۇر ئەتلەسلىرى»...قاتارلىق مەخسۇس هۇ-نەر ـ كەسىپكە ئائىت يىرىك ئەسەرلەر نەشر قىلىندى ۋە كۆپلىگەن ئىل-مىي ماقالىلار يېزىلدى.

ئالتىنچى، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى يىمەك ـ ئىچمەك هۇنەر كەسىپى ئۆزى-نىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، هەتتا باشقا مىللەتلەرنىڭ يىمەك ـ ئىچمەك مە-دەنىيىتىگە سىڭىپ كىردى. ئۇيغۇرلارنىڭ دائىملىق ئەنئەنىۋى يىمەك-لىكلىرىدىن نان، پولۇ، كاۋاپ، لەڭمەن قاتارلىقلار ئېلىمىزدىكى هەممە مىللەتلەرنىڭ ئارزۇلۇق يىمەكلىكىگە ئايلىنىپ قىزغىن بازار تاپتى. «ئارمان»، «ئىخلاس»، «ئىزچىلار»، «مىزان»، «قاناس» قاتارلىق زا-مانىۋىلاشقان ئۇيغۇر يىمەك ـ ئىچمەك شىركەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئە-نىۋى يىمەك ـ ئىچمەك هۇنەر كەسىپىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە يېڭىلاش ئارقىلىق بۈگۈنكىدەك يۇقىرى شۆھرەتكە ئېرىشكەن.

دېمەك، ئۇيغۇر هۇنەر ـ كەسىپ سەنئىتى 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئىسلاھات ۋە يېڭىلىق يارىتىش يولىدا دادىل ئىلگى-رىلەپ، مىللىي ئىگىلىك تەرەققىياتىدىكى تۈۋرۈكلۈك كەسىپكە ئايلاندى. لېكىن سەگەكلىك بىلەن شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئېلىمىزنىڭ زامانىۋى سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، ئىسلا-هات ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ شىددەتلىك هۇجۇمى ئاستىدا ئەنئەنىۋى قول هۇنەر ئىگىلىكى بارغانسېرى تارىيىپ، ئۆزىنىڭ هاياتىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى. هەتتا تارىختا ناهايىتى چوڭ رول ئوينىغان بەزى قول هۇنەر ـ سەنئەتلىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش ئىقتىدارىدىن مەهرۇم بولۇپ، تارىخىي مۇزېيلارنىڭ ئەتىۋارلىق بۇيۇملىرىغا ئايلىنىپ قالدى. مەسىلەن، تارىختا ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، نەپىسلىكى، چىدامچانلىقى، تەبىئىيلىكى ۋە ئىشلىتىش قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدەك ئالاهىدىلىكلىرى بىلەن دۇنيادا مەشهۇر بولغان «خوتەن قەغىزى» هۇ-

نەر ـ سەنئىتى، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان بۆزچىلىك ـ سەگەزچىلىك، لوكچىلىق (ياغاچتىن ياسىلىدىغان بىخەتەر قۇلۇپ)، سۇ تۈگمىنى، سوقا قاتارلىق ئۇنلىغان ئەنئەنىۋى قول هۈنەر كەسىپلىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ، ئۆز ئورنىنى زامانىۋى سانائەت تاۋارلىرىغا بوشىتىپ بەردى. دەسلەپكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى رىقابىتىدە پۈت تىرەپ تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى قول هۈنەر كەسپى تارىختىن بۇيانقى ئۇيغۇر قول هۈنەر كەسىپ تۈرلىرىنىڭ تەخمىنەن 40% نى، ئىشلەپچىقىرىشتىن پۈتۈنلەي توختىمىغان، ئەمما هاياتىي كۈچى ئاجىزلاشقانلىرى 42% نى، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ ئىزى ئۆچۈشكە باشلىغانلىرى تەخمىنەن 18% نى تەشكىل قىلىدىغانلىقى مەلۇم. بۇ نىسبەتلەردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول هۈنەر ئىگىلىكى ئېغىر «كرىزىس» ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. بۇ توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان بىر خىل تارىخىي مۇقەررەرلىك بولسىمۇ، لېكىن هەر خىل ئاماللار بىلەن مىللىي قول سانائەت ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا زېمىن هازىرلاپ بېرىش كېرەك. چۈنكى ئەنئەنىۋى هۈنەر ـ سەنئەت شۇ مىللەتنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان قىممەتلىك ماددىي مەدەنىيەت مىراسى. ئۇنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ناهايىتى زور بولۇپ، ئەگەر بۇ قول هۈنەر تۈرلىرى دەۋر روهىغا ماس هالدا ئىسلاھ قىلىنسا، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى نامايان قىلالايدۇ هەمدە مىللىي ئىگىلىكنىڭ جانلىنىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىيالايدۇ. بۇ هەقتە تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ ئاچچىق تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ، قول هۈنەر ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىگە هەرگىز سەل قارىماسلىق كېرەك. مەلۇمكى، 20 ـ ئەسىر ئىچىدە ياپونىيىنىڭ زامانىۋىلىشىش ۋە سانائەتلىشىش قەدىمى ناهايىتى تېز بولدى. سانائەتماللىرى دۇنيا بازارلىرىنى قاپلىدى. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قول هۈنەر ـ سەنئىتىنى هەرگىز تاشلاپ قويغىنى يوق. ئەكسىچە، هۆكۈمەت

ۋە پۇقرالار بىردەك ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت مىراسلى-
رىنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، زاما-
نىۋىلىك بىلەن ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەتنى ماس قەدەمدە تەرەققىي
قىلدۇردى. ھەتتا بۈگۈنكى دەۋردە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالمايدىغان، ھايا-
تىي كۈچى ئاجىزلاشقان بەزى مىللىي ھۈنەر ـ سەنئەتلەرگە دۆلەت مالى-
يىسىدىن خىراجەت ئاجرىتىپ، ئۇنى قوغداپ قالدى. شۇ ئارقىلىق مىللىي
روھنى ئۇرغۇتتى. ھەقىقەتەن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇ
مەسىلىگە يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلمەكتە. دەرۋەقە، ھەر قانداق
دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ ئەتىۋارلىق مېھمانلىرىغا بېرىدىغان سوۋغا ـ
سالىمى يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇ-
يۇملىرىدۇر. بۇ ئاددىي، ئەمما مەنىلىك سوۋغا ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ
مىللىي ئېپتىخارلىق تۇيغۇسىنى نامايان قىلىدۇ.

ھەر قانداق بىر رايوننىڭ مىللىي، يەرلىك ئالاھىدىلىكى ۋە خاسلىقى
مەلۇم نۇقتىدىن ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ـ سەنئىتى ئارقىلىق گەۋ-
دىلىنىدۇ. قول ھۈنەر ـ سەنئىتى ئەڭ ئەقەللىي چۈشەنچە بويىچە ئېيت-
قاندا، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئىقتىدارغا ئىگە:

1. قول ھۈنەر ـ سەنئىتى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجادكارلىق روھىنى
ئەۋلادلار قەلبىدە يالقۇنجىتىدىغان دومنا پېچى. بۇ پېچ ئارقىلىق ئىنسان-
لارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى نامايان بولۇپ، يېڭى سەنئەت پىرامىدالىرى
بارلىققا كېلىدۇ. بۇ سىرلىق ئالەم تېخىمۇ رەڭگارەڭلىشىپ، كىشىلەرگە
كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ . ئەمگەك ۋە ئىجادكارلىق بەدىلىدىن تۇغۇلغان
بۇ گۈزەل سىمالار كىشىلەردە ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە مىللىي ئېپ-
تىخارلىق تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرىدۇ.

2 . قول ھۈنەر ـ سەنئىتى مىللىي ئىگىلىكنىڭ مۇھىم تەركىبىي
قىسمى سۈپىتىدە دۆلەت ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنىڭ كۆپ خىللىشىشىنى
ۋە جانلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، سانائەتلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ،
دۆلەت ۋە خەلقنى ھاللىق سەۋىيىگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ يېڭى يوللىرىنى

ئاچىدۇ. تارىخىي ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يەرگە تايىنىپ نوقۇل تېرىقچىلىق بىلەن باي بولۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بىزنىڭ دېھقانلىرىمىزنىڭ كۆپچىلىكى تارىختىن بۇيان دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن بىللە يەنە قول ھۇنەر ۋە باشقا ھەر خىل قوشۇمچە ئىگىلىك شەكىللىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەلگەن. قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېزا ـ كەنتلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى نوقۇل تېرىقچىلىق بىلەنلا شۇغۇللانغان يېزا ـ كەنتلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن كۆرۈنەرلىك ياخشى بولغان.

3. مىللىي قول ھۇنەر ـ سەنئىتى بۈگۈنكى كۈندە ساياھەتچىلىك كەسپىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈۋرۈكى ۋە كۈچلۈك ياردەمچى قوشۇنى. مەلۇمكى، كىشىلەرنىڭ ھازىرقى زامان ساياھەت ئېڭىدا زور ئۆزگىرىش بولۇپ، تەبىئەت گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىشنى نىشانلىغان نوقۇل مەنزىرە ساياھەتچىلىكىدىن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكىگە قاراپ يۈزلەندى. مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكى ئالدى بىلەن ساياھەت نۇقتىلىرى تەۋە بولغان رايونلاردىكى مىللەتلەرنىڭ قول ھۇنەر ـ سەنئىتىنى گەۋدە قىلغان مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. ھەقىقەتەن رەڭگارەڭ قول ھۇنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىدىغان ۋە قىزىقتۇرىدىغان مۇھىم كۆزنەك. يۇنىنەن ئۆلكىسى ئېلىمىز بويىچە ساياھەت نۇقتىلىرى بىر قەدەر كۆپ ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ بىرى، يۇننەندىكى ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ جايدا ياشىغۇچى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە قول ھۇنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. بۇ ساياھەت نۇقتىلىرى ھەم يەرلىك قول ھۇنەر ـ سەنئىتىنى كۆرگەزمە قىلىش، ھەم ئۇنى سېتىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئۇنۇم يارىتىشتىن ئىبارەت قوش ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

4. قول ھۇنەر ـ سەنئىتى ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئارا دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشتە كۈۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. مۇئەييەن بىر مىللەتنىڭ قول ھۇنەر ـ سەنئىتى شۇ مىللەت

ئەزالىرىنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدىكى ئىجاد زاكاۋىتىنىڭ مەھسۇلى، مىللىي پسىخىك جۇغلانمىسىنىڭ ماددىيلاشقان كۆرۈنۈشى، مۇئەييەن جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئىچىدىكى ھاياتلىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى، ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان ماددىي تۆھپىسى. پەقەت مىللىي ئىجادكارلىقنىڭ مېۋىسى بولغان بۇ ئىختىرالارنى توغرا تونىغاندا، ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل بولۇپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنتېرناتسىئونال دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

5. قول ھۈنەر ـ سەنئىتىدىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇۋاتقان ئىستىقباللىق كەسىپلەر (مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ گىلەمچىلىكى، ئەتلەسنى گەۋدە قىلغان يىپەك توقۇمىچىلىقى، يېڭىسارنىڭ تىغچىلىقى (پىچاقچىلىقى)، قەشقەرنىڭ بىناكارلىق بېزەكچىلىكى، خوتەننىڭ قاشتېشى ئويمىكارلىقى، كۇچانىڭ ئەلتېرچىلىكى، قەشقەرنىڭ مىسكەرچىلىكى، «ئارمان» قاتارلىق يېشىل يېمەكلىكلەر كەسپى، ئۇيغۇر مىللىي شىپاگەرلىك كەسپى ... قاتارلىقلار) خەلقئارا سودىنى جانلاندۇرۇپ، نەچچە ئەسىر «ئەسىرھا بۇلكەھىنى» تەك ئۇخلاپ قالغان «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىگە روھ بېغىشلايدۇ، مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئاسىيا ـ ياۋروپا بوشلۇقىدا جەۋلان قىلغان «يىپەك يولى» سۇمۇرغىنى قايتا قانات قاققۇزىدۇ.

6. قول ھۈنەر ـ سەنئىتى ھەرقايسى ئىلىم ـ پەن ساھەلىرىنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىدۇ ۋە پەنلەر قۇرۇلۇشىنى سىستېمىلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. ئالايلۇق، ئۇيغۇرلاردا قول ھۈنەر ـ سەنئىتىگە ئائىت مىڭلىغان كەسپىي ئاتالغۇلار بار بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبى سۈپىتىدە، ئۇيغۇر تىلشۇناسلىق ئىلمىنى تولۇقلايدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ (ۋەھالەنكى، ھازىر ھۈنەر ـ كەسىپ ئاتالغۇلىرى بارغانسېرى ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى)؛ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ ئۆزىگە خاس رىسالىلىرى بولۇپ، ئۇ فولكلور ئىلمىنىڭ مۇھىم بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئېستېتىكا، ئارخېتېكتورا،

گېئومېتىرىيە، فىزىكا، خىمىيە، مېدىتسىنا، ئوزۇقشۇناسلىق، رەڭشۇ-ناسلىق ... ئىلىملىرىمۇ قول هۈنەر ـ سەنئىتىدىن تېگىشلىك ئوزۇق ئېلىپ ئۆزىنى تولۇقلايدۇ ۋە ئەمەلىي، نەزەرىيىۋى كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

دېمەك، مىللىي قول هۈنەر ئىگىلىكى هەم ئىقتىسادىي هەم ئىج-تىمائىي ئۇنۇم يارىتىدىغان ئىستىقباللىق ساهە. ئۇنى ماددىي مەدەنىيەت نۇسخىسىدا بىر مىللەتنىڭ يىلتىزى ۋە روهى دېيىش مۇمكىن. ئۇ گەرچە دۇنيانىڭ بۈگۈنكى «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دا زامانىۋىلاشقان سانائەت ئىنقىلابىنىڭ يەكلىشىگە ۋە زەربىسىگە ئۇچرىغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى هەرگىز يوقاتمايدۇ. ناۋادا ئاڭ نۇقتىسىدىن بىز ئۇنى بىر خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، دەپ قارىساق، پەلسەپىۋى قانۇنىيەت بويىچە، بۇ « ئەنئەنە » مەڭگۇ هەرىكەت ئىچىدە تۇرىدۇ، ئۇ يۈكسەك دەرد-جىدىكى يۈكسىلىشچانلىققا ئىگە. خۇددى هازىرقى زامان ئىزاهات ئىلـ-مىنىڭ پىر ـ ئۇستازى گادامور ئېيتقاندەك:« ئەنئەنە — ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننىڭ ئۈزلۈكسىز توقۇنۇشى ۋە سىڭىشىشى ئىچىدە بارلىققا كەلگەن خىلمۇ خىل ئىمكانىيەت ياكى ئىمكانىيەتلىك دۇنيا، يەنى بىز چۈشىنى-دىغان كېلەچەك.» شۇڭا بىر تەرەپتىن، مىللىي قول هۈنەر كەسپىنىڭ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىدە تۇتقان ئورنىنى كۈچەيتىپ، بازار رىقابىتىدە پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىز-دىنىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنئەنىۋى قول هۈنەر ـ سەنئىتىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈپ، يوقىلىشقا يۈزلەنگەن بەزى قول هۈ-نەر ـ سەنئەت تۈرلىرىنى دۆلەت ياكى كوللېكتىپ مەبلىغى بىلەن قوغ-داش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش لازىم. هازىر هەرقايسى خەلقلەرنىڭ قول هۈنەر ـ سەنئىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئېچىش ئەسىر هالقىغان يېڭى ئۇقۇم ۋە خەلقئارالىق يېڭى مېلودىيە سۈپىتىدە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ جىددىي دىققەت ـ ئېتىبا-رىنى قوزغىماقتا. مۇشۇ ۋەجىدىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن ـ مائارىپ ئۇيۇشمىسى 1972 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى پارىژدا ئېچىلغان

17 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا يىغىنىدا «دۇنيانىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى» نى ماقۇللىدى. بۇ ئەھدىنامىغا ئىمزا قويغان دۆلەتلەر 69 بولۇپ، ئۇلار بىرلىكتە يەنە «مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قانۇنى» نى تۈزدى. بۇ قانۇن ـ نىزاملاردا مەدەنىيەت مىراسلىرىغا كىرىدىغان تۈرلەر ۋە ئۇلارنى قوغداشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى ئېنىق كۆرسىتىلدى. بۇگۈنكى «يەر شارىلىشىش» ( 全球化 ) ۋەزىيىتىدە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىكى ۋە كۆپ قاتلاملىقىنى قوغداش ـ ئېچىشنى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇش تەشەببۇس قىلىندى. بۇ خۇددى دۇنيادىكى هايۋانات ۋە باشقا جانلىقلار تۈرلىرىنى قوغداشقا ئوخشاش مۇھىم خىزمەت ئىكەنلىكى تەكىتلەندى. بىزمۇ دۇنيانىڭ مۇشۇ ئەھدىنامىسىغا ئىمزا قويغان دۆلەتنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق بىر ئەزاسى سۈپىتىدە مىللىي قول ھۈنەر ـ سەنئىتى مىراسلىرىنى قوغداش ـ ئېچىش ئاڭلىقلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭ «تارىخىي مۇزېي» غا كىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم.

## قوشۇمچە :

قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا «كاسىپلار ئائىلىسى »دېگەن نام بىلەن داڭ چىقارغان تىپىك ھۈنەر ـ كەسىپ رايونى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ قەشقەر شەھىرىدە ھۈنەر ـ كەسىپ كۆلەملەشكەن ۋە تورلاشقان بولۇپ، ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ ئەڭ تىپىك كۆزنىكىدۇر. بىز ئۇنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىيات ھالىتى بىلەن چوڭقۇرراق تونۇشۇش مەقسىتىدە تۆۋەندىكى تۆت پارچە ئەمەلىي تەكشۈرۈش دوكلاتىنى قوشۇمچە قىلدۇق:

# قوشۇمچە I[1] : قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەنئىتى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى

قەشقەر شەھەرلىك غەيرىي ماددىي مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشى خىزمەت گۇرۇپپىسى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 2004 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە، قەشقەرنىڭ بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەنئىتى تارىخى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش جەريانىدا قەشقەردە نەچچە ئەۋلاد ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئالەمدىن ئۆتكەن داڭلىق ئۇستىلارنىڭ ئەۋلادلىرى، شاگىرتلىرى، ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەنئىتىنى تەتقىق قىلغۇاتقان بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر بىلەن قايتا ـ قايتا ئۇچرىشىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. ھازىر قەشقەردە بار ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇستازلار بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولدى.

## I ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا

قەشقەر 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمىي مەشھۇر شەھەر. قەشقەرنىڭ قول ھۈنەر ـ سەنئىتى دۇنياغا داڭلىق. قەشقەرنىڭ تارىختا

---

[1] قوشۇمچە I، II، III تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنى قەشقەر شەھىرى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشى خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى ئېلى ئوبۇلقاسىم تەمىنلىگەن.

«مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ بۆشۈكى» دېگەن نامى بار. ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەنئىتى ئۇيغۇر قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەنئىتى بۇنىڭدىن 2000 يىللار ئىلگىرى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مەزگىللەردىلا شەكىللەنگەن.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق قېزىۋېلىنغان 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ساپال بۇيۇملارغا چۈشۈرۈلگەن ئاددىي نەقىش نۇسخىلىرى، قەدىمىي كىيىم ـ كېچەكلەرگە، ئوۋ قوراللىرىغا، ئائىلە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا چۈشۈرۈلگەن نەقىش نۇسخىلىرىنىڭ تارىخىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مەزگىللەردىلا ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مەزگىللەردىكى نەقىش نۇسخىلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنكى شەكىللەنگەن نەقىش نۇسخىلىرى شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مەزگىللەردە شەكىللەنگەن نەقىش نۇسخىلىرىغا تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ تەسۋىرىي سۈرەتلىرى، مەسىلەن، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرى تۈرلۈك نەقىش نۇسخىلىرى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلۇپ سىزىلغان ۋە ئىشلىتىلگەن. كۆچا «مىڭئۆي» تام سۈرەتلىرى ۋە تام نەقىشلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنكى 10 ـ ، 11 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە، قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەنئىتىدە يېڭىلىنىش بولغان. بۇرۇن بۇددا دىنىي ئەھكاملىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، لېكىن ئىسلام دىنىي ئەھكاملىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان جانلىقلارنىڭ سۈرەتلىرىنى نەقىشلەر بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلىپ، جانلىقلارنىڭ سۈرەتلىرى نەقىش نۇسخىلىرى ئىچىدىن چىقىرىپ تاشلانغان. نەقىش نۇسخىلىرى ئىسلام دىنىي

ئەھكاملىرىغا ماس كەلتۈرۈلۈپ، يېڭىچە تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويغان، نەقىش نۇسخىلىرى ۋە شەكىللىرى تېخىمۇ يېڭىلانغان، سەنئەت تۇسى قويۇقلاشقان، ئىشلىتىلىش دائىرىسى كېڭەيگەن. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، مەسچىتلەرنى كاتتا ياساشنى ئاللاغا بولغان ئېتىقادىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنىڭ بەلگىسى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر نەقىش نۇسخىلىرىنى كاتتا مەسچىتلەرنىڭ مۇنار، گۈمبەز، مېھراب، تەكچە، تورۇس، تۈۋرۈكلىرىگە ئوخشىمىغان ئۇسۇل بىلەن ئىشلىتىپ، ئۇيغۇر نەققاشلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ ئاجايىپ كارامىتىنى نامايان قىلغان. ئەينى ۋاقىتلاردا قەشقەردىكى داڭلىق نەققاشلار ئۆزلىرىنىڭ كارامەت ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئاپپاق خوجا مازىرى، ھېيتگاھ جامائەسى، خانلىق مەدرىسە قاتارلىق كاتتا ئىمارەتلەرنى سېلىپ چىققان. ئۇلارنىڭ كامالەتكە يەتكەن ماھارىتى ھازىرمۇ كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. قەشقەر ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان مەزگىلى 15 ـ ئەسىردىن كېيىن بولغان. قەشقەردە سېلىنغان ۋە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى، 200 يىللىق قەدىمىي ئىمارەتلەر، قەدىمىي مەسچىت ۋە قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى بايلارنىڭ قەدىمىي ئۆي ـ ئىمارەتلىرىگە ئەينى ۋاقىتتا ئىشلەنگەن كۆركەم نەقىش نۇسخىلىرىدىن قەشقەر ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ ھەقىقەتەن تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار تەبىئەتنى، گۈزەللىكنى سۆيىدىغان مىللەت بولغاچقا، تەبىئەت گۈزەللىكىگە سىمۋول قىلىنغان ھەر خىل نەقىشلەرنى ئاجايىپ قىزغىن سۆيۈپ ۋە كەڭ تۈردە قوللىنىپ كەلگەن. ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتى كەڭ قوللىنىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، مەيلى ئۆتمۈشتە ياكى ھازىر بولسۇن ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن. ئۇيغۇر نەقىشلىرى ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەنئىتى بويىچە ئۇيغۇر مەسچىتلىرى، ئۆيلىرى، ئىمارەتلىرىگە ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بولغان سەگەزلەر، ئەتلەسلەر، گىلەملەرگە، ئۇيغۇر كىيىم ـ

كېچەكلىرى، دوپپىلىرى، زىبۇ زىننەتلىرى، تۆمۈرچىلىكىگە، ئۇيغۇر كۇلالچىلىقىغا، ئۇيغۇر چالغۇلىرىغا، ئۆي ـ جاھازلىرىغا، ئۇيغۇر مەپە ـ لىرى، ئات ـ ئۇلاغ ئېگەر ـ جابدۇقلىرىغىچە، ئۇيغۇر پالاسلىرى، كە ـ گىزلىرى، جايىنامازلىرى، تەڭلىماتلىرى، شىرداقلىرى، ئاياق ـ ھېجىر تاۋاقلىرى، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، مىستىن ياسالغان قازان ـ قو ـ مۇش، چەينەك ـ چۆگۈن، ئاپتۇ ـ چىلاپچىغىچە ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىج ـ تىمائىي تۇرمۇشىدا ئىشلىتىلىۋاتقان بارلىق نەرسىلەرگىچە ئىشلىتىل ـ گەن ۋە مۇجەسسەملەشتۇرۇلگەن. مەيلى ئۆتمۈشتە، مەيلى ھازىر بولسۇن، ئىشلەپچىقارغان قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە مەھسۇلاتلىرىغا پە ـ قەت نەپىس نەقىش نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئىشلەپچە ـ قىرىلغان مەھسۇلات سەنئەت بۇيۇملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، قىممىتى ئۇزلۇكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر نەقىشلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەممە ھالقىلىرىدا كەڭ قوللىنىلىشى، ئۇيغۇر قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنى يېڭى ھالقىشقا ۋە كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە قىلغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 55 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەن ـ ئىتى كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە قىلىندى. قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەنئىتى شىنجاڭنىڭ ۋە مەملىكەتنىڭ ھەر ـ قايسى جايلىرىغا تارقالدى. قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق نەققاشچىسى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم 1958 ـ يىلى بېيجىڭ خەلق سارىيى يېڭىدىن سېلىنغاندا تەكلىپ بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ، شاگىرتلىرى بىلەن بېيجىڭدا بىر يېرىم يىل تۇرۇپ، بېيجىڭ خەلق سارىيىنىڭ نەققاشچىلىقىنى كاپالەت بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، تەلەپكە لايىق پۈتتۈرۈپ، مەركەز رەھبەرلە ـ رىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن بولسا، ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ ئوغلى، ئاتا كەسىپ ۋارىسى — داڭلىق نەققاش ئابلىز ئابدۇللا 1993 ـ يىلى ئاپ ـ تونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن بېيجىڭ خەلق

سارىيى شىنجاڭ زالىنى ياساشقا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئويما نەققاشلىق يۇقىرى ماھارىتىنى نامايان قىلىپ، ئاپتونوم رايون ۋە مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن .

ئازادلىقتىن كېيىن، قەشقەرگە ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېلىنغان كاتتا ئىمارەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە ئۇيغۇر نەققاشلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى قوللىنىلغان. مەسىلەن، قەشقەر ئوتتۇرا ـ غەربىي ئاسىيا بازىرى، ھېيتگاھ كاتتا بازىرى، يېڭىدىن ياسالغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى ۋە ئېگىز قەۋەتلىك ھەر خىل بىنالارغا ئۇيغۇر نەققاشلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى قوللىنىلىپ، ناھايىتى يۇقىرى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بىز بۇنىڭدىن ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ نەققاشلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

**II قەشقەر ئۇيغۇر نەقىشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، تۈرى ۋە ئىشلەش ئۇسۇللىرى**

ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ، جۈملىدىن ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە خاس بەدىئىي سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە، دەۋر ئالاھىدىلىكىگە، شەكىل ئالاھىدىلىكىگە، رەڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە كۈچلۈك سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە. ئۇ شەيئىلەرنىڭ قىياپىتىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن مۇبالىغىلەشتۇرۇش، كۆپتۈرۈش ۋە شەكىللەندۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن جانلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىشلىرى كۆركەم، نەپىس، ئۆزگىرىشچان ، كۆپ مەنىلىك بولۇپ، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك شەكىل قىياپىتىنى، رەڭگارەڭ تەبىئەت مۇھىتىنى، سان ـ ساناقسىز گۈل ـ گىياھلارنى، غۇنچە ـ چېچەكلەرنى، تۇرمۇش قۇراللىرىنى ئۆزىگە ئېلېمېنت قىلىپ ۋە ئۆزگەرتىپ، بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق نەقىش شەكلىگە كەلتۈرگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەينى ھالىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا، بىر ـ بىرىگە ماسلاشقان شەكىللەر بىلەن تۈرلەندۈرۈش ئارقىلىق تەكرار كۆپەيتىپ، بېزەيدىغان ئورۇن ۋە تەلىپىگە

ئاساسەن، قارىمۇقارشى ئىككى تەرەپكە ياكى تۆت تەرەپكە داۋاملىشالايدىغان، مۇستەقىل پۈتۈنلۈكتىمۇ تۇرالايدىغان نەقىش قۇرۇلمىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ نەقىشلەر بىر ـ بىرى بىلەن تەبىئىي باغلانغان، ماسلاشقان، تەبىئىي كېسىشكەن، سىممېترىك ۋە سىممېترىك بولمىغان ئۇسۇللاردا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئوخشىمىغان ھۈنەر ـ سەنئەت قوللىنىلغانلىقتىن، ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىشلىرىدە مىللىي پۇراق، يەرلىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۇرۇلگەن.

ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا زىننەتلەشنىڭ تۈرلىرى كۆپ خىل بولۇپ، ئۇ بىنالارنىڭ تۈرى، ئالاھىدىلىكى، بىنا ئورۇنلاشقان جاي، بىنالارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. بىنالارنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارمۇ پەرقلىنىدۇ. بىنالار ئادەتتە گەج ئويما نەقىشلىرى، سىر بىلەن سىزىلغان رەڭلىك نەقىشلەر، خىش توقۇلما نەقىشلىرى، كاھىش نەقىشلىرى ... قاتارلىق تۈرلەر بويىچە بېزىلىدۇ.

1. گەج ئويما نەقىشلىرى : ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىش سەنئىتىدە گەج ئويما نەققاشلىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. گەجنىڭ سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرغاندا دەرھال قېتىشتەك خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ، گەج ئويما بېزەكچىلىكى، تام قوپۇرۇش، سىلىق سۇۋاق (گەجخار) قاتارلىقلاردا قوللىنىلىدۇ. گەج نەقىشلىرى ئادەتتە ئۆي ئىچى ۋە سىرتىنى، مەسچىت، مازار، گۈمبەز، مۇنار ... قاتارلىق ئورۇنلارنى زىننەتلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچى قىسمىنى، يەنى مۇرا، تەكچە ، ئىشىك ۋە دېرىزە ئەتراپلىرى، تام، مېھراب، كىرگۈللىرى گەجدىن نەقىش ئويۇپ زىننەتلىنىدۇ. گەج نەقىشلىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك بەدىئىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ نەقىش تەكتىدىن سىرتىغا قارىتا كۆپتۈرمە ھالەتتە تۇرىدۇ. گەج نەقىشلەرنىڭ يۈزى ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا ئويۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، رەڭ ئۈنۈمى ھاسىل قىلىپ، كىشىلەرگە ئابيۇملۇق تۇيغۇ بېرىدۇ.

2. سىر بىلەن سىزىلىدىغان رەڭلىك نەقىشلەر: بۇ بىنالار ۋە ئولتۇراق ئۆي ـ جاي قۇرۇلۇشىدا ھەر خىل سىرلار بىلەن سىزىپ

چىقىرىلىدىغان نەقىش بېزەكچىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە مەسچىت، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ پېشايۋان، تۈۋرۈكلىرى، تورۇس، خار، جەگە، هاراق، سەرپ قىسمىدىكى بېزەك ـ نەقىشلەر مۇشۇ سىر سىزمىچىلىق ئۇسۇلى بىلەن ئىشلىنىدۇ. ئۇنىڭ بەدىئىي ئالاهىدىلىكى: رەڭلىرى ئىنتايىن كۆركەم، بىر ـ بىرىگە ماسلاشقان هەم قارىمۇقارشى قويۇلغان كۆپ خىل رەڭلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. نەقىش شەكىللىرى ۋە ئېلېمېنتلارنىڭ ئوبرازى ئېنىق، مەزمۇنى مول بولىدۇ. بۇلار سىزما نەقىشلەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى كۈچەيتىپ بېرىدۇ. سىزما نەقىش ئارىسىغا هەر خىل مەنزىرە كۆرۈنۈشلىرى، يەرلىك مېۋە ـ چېۋە، رەڭمۇرەڭ گۈلدەستىلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى بېزەك كۆرۈنۈشلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ موللاشتۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە سىر سىزمىچىلىقى بىناكارلىق سەنئىتى دائىرىسىدە چەكلىنىپلا قالماستىن، ئۆي بىساتلىرى، ياغاچ جاهازلارغىچە كېڭىيىپ، قويۇق مىللىي ئالاهىدىلىككە ئىگە شەكىل قۇرۇلمىسى ۋە يۇقىرى تەسۋىرىي سەنئەت قىممىتى بىلەن ئەتىۋارلانماقتا.

3. ياغاچ ئويما نەقىشلىرى: بۇ بىناكارلىق هۈنەر خاراكتېرىنى ئالغان، هۈنەر ـ سەنئەت جەريانىنىڭ ئاخىرقى پەرداز ياكى زىننەت باسقۇچىدىكى ئىنچىكە ۋە نازۇك ئىش تەرتىپى هېسابلىنىدۇ. ياغاچ ئويمىچىلىق ئۇيغۇر بىناكارلىق قۇرۇلمىسىنىڭ هەر قانداق بۆلەكلىرىدە قوللىنىلىدۇ، ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ئۆيلەر ۋە چوڭ مەسچىتلەرنىڭ تورۇسلىرىدىكى خار، جەگە، هاراق، كەۋزە، پېشايۋان تۈۋرۈكلىرى، ئىشىك قاناتلىرى، ئىشىك كىشەكلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئۇچراپ تۇرىدۇ. پېشايۋان تۈۋرۈكلىرىنىڭ باش قىسمىمۇ ياغاچ ئويما ۋە بۆلەكلەرنى قۇراشتۇرۇش ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈلگەن هالەتتە ياسىلىدۇ. ئادەتتىكى ئۆي نەقىشلىرىنى ئويۇش شەكلى قاپارتما ۋە ئىچكى ئويما دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

4. پەنجىرە، ياغاچ توقۇلما نەقىشلىرى: بۇ ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ئەنئەنىۋى مىللىي ئالاهىدىلىكى گەۋدىلىك بولغان ياغاچچىلىق هۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ نازۇك بىر قىسمى بولۇپ، ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدۇ. پەنجىرە، ياغاچ توقۇلما نەقىشلىرىدە ئۆلچەمگە ئاساسەن، ياغاچلارنى

ھەرىدەپ، بىر ـ بىرى بىلەن بەدىئىي چېتىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىنتايىن كۆركەم، بەدىئىيلىكى كۈچلۈك بولغان خىلمۇخىل گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەر، تۆت تەرەپكە داۋاملىشىدىغان نەقىشلەر، چەمبەر، رومبا، كۋادرات، ئۈچ بۇلۇڭ، تۆت بۇلۇڭ، ئالتە بۇلۇڭ، سەككىز بۇلۇڭ شەكلىدىكى نەقىشلەرگە كەلتۈرۈپ، ئىشىك بېشى، دېرىزە، تۈۋرۈك، پەنجىرە قاتارلىقلار زىننەتلىنىدۇ.

5. خىش توقۇلما نەقىشلىرى: ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىدە سۈۋاق زىننەت ئېھتىياجى بولمىغان، زىننەت ئېھتىياجى خىش بىلەنلا تاماملىنىدىغان قۇرۇلمىلارغا قوللىنىلىدۇ. خىش تىزما نەقىشلەر بىلەن تام يۈزىنى زىننەتلەش يەنە بىر ئالاھىدە زىننەت ئۇسۇلىدۇر. بۇنداق ئۇسۇل تامنى قوپۇرۇش جەريانىدا بىرلىكتە ئورۇندىلىدۇ. زىننەت ئۈچۈن تاللىۋېلىنغان نەقىش ئۆلگىسى بويىچە خىشنى شۇ خىل قۇرۇلما ئۆلچىمى بىلەن ئالاھىدە ياساپ تەييار قىلغاندىن كېيىن، تامنىڭ سىرتقى يۈزىنى ئاساس قىلىپ بىر ـ بىرىگە بىرلەشتۈرۈپ گەج بىلەن چاپلاپ چىقىلىدۇ. بۇنىڭدىكى نەقىش شەكىللىرى يەنىلا ئاددىي گېئومېتىرىيلىك تۈز سىزىق ئاساسىدىكى «خونچە»، «چېچەك ـ خونچە»، «كەكلىك قېشى»، «ساندۇقچە»، «شوئار خونچە»، «بورا»، «توقۇناق»، «قەنت خىش»، « پەتنۇسچە » شەكىللىرى ئارقىلىق سىپتا ۋە مۇرەككەپ نەقىش قۇرۇلمىسى سېلىشتۇرمىسىدا بىر خىل قارىمۇقارشىلىق ھاسىل قىلىنىپ، بىر پۈتۈن بەدىئىي زىننەت تۈسى شەكىللەندۈرىدۇ. خىش تىزما نەقىشلەر ئاساسەن تەكشى بولۇپ، ئۇ ھەر خىل شەكىلدە ياسالغان خىش تىزما نەقىش شەكىل بۆلەكلىرىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن تەركىب تاپىدۇ. بەزىدە تام بېتىدىن مەلۇم دەرىجىدە ئالدىغا كۆپتۈرۈپ چىقىرىلىپ ئابيۇم ھاسىل قىلغان بولسا، بەزى ھاللاردا ئىچكىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بەدىئىي كۆرۈنۈشى تەكشى بەتلىك خىش تىزما نەقىشلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق كۆرۈنىدۇ.

نەقىش قىلىنىدىغان خىشلار نەقىش شەكلى بويىچە ئويۇلۇپ، خۇمدانىدا پىشۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. بۇ خىش نەقىشلىرى ھەر

قايسى قۇرۇلۇشلارنىڭ بېزەك ئېھتىياجىغا قاراپ ھەر خىل ھالەتتە تىز- ـزىش ئارقىلىق گەج ئويما نەقىشلەرنىڭ ئۇنۇمى ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ گەج ئويمىغا قارىغاندا پۇختا بولىدۇ.

6. كاھىش نەقىشلىرى: كاھىش ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ئىشلىتى- ـلىدىغان مۇھىم بېزەك ماتېرىيالى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى سېغىز. رەڭ تەلىپى ساپال بۇيۇملارنى ئىشلەش قائىدىسى بىلەن ئوخشاش. ئۇ ساپالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىگە مەنسۇپ. ساپال بۇيۇملار ئۇچۇن تەيي- ـيارلانغان سېغىز لاي نەقىش ئۆرنەكلىرىنىڭ ئايرىم قىسىملىرى ئۇچۇن بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە تەييار قىلىنىپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، تە- ـلەپ بويىچە بەلگىلەنگەن رەڭلەر، نەقىش شەكىللىرى بويىچە بىرمۇ بىر سىزىپ چىقىلىدۇ، ئاندىن خۇمداندا پىشۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى ئۆڭمەيي- ـدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، رەڭگى يېشىل، بىنەپشە رەڭ، ھال رەڭ، ئاق قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ. كاھىش ئىلگىرى مازار، گۈمبەز، مۇنارلارنىڭ سىرتقى قىسمىنى زىننەتلەش ئۇچۇن لازىم قىلىنغان بولسا، ھازىر چوڭ ـ چوڭ قۇرۇلۇشلارنىڭ سىرتقى تاملىرىغا، شەخسلەرنىڭ ئۆي تاملىرىغا، ئاشخانىلارغا چاپلىنىدىغان بولدى، كاھىش قۇياش نۇرىدا چاق- ـناپ مۇھىت بىلەن كۈچلۈك سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ، ئۇيغۇر بىنا- كارلىق سەنئىتىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدۇ.

### Ⅲ قەشقەردىكى ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەنئىتى بىلەن شۇ- غۇللانغۇچىلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەشقەر ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى كۆپ بولسىمۇ، تەكشۈرگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاتاقلىق، داڭلىق ئۇس- ـتىلار ئاساسەن ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ كېلىۋاتقان ئاتا كەسىپ ۋارىسلىرى ساناقلىقلا قالغان.

ھازىر قارايدىغان بولساق، قەشقەردە يەتتە ئەۋلاد 350 يىلدىن ئارتۇق ئۇيغۇر نەققاشلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ داڭ چىقارغان نەققاش مەرھۇم

نامانخان ئۇستامىنىڭ ئاتا كەسىپ ۋارىسلىرى — پەرزەنتلىرى، ئالتە ئەۋلاد 300 يىلدىن ئارتۇق گەج ئويما، خىش ئويما نەققاشلىقى بىلەن شۇغۇللى-نىپ داڭ چىقارغان، بېيجىڭ خەلق سارىيىنىڭ نەققاشچىلىقىنى قىلغان مەرھۇم ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ پەرزەنتلىرىدىن باشقا، ئۇيغۇر نەققاشلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاتاقلىق ئۇستىلار ئاساسەن قالمىغان. قارىماققا گەجخارلىق، ئويمىگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار خېلى كۆپ بول-سىمۇ، نەققاشلىق ھۈنىرىنى تاكامۇل ئىگىلىگەن، ئۆزى ئىجادىي لايى-ھىلەپ، ئىجادىي ئىشلەپ نەققاشلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىسى ۋە تەلىپى بويىچە چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ھۆددىسىدىن بىۋاسىتە چىقالايدىغانلار بەك ئاز. قەدىمىي داڭلىق ئۇستىلارنىڭ ئىزىنى بېسىۋاتقان شاگىرتلار تېخى تولۇق ئەمەس. نەققاشلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ ۋارىس-لىرىدا ئۈزۈلۈپ قېلىش ھالىتى كۆرۈلمەكتە.

ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق تۆت يېزا، تۆت كوچا باشقارما تەۋەسىدە گەج ئويما، خىش ئويما نەققاشلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 60 نەپەر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە داڭلىق ئۇستىلار 15 نەپەر، شاگىرتلىرى 45 نەپەر ئەتراپىدا ئىكەن. ياغاچ ئويما نەققاشلىقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 50 نەپەر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە داڭلىق ئۇستىلىرى 10 نەپەر، شاگىرتلىرى 40 نەپەر ئەت-راپىدا ئىكەن. سىر نەققاشلىقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 30 نەپەر ئەت-راپىدا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە داڭلىق ئۇستىلىرى 5 نەپەر، شاگىرتلىرى 25 نەپەر ئەتراپىدا ئىكەن. يۇقىرىقىلاردىن داڭلىق ئۇستىلارنىڭ يېتىشمەي-ۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەققاشلىق ھۈنەر — سەنئىتىدە جىڭ ئىش قىلىدىغانلار ئاز، باشقىلارنىڭكىنى كۆچۈرۈپ قى-لىدىغانلار كۆپ، جىڭ ئويما نەقىشلەر ئاز، قېلىپتا قۇيۇپ، نەقىشنى تەييار مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇپ چاپلاپ ئىشلەيدىغانلار كۆپ. داڭلىق نەق-قاشلار چاپلىما نەققاشچىلىقنى ساختا ئىش دەپ ياراتمايدىكەن. چۈنكى نەقىشلەر ھەر خىل نۇسخىلار بويىچە قېلىپتا قۇيۇپ تەييارلىنىۋېلىنىپ، نەققاش ئويماقچى بولغان ئورۇنغا يېلىملاپ چاپلاپ ئىشلىتىلگەچكە،

بۇنداق نەقىشلەر ئۇزۇن مۇددەت چىدىمايدىكەن، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن سۇپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن. ھازىر قەشقەردە نەققاشچىلىق قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى چاپلىما ئىش قىلىدىغان بولۇپ كەتكەن.

**Ⅳ قەشقەر ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرىمىز**

غەيرىي ماددىي مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشى خىزمەت گۇرۇپپىسى بۇ قېتىم قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇن، دۇنياغا داڭلىق ئىكەنلىكىنى، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلىپ، قەشقەرنىڭ مىللىي مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ قالغانلىقىنى، بۇ مىراسنى قوغداپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەۋلادتىن ـ ئاۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا تۆۋەندىكى تەسەۋۋۇر ـ پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەنئىتىنى غەيرىي ماددىي مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تورىغا كىرگۈزۈپ، شەھەر، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغداش تورى قىلىپ تۇرغۇزۇپ، قاتلاممۇ قاتلام يوللاپ تەستىقلىتىش كېرەك. كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەلىپىگە ئاساسەن، قوغداش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم.

2. قەشقەر شەھىرىدە ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ نەققاشچىلىق سەنئىتى ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئۇيغۇر نەققاشچىلىق سەنئىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇر نەققاشچىلىق سەنئىتىنى دۇنياغا تونۇتۇش لازىم.

3. ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ نەققاشچىلىق سەنئىتى بويىچە تەربىيىلەش

مەركىزى قۇرۇپ، نۇقتىلىق ئۇستىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، داڭلىق ئۇستىلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈش، داڭلىق ئۇستىلارنىڭ ئۇزۇلۇپ قېلىش ئەھۋالىنى ھەل قىلىش لازىم.

4. قەشقەر ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى نەقىش نۇسخىلىرى ھەققىدە كىتاب تۈزۈپ، نەشر قىلدۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ نەقىش نۇسخىلىرىمىزنى ئۆزىمىز قوغداش، نەقىش نۇسخىلىرىمىزنىڭ دۆلەت سىرتىغا ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

5. قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ياغاچ ئويما، گەج ئويما نەققاشچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، داڭلىق مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇرۇپ، داڭلىق ئۇستىلارغا نام بېرىپ، قەشقەرنىڭ نەققاشچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنى مەملىكەت ئىچىگە ۋە دۇنياغا نامايان قىلىش كېرەك.

6. قەشقەر ئۇيغۇر نەققاشچىلىقىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى يالغۇز بىناكارلىق ساھەسى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. نەقىش يۇقىرى سەنئەت قىممىتىگە ئىگە نەرسە بولغاچقا، ئۇنى بىناكارلىقتىن باشقا تۇرلەرگىمۇ كەڭ قوللىنىپ، قەشقەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى يەنىمۇ گەۋدىلەندۇرۇش، قەشقەردە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ھەر خىل مەھسۇلاتلارنى يەنىمۇ سەنئەت تۈسىگە، يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ۋە ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە قىلىپ، نەققاشچىلىقنى قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم.

## قوشۇمچە II : قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە ئۇنى ياساش قول ھۈنەر ـ سەنئىتى ئاساسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى

قەشقەر شەھەرلىك غەيرىي ماددىي مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى

قوغداش قۇرۇلۇشى خىزمەت گۇرۇپپىسى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە ئۇنى ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتىنى غەيرىي ماددىي مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تۈرىگە كىرگۈزۈش مەقسىتىدە، 2004 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 2005 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە ئۇنى ياساش قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش جەريانىدا قەشقەردە نەچچە ئەۋلاد ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش قول ھۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئالەمدىن ئۆتكەن داڭلىق ئۇستىلارنىڭ ئەۋلادلىرى، شاگىرتلىرى، ئۇيغۇر چالغۇلىرىنى تەتقىق قىلىۋاتقان بىر قىسىم مۇتەخەسسىس، سەنئەتكارلار بىلەن قايتا ـ قايتا ئۇچرىشىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى، ۋىلايەتلىك كىتابخانا، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، قەشقەر شەھەرلىك نەپىس سەنئەت شىركىتى، قەشقەر شەھەرلىك كۇتۇپخانا قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ، ئۇيغۇر مىللىي چالغۇلىرى ۋە ئۇنى ياساش قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتىغا ئائىت بىر قىسىم ماتېرىياللارنى ۋە ئىلگىرى نەشر قىلىنغان بىر قىسىم كىتابلارنى ئىزدەپ تېپىپ پايدىلاندى. ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە ئۇنى ياساش قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولدى.

## I ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە ئۇنى ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ تارىخي تەرەققىياتى توغرىسىدا

دۇنيادا ئاڭ ـ تەپەككۇر ۋە تىلنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، تەدرىجىي ئىپتىدائىي سەنئەت شەكىللىنىشكە باشلىغان. ئۇيغۇر خەلقى خېلى بۇرۇنلا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغاندىن بۇيان، ھايۋانات تېرىسىدىن ۋە ياغاچلاردىن كۆپلىگەن

ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ۋە تۇرمۇش ئەسۋابلىرىنى ياساشقا كىرىش-
كەن. يەنە ھايۋانات تېرىلىرىدىن پايدىلىنىپ كىيىم كىيىشتىن باشقا،
نەرسە ـ كېرەك سالىدىغان تۇلۇملارنى ياسىغان. ھەر خىل ياغاچلاردىن
پايدىلىنىپ بېلىق تۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغان قولۋاقلارنى، سۇ توشۇيدىغان
سوغا ـ تۇڭلارنى، كاسا، تاۋاق، چۆچەك، چوڭ ـ كىچىك ياغاچ قوشۇق قا-
تارلىق نەرسىلەرنى ياساپ چىققان. بۇلاردىن بەزىلىرى ھازىرمۇ ساقلانماقتا
ۋە تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

مەنبەسىز بۇلاق، يىلتىزسىز دەرەخ بولمىغىنىدەك، دۇنيادىكى بار-
لىق يېڭىلىقلار تەقلىد قىلىنىش ۋە قايتا ـ قايتا ئىسلاھ قىلىنىش
ئاساسىدا مەيدانغا چىققان. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئاڭ ـ تەپەككۇرنىڭ
كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى ھەم بىر خىل ئىپتىدائىي سەنئەت تۇي-
غۇسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانلار ئاددىي ئىشلەپچىقىرىش
ۋە تۇرمۇش قوراللىرىغا تەقلىد قىلىپ، مۇرەككەپرەك بولغان بەزى ئىپ-
تىدائىي چالغۇ ئەسۋابلارنى كەشىپ قىلىپ چىققان.

مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇرلار يوغان ياغاچ قوشۇقنىڭ يۈزىگە ھايۋان
تېرىسىنى كېرىپ، ئۇنىڭغا قۇلاق بېكىتىپ، ئۈچەيدىن تار ئېشىپ بې-
كىتىپ چالغاندا بىر خىل يېقىملىق سادا چىقىدىغانلىقىنى تاپتى. ۋا-
قىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل «سادا چىقارغۇچ» قا قارىتا كىشىلەرنىڭ
تونۇشى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىشقا باشلىدى. بۇ خىل «سادا چىقارغۇچ»
نىڭ تېخى تەلەپكە يەتمىگەنلىكىنى سېزىپ، داۋاملىق تەھلىل ـ تەتقىق
قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق قوشۇقنىڭ بېشىنى چوڭقۇرلاتتى ۋە
چوڭايتتى، قۇلاق بېكىتىدىغان جايىنى تۆۋەنگە ئېگىپ ياسىدى. ھايۋانلار-
نىڭ مۈڭگۈزىگە ئوخشىتىپ مۈڭگۈز بېكىتتى. دەسلەپتە بىر تار سالغان
بولسا، كېيىنچە ئۇنىڭغا يانداش يەنە بىر تار قوشتى. بۇ خىل ئۆزگىرىش
ۋە قايتىلىنىش ئۇزۇن بىر دەۋرنى باشتىن ئۆتكۈزدى. مانا بۇنى راۋابنىڭ
دەسلەپكى شەكىللىنىش جەريانى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. ھازىر
خوتەندىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئاددىي ۋە قالاق
ھالەتتىكى قويچى راۋابنىڭ يۈزىگە كەرگەن تېرىنى ئېلىۋەتسەك چوڭ

ياغاچ قوشۇققا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىقى تەسەۋۋۇرغا ئاساسەن، ئىپتىدائىي راۋاب قەدىمىي چوڭ ياغاچ قوشۇقتىن كېلىپ چىققان، دەپ پەرەز قىلالايمىز.

ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ئەمگەكچى خەلق ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن بولغان ساتار،قالۇن، غېجەك، تەمبۇر، دۇتار، نەي، داپ، دۇمباق قاتارلىقلارمۇ خۇددى راۋابنىڭ كەشىپ قىلىنىش، قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىلىشىدەك تارىخىي جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش جەريانىدا ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن. بىز راۋابنىڭ شەكىللىنىشىنى قەدىمىي چوڭ ياغاچ قوشۇقنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنلا، يەنى بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنلا كەشىپ قىلىنغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشىگە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيىتى، شۇنداقلا قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىمۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، داۋاملىق ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۆزگەرتىلىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ بارغان. ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، قوپاللىقتىن كۆركەملىككە، يىرىكلىكتىن نەپىسلىككە، تۇتۇقلۇقتىن جاراڭلىقلىققا قاراپ تەرەققىي قىلغان. ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ قايغۇسى ۋە خۇشاللىقىغا ھەمدەم بولۇپ، مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا كۆپ قېتىم يېڭىلىنىش، كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىلىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، مۇكەممەل بولغان بىر پۈتۈن مۇزىكا سىستېمىسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن.

شىنجاڭنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى بۇنىڭدىن 2000 يىللار ئىلگىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرگەن ۋە زور تەسىر پەيدا قىلغان. شىنجاڭنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرى ھەققىدە ئېلىمىز-

نىڭ سالنامە ۋە تارىخىي كىتابلىرىدا خېلى كەڭ ئۇچۇرلار ساقلانغان. بۇ كىتابلاردا ئۇيغۇر مۇزىكا ـ كۇيشۇناسلىق ئاساسلىرى بىر قەدەر چوڭقۇر تەرىپلەنگەن. «جۇ قائىدە ـ يوسۇنلىرى» دېگەن كىتابتا، جۇملىدىن «چى قەبىرىگاھىنىڭ يىلنامە خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 21 ـ ئەسىردىلا ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن تۆت تەرەپ قەبىلىلەرنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى ئۆزئارا تەسىر قىلغانلىقى ۋە «تى لو» ناملىق كىشىنىڭ تۆت تەرەپ قەبىلىلەر مۇزىكىسىنى ئىگىلىگەن ئاساسلىق سەنئەتكار ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

«كونا تاڭنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» دە، شىمالىي دىغار تۈركىي تىللىق خەلقلەر مۇزىكىلىرى ئۇستىدە توختىلىپ ئۆتۈلگەن، ئۇنىڭدا ئات ئۇستىدە چېلىنىدىغان دۇمباق ۋە كانايىنىڭ ئالدى بىلەن شىمالىي دىغار تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن كىرگەنلىكى ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەربىي ئوركېستىرغا قوبۇل قىلىنغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

«جىننامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» بىلەن سۇي باۋ يازغان «شەرھى تارىخنامە» نامىلىق كىتابلاردا: «جاڭ چيەن شىنجاڭدىن نەينى، بۇرغىنى ۋە ئۇنى چېلىش ئۇسۇلىنى ئىچكىرىگە تونۇشتۇرغان. ئۇ يەنە مۇقەدۇر نەغمىسى دېگەن كۇينى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان» دەپ خاتىرىلەنگەن ۋە «ئىككى خەن دەۋرىدە غېجەك (بەرباب ـ پىپا)، راباب (بەش تارلىق پىپا)، بالىمان (بىلى)، غوڭقا (گۇاڭخۇا) قاتارلىق غەربىي دىيار چالغۇلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئەنئەنىۋى چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئېلىمىز مۇزىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن.

«سۇينامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»، «كونا تاڭنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە. ھۆرمەت مۇزىكا تەزكىرىسى»، «تاڭ سۇلالىسى 6 قامۇسى» لاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئىچكىرىدىكى غەربىي دىيار مۇزىكا ئوركېستىرلىرى مۇنداق تەرتىپتە تەشكىللەنگەن:

قەشقەر سازەندىلىرى: تىك غوڭقا، بەرباب، راباب، نەي، بالىمان، شىياۋ، دالا ناغرىسى، يان دۇمبىقى، جەللە دېپى قاتارلىق 10 كىشىلىك چالغۇ ئوركېستىرىدا بىر قانچە ئۇسسۇلچى بولغان.

كۈسەن سازەندىلىرى: 4 ئۇسسۇلچى، 16 سازەندە بىر ئوركېستىر جەمئىي 20 كىشى. تىك غوڭقا، بەرباب، راباب، نەي ، ھىم نەي (سىڭ)، شياۋ، بالىمان، يان دۇمبىقى، دالا ناغرىسى، ئىككى يۈزلۈك بەل دۇمبىقى، داپ، جەللە دېپى قاتارلىقلار ئاساسىي چالغۇ قىلىنغان.

تۇرپان سازەندىلىرى: غوڭقا، بەرباب، راباب، بالىمان، يالغۇزەك (نەي )، شياۋ، داپ، جىلو دېپى، بەل دۇمبىقى، دالا ناغرىسى قاتارلىق 15 كىشىلىك چالغۇلار ۋە بىر قانچە ئۇسسۇلچىدىن تەركىب تاپقان، دەپ خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىقىلاردىن ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرىپ، خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تاڭ دەۋرىدە يېزىلغان خاتىرىلەردە ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى ھەققىدە يېزىلغان نۇرغۇن نەپىس شېئىرلار ساقلانغان. مەسىلەن، شۈەنزۇڭ پادىشاھ داپ ھەققىدە توختىلىپ، ئۇنى «سەككىز ئاھاڭنىڭ باشچىسى، باشقا چالغۇلار ئۇنىڭغا تەڭلىشەلمەيدۇ» دېگەن.

ياڭ خۇ «فىن قىزى چالغاندا داپ » دېگەن شېئىرىدا:

*يېڭىدىن تېرە داپقا ئۆگەتتى فىنلىق قىزنى،*
*داپمۇ دەسلەپ قىلدى ئىزھار بار كارامەت ئۆزىنى.*
*چىقتى بىر ئالەمچە نەغمە ئىككى تاق ـ تاق ئىچىدىن،*
*«دۇم» قىلىپ، «جىڭ ـ جىڭ» قىلىپ ئېيتقاندا قەلب سۆزىنى.*

دەپ يېزىپ داپنى ئادەملەشتۈرگەن.

«بەشتار» ناملىق شېئىرىدا راۋاب ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك مىسرالارنى يازغان :

*بىر چىلىپ، بىر ناخشا ئېيتسا، ئۈچ قېتىم ھەيھات دېدىم،*
*شۇنچە تەمكىن، خالىي راھەت نەغمىنى ئاڭلاپ تامام.*
*دىل ئېرىپ ئاققان چېغىدا قارىسام كەيپىم يېنىپ،*
*ئىختىيارسىز زوق بىلەن ئالماقتىكەن قەلبىم ئارام.*

لى بەي «باھار تۈنى لوياڭدا نەي ئاڭلاش» دېگەن شېئىرىدا نەي ھەق-قىدە تۆۋەندىكى مىسرالارنى يازغان :

*قايسى ئۆيكىن قاشتېشى نەينىڭ ساداسى ياڭرىغان،*
*تولدى لوياڭ شەھىرىمۇ، مۇڭلۇق ھاۋاغا شۇ ھامان.*
*نەغمىدىن «سۇنغان سۆگەتتال» كۈيىنى ئاڭلاپ بۇ كېچە،*
*يوق كىشى يۇرتىنىڭ سېغىنچى قەلبىنى تولدۇرمىغان.*

دۇفۇ «تۈندە بالىمان تىڭشاش» دېگەن شېئىرىدا بالىمان ھەققىدە تۆۋەندىكى مىسرالارنى يازغان :

*«شياڭجياڭ» دەريا لېۋىدە تۈندە ئاڭلاپ بالىمان،*
*قېرىغان قۇلاقلىرىم سۆيگۈگە تولدى شۇ ھامان.*
*دىلنى شۇنچە ئەزدى يان قېيىقتىن كەلگەن كۈي ،*
*قورۇل كۈيى ياڭرىدى قاق كېچە مۇڭ ئەيلەبان.*

*جەنۇب تاغ قومۇشىدا ياسىلىدۇ بالىمان ،*
*بۇ مۇزىكا ئەسلىدە كۈسەن شەھىرىدىن چىققان.*
*غارايىپ بوپ ئۆزگەردى خەن يېرىدە كۈيلىرى،*
*ئۇنى لياڭجۇ ئۇيغۇرى چالىدۇ بىزگە بۇئان.*

*ياندا تۇرۇپ ئاڭلىغان كىشىلەر پەرياد چەكسە،*
*يۇرت سېغىنغان مۇساپىر كۆزلىرىدە ياش راۋان.*

تارىخنامىلەردە ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى، ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى ھەققىدە يېزىلغان خاتىرىلەر ئىنتايىن كۆپ. يۇقىرىقى داپ، نەي، راۋاب، بالىمان قاتارلىق چالغۇلار ھەققىدە يېزىلغان شېئىر ـ نەزمىلەردىن، ئىچكى ئۆلكىلەردە ئەينى زاماندا قۇرۇلغان مۇزىكا ئوركېستىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلەردىن قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئەينى زا- ماندا ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرەلەيمىز.

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ كەڭ تۇردە تارقىلىشى، ئۇيغۇر چالغۇ ئەس- ۋابلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. چالغۇ ئەسۋابلىرى قايتا ـ قايتا ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۆلچەملىرى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئورۇنداش تەلىپىگە تەدرىجىي ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى 15 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەز- گىلدە ئەينى ۋاقىتتىكى داڭلىق مۇزىكا ئۇستازلىرى تەرىپىدىن تەرتىپكە سېلىنغان ۋە رەتلەنگەن، دەسلەپكى قەدەمدە قېلىپلاشتۇرۇلغان.

موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى يازغان «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» دېگەن كىتابتا، 15 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى- غىچە ئۆتكەن داڭلىق مۇزىكا ئالىملىرى ۋە مۇزىكا پىر ـ ئۇستازلىرىدىن 17 كىشىنىڭ ئىسمى خاتىرىلەنگەن. بۇ 17 ئالىم ۋە پىر ـ ئۇستازلار موللا نىمەتۇللا مۆجىزى، فىساغورۇس، ئەبۇ نەسىر فارابى، مەۋلانە ئەلى ھەزرەت، ئابدۇللا مەرۋايىت، غوجا شاھابىدىن، مەۋلانە نۇرىدىن ئابدۇرەھمان جامى، ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائى، مۇھەممەد خارەزمى، مەۋلانە نامان سە- مەرقەندى، مەۋلانە ساھىپ بەلخى، شەيخ سافايى سەمەرقەندى، قىدىرخان يەركەندى، ھەزرىتى پەھلىۋان مۇھەممەد كۇچتىنگىر، ھەزرىتى مەۋلانە لۇتفى، ھەزرىتى يۇسۇپ سەككاكى، خانىش ئامانىسا خېنىملاردىن ئىبا- رەت بولۇپ، بۇلار ئۆز زامانىسىدا ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى رەتلەش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، جۈملىدىن ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگى- رى سۈرۈشتە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. مەسىلەن، «تەۋارىخى مۇسى- قىييۇن» دا:

بىرىنچى، ئەبۇ نەسىر فارابى ھەققىدە توختىلىپ: «بۇ ئەزىز ھەزرەتىم شەرىئەت ئىلمى، تەرىقەت ئىلمى، تەپسىر، ھەدىس، تېۋىپلىق، پەلسەپە، ئىدېئولوگىيە، ئەدەبىيات، ھەتتا شاھمات، نەرت ئويۇنلىرىغىچە بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى، جۈملىدىن مۇزىكا ئىلمىدىمۇ ناھايىتى يېتىلگەنىدى. قالۇننى ئۆز قولى بىلەن ياساپ، سىم تارتىپ چالغان ۋە سازەندە شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەنىدى. راك، ئوششاق مۇقاملىرىنى ۋە ئوششاقنىڭ مەرغۇللىرىنى ئىجاد قىلىپ ئالەمگە يايغان ھەم شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەنىدى. ھازىرمۇ ھەممە سازەندىلەرگە مەلۇم بولغان ‹ئۆزھال› مۇقامىنى ۋە ئۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى مەرغۇللىرىنى كەشىپ قىلغاندى. ‹رىسالەئىي مۇغەننىيۇن› (سازەندىلەر رىسالىسى) دېگەن كىتابىدا: مۇزىكىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرى ئىنساننىڭ روھىغا مەنىۋى ئوتىنى تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا شېئىر (تېكىست) قوشۇلسا، ئۇ چاغدا مۇڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، دەپ ئېيتقان ۋە يەنە ‹يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان پەيزنى مېنىڭ قالۇنۇمنىڭ سىملىرىدىن ئالغايسىزلەر› دېگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئىككىنچى، مەۋلانە ئەلى ھەزرەت ھەققىدە توختىلىپ:«مەۋلانە ئەلى ھەزرەت نەغمىچىلەر ئىچىدە مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقان ‹چۆل ئىراق› مۇقامىنى ھەج سەپىرىدە ئىراق چۆللىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىجاد قىلىپ، شۇ نام بىلەن ئاتىغان. دۇتارنىمۇ شۇ كىشى كەشىپ قىلغان . ئۇ شېئىر يېزىش، مۇزىكا ئۆگىتىشتىمۇ ئۆز زامانىسىنىڭ تەڭداشسىزى ئىدى. ئۇ باشقا ئىلىملەر بويىچىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك ياخشى كىتابلارنى يازغان» دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئۈچىنچى، ھەزرىتى مەۋلانە نۇرىدىن ئابدۇرەھمان جامى ھەققىدە توختىلىپ: «بۇ ھەزرەت ھەممە ئىلىمدە ھەزرىتى فارابىدەك ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ شائىر ھەم ئالىم بولغىنىدىن مەپتۇنلۇقى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. تەمبۇر، ساتار، قالۇن قاتارلىق بارلىق سازنى ئۆز قولى بىلەن چالاتتى. ‹ئەجەم› دېگەن بىر مۇقامنى ھەم ئۇنىڭ ئىككى مەرغۇلىنى ئىجاد قىلدى. نۇرغۇن شاگىرتلارنى مۇزىكا ئىلمىدە مۇكەممەل قىلىپ چىقاردى» دەپ

خاتىرىلەنگەن.

تۆتىنچى، ھەزرىتى ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائى ھەققىدە توخ-تىلىپ :« بۇ ئەزىزنىڭ ھەممە پەزىل ـ شاراپەتلىرى ئۆزى يازغان شېئىر كىتابلىرىدىن ئايان بولىدۇ. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن 63 پارچە كىتاب ياز-غان. ئۇ ئۆزىنىڭ پىر ـ ئۇستازى بولغان ھەزرىتى جامىدىن مۇزىكا ئىل-مىنى ياخشى ئۆگەنگەن. ھەر كېچىسى ساتار ياكى تەمبۇر چېلىپ، ئۆزى يازغان غەزەللەر بىلەن ھەمدە ئېيتىپ بىھوش بولۇپ كېتەتتى. ‹ناۋا› دېگەن بىر مۇقامنى ئىجاد قىلىپ ئالەمگە تارقاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

بەشىنچى، مۇھەممەد خارەزمى ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇ مۇزىكا ئىلمى بويىچە كۆپ تىرىشچانلىق ۋە ماھارەتلەرنى كۆرسەتتى. 200 دىن كۆپرەك شاگىرتنى يېتىلگەن ئۇستازلاردىن قىلىپ چىقاردى. بۇ پەننىڭ چوڭقۇر سىرلىرى ھەققىدە رىسالە يازدى، مىلادىيە 1448 ـ يىلى ۋاپات بولدى.» دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئالتىنچى، قىدىرخان يەركەندى ھەققىدە توختىلىپ: «بۇ پەندە بۇ ئەزىزدەك ماھارەت كۆرسەتكەن ئۇستاز ئاز. بۇ ئەزىز كۆپرەك ئەلىشىر نە-ۋائى ھەزرەتلىرىنىڭ غەزەللىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتاتتى. ئالەم ئۆتۈپ ئۇنىڭدەك خۇش ئاۋاز ئادەم بولمىغان دېيىشكە بولىدۇ. راۋابنى ۋە ھەشتار (سەككىز تارلىق بىر خىل چالغۇ) نى بۇ ئەزىز كەشىپ قىلدى. ئۇ يەنە شائىر ئىدى. ‹دىۋان قىدىرى›، (قىدىرخان شېئىرلىرى توپلىمى) نى يازغان. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىلمى ھەققىدىكى رىسالىلىرىدە چوڭقۇر مەنىلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.» دەپ خاتىرىلەنگەن.

يەتتىنچى، ھەزرىتى پەھلىۋان كۇچېتىنگىر ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇ ھەم شائىر، ھەم نەغمىچى، ھەم زور باي ئىدى. ئۇ مۇزىكا ئىلمى ھەققىدە ئەسەرلەرنى يازدى. تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ناخشا، سۆز، ئاھاڭلارنى ئىجاد قىل-دى. ئۇ ئىشلىگەن مۇقام كۈيلىرىنىڭ بىرى ‹چاھار زەرپ› بولۇپ، ھەممە ئۇستازلارنىڭ كۈيلىرىدىن ياخشى ھەم يېقىملىق بولغان ۋە تېزلا داڭ چىقارغانىدى. مەشھۇر ئىجادىي مۇقاملىرىنىڭ بىرى ‹چاھار زەرپ›، يەنە بىرى ‹چاھارگاھ› مۇقامى ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

سەككىزىنچى، مەۋلانە لۇتفى ھەققىدە توختىلىپ: « بۇ ئەزىزنىڭ بىلمەيدىغان ئىلمى يوق ئىدى. زامانىنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى ئىدى . ئۇنىڭ قولىدا 200 چە كىشى مۇزىكا ئىلمىدە كامالەت تېپىپ ماھارەت كۆرسەتتى. ئۇ ئۆمرىدە 20 دىن ئارتۇق كىتاب يازدى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

توققۇزىنچى، ھەزرىتى يۈسۈپ سەككاكى ھەققىدە توختىلىپ: «بۇ ئەزىز ھەممە ئىلىمدە ھەزرىتى فارابى ۋە ھەزرىتى لۇتفىدەك ئىدى. مىڭ-لىغان تالىپلار ئۇنىڭ قولىدا تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ئىلىملەرنى ئۆگىنەتتى. ئۇ مۇزىكا ئىلمى بويىچە رىسالە يازدى. ھازىرغىچە نەغمىچىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقان ‹بايات› ناملىق مۇقامنى شۇ ئەزىز ئىجاد قىلىپ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەنىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئونىنچى، خانىش ئامانىسا خېنىم ھەققىدە توختىلىپ: «بۇ خېنىم سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خانىشى ئىدى. ئۇ دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى بولۇپ، ‹دىۋان نەفىسى› (نەفىسى شېئىرلار توپلىمى) دېگەن كىتابنى يازغانىدى. ئۇ مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىسى ئىدىكى، سۇل-تان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيارسىز شەيدا بولغانىدى. شائىر-لىق، نەغمىچىلىك ۋە خەتتاتلىقتا كامالەتكە يەتكەنىدى. ‹ئىشرەت ئەنگىز› دېگەن بىر مۇقامنى بۇ خانىش ئىجاد قىلغانىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دېگەن كىتابتا يەنە مۇزىكا پىر ـ ئۇس-تازلىرىدىن 17 نەپەر كىشىنىڭ تارىخىي ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ بولغاندىن كېيىن، «يۇقىرىقىلاردىن كېيىن مۇقام، غەزەل ئىجاد قىلغۇ-دەك بىر ئۇستازنىڭ ئالەمگە كەلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس» دەپ خاتىرىلەن-گەن.

15 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئۇزاق بىر مەزگىل جەريانىدا، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئاتاقلىق پىر ـ ئۇستازلار تە-رىپىدىن كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىش، ئىجاد قىلىش، تەتقىق قىلىش، ئەمە-لىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئاساسىدا رەتلەنگەنلىكى، بولۇپمۇ قىدىرخان ۋە شا-ئىرە ئامانىساخېنىم دەۋرىگە كەلگەندە، پادىشاھ ئابدۇرەشىدخاننىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا ئومۇميۈزلۈك رەتلىنىپ بىرلىككە

كەلگەنلىكىنى، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىمۇ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشىپ، يېڭىلىنىپ، ئۆلچەملىشىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر چالغۇلىرى سىستېمىسىنى تەشكىل قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

**II ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ تۈرى، ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئۆلچىمى توغرىسىدا**

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش داۋامىدا ئاتاقلىق مۇزىكا ئۇستازلىرى، چالغۇ ئەسۋابلىرى ياساش ئۇستىلىرى بىلەن ئەستايىدىل، تەپسىلىي سۆزلىشىپ، ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ تۈرى، ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيىتى، ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى تۈزۈلۈش ۋە چېلىش خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، يەللىك چالغۇلار، قىللىق چالغۇلار، چەكمە چالغۇلار، سوقما چالغۇلاردىن ئىبارەت تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ چالغۇلار ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1. يەللىك چالغۇلار

يەللىك چالغۇلار چالغۇنىڭ ئاۋاز كۈچى، ئۇلارنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى قاتارلىقلار خەرەكتىن چىقىۋاتقان ھاۋا ئېقىمى ۋە ئېغىز شەكلى ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىغان، ئېغىز بىلەن پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابلار تۈرىگە كىرىدۇ.

1) نەي: ئەڭ قەدىمكى چالغۇلارنىڭ بىرى. نەينىڭ ئۇزۇنلۇقى ھەر خىل بولۇپ، سۆڭەكتىن ياسالغانلىرى 20 سانتىمېتىر، قومۇشتىن ياسالغانلىرى 40—50 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇ يانتۇ تۇتۇپ پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ. ئۇنىڭ ئۇستىدە ئاۋاز تۆشۈكلىرى بولىدۇ. تۆشۈكلەرنى بارماقلار بىلەن تولۇق ۋە يېرىم ئېتىش ئارقىلىق خىلمۇخىل پۈتۈن ۋە يېرىم ئاۋازلارنى چىقارغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى يۇقىرى، ئاۋاز دائىرىسى

كەڭ، ئاۋاز تۇسى مۇڭلۇق بولۇپ، كۆپىنچە يالغۇز ئورۇندىلىدۇ. ئوركېستىرنىڭ شوخ، تېتىك، يۇقىرى ئاۋاز قىسمىدا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. نەينىڭ سەككىز تۆشۈكى بولىدۇ.

2) بالىمان: تۇز تۇتۇپ پۇۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ. ئۇنىڭ پۇۋلەيدىغان ئۇچى ياپىلاق، توغرىسىغا ياغاچ قىستۇرۇلغان، ئۇستىدە سەككىز تۆشۈكى بولۇپ، بارماقلار بىلەن بېسىپ چېلىنىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى ئوتتۇرا ئاۋازغا مايىلراق.

3) بۇرغا: ئەڭ قەدىمىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى. پۇۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇلار ئىچىدە ئۇنىڭ ئاۋاز كۈچى ئەڭ زور، ئەڭ ياڭراق. بۇرغىنىڭ شەكلى ئەگمە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 20—30 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە، ئۇچىدا بىر دانە پۇۋلەش تۆشۈكچىسى بار. يوغان ئۇچى كاناي شەكلىدە ئىچى ئويۇپ ياسالغان. بارماق تۆشۈكلىرى يوق. پەقەت ئېغىز بوشلۇقى ۋە ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا بېسىمىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق ئۇزۇنغا سوزۇلغان تېيىلما خاراكتېردىكى «نەرە» ئاۋازىنى چىقىرىشقا بولىدۇ.

4) سۇناي: سۇناي چىلان ياغىچىدىن ياسىلىدىغان بولۇپ، كىچىك ئۇچىدا قومۇشتىن ياسالغان ئاۋاز چىقىرىش پىپىكى بولىدۇ (ئۇنى خالىغانچە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ). سۇنايىنىڭ ئىچ بوشلۇقى چوڭ ئېغىز تەرەپكە قاراپ بارغانسېرى كېڭىيىپ بارىدۇ. ئۇ نەيگە ئوخشاش بارماق بىلەن بېسىپ پۇۋلەش ئارقىلىق چېلىنىدۇ. سۇناي ئاۋازى ياڭراق چالغۇ بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەردە ناغرا ـ دۇمباقلار بىلەن قوشۇلۇپ ھەربىي ئىشلاردىمۇ ئىشلىتىلگەن. ھازىرغىچە تەنتەنىلىك مۇراسىملار ۋە توي ـ تۆكۈنلەردە قوللىنىلىپ كەلمەكتە. سۇنايىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 43 سانتىمېتىر، كانايسىمان ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 8 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە. سۇنايدا ئۈستۈنكى تەرىپىدە يەتتە، ئاستىنقى تەرىپىدە بىر جەمئىي سەككىز ئاۋاز تۆشۈكى بولىدۇ. ئاستىنقى تۆشۈكى ئۈستۈنكى بىرىنچى تۆشۈكنىڭ ئاستىغىراق توغرا كېلىدۇ. ماھارەتلىك ئۇستۇن چالغۇچىلار ئۇنىڭدا تۇرلۇك تېيىلما ئاھاڭلار ۋە باشقا كۆپلىگەن زىننەت ئاھاڭلارنى

ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ چالالايدۇ.

5) كاناي: بۇ بۇرغا ۋە سۇنايلارغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ياسالغان چالغۇ. ئۇ ئاۋازىنىڭ بوملىقى، ھەيۋەتلىكلىكى سەۋەبىدىن «نەرە» دەپمۇ ئاتالغان. ئىلگىرى تۈرلۈك مۇراسىملار ۋە دىنىي خاراكتېرلىك ئاممىۋى پائالىيەتلەردە كەڭ قوللىنىلغان.

كانايىنىڭ شەكلى سۇنايغا ئوخشاپراق كېتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن خېلىلا ئۇزۇن، ھەجىممۇ يوغان.ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مېتىردىن ئىككى مېتىرغىچە بولۇپ، دەسلەپتە ياغاچتىن، كېيىن مىستىن ياسالغان. كاناي بۇرغىغا ئوخشاش پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ بولۇپ، پەقەت بىر نەچچە تەبىئىي ئاۋازنى چېلىشقىلا بولىدۇ. كاناي ئاۋازىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ياكى بوم ـ ئىنچىكە بولۇشى ئۇنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. ئۇ ئاساسەن قايناق، ھېسسىياتلىق سورۇنلاردا داقا ـ دۇمباقلارغا تەڭكەش قىلىنىپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھۆۋلاش (نەرە تارتىش) لار ئارقىلىق كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئىشلىتىلگەن. كېيىنچە ھەجىمىنىڭ كېلەڭسىزلىكى ھەمدە مېلودىيە ئورۇنداشقا بولماسلىقتەك كەمچىلىكى تۈپەيلىدىن كلاسسىك چالغۇلار ئارىسىدىن تەدرىجىي يوقىلىشقا باشلىغان. ھازىر پەقەت قىزغىن كەيپىياتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە سەھنە قورالى قىلىپ ئىشلىتىلمەكتە.

2. قىللىق چالغۇلار

قىللىق چالغۇلار ئات قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ قۇيرۇق قىلىدىن ياسالغان، كامانچە بىلەن تارغا سۈركەش ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىدىغان چالغۇلار تۈرىدۇر.

1) ساتار: ساتار (بۇرۇنقى ئىسمى سەرتار، يەنى باشلامچى چالغۇ دېگەن مەنىدە) قەدىمكى قىللىق چالغۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمكى دولان راۋابى ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. پېشقەدەم مۇزىكا ئۇستىسى تۇردىئاخۇن ئاكىنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئەينى زامانلاردا مۇقام ئورۇندىغاندا ساتار قول بىلەن چېكىپ چېلىنىدىكەن. مۇشۇلارغا ئاساسلانغاندىمۇ ئۇنىڭ راۋاب، تەمبۇر ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن، ھەم قىللىق ھەم چەكمىدىن

ئىبارەت قوش ماكانلىق چالغۇ ئىكەنلىكىنى، كېيىنچە مەخسۇس كامانچە بىلەن ئورۇندىلىدىغان شەكىلگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى قەيت قىلىــشــقــا بولىدۇ.

ساتارنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 140 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بو- لىدۇ. ئۇ كۆپىنچە ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. بىر دانە ئاساسلىق چې- لىنىدىغان پولات سىمى ۋە سەككىزدىن ئون ئىككىگىچە سادا قايتۇرغۇچى سىملىرى بولىدۇ. سېپىغا كېرىچتىن پەدە باغلىنىپ (هازىر ئاساسەن سۆلىياۋ قويۇلىدىغان بولدى)، سول قولدا پەدە بېسىپ، ئوڭ قول بىلەن كامانچە سىيرىش ئارقىلىق چېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى سىلىق، مۇلايىم، مۇڭلۇق بولۇپ، مۇقام ئورۇنداشتا ئاساسلىق چالغۇ هېسابلىنــىــدۇ. ئــۇ كۆپىنچە مۇقاملارنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە بەزى مۇزىكىلارنىڭ چاچما (ئىخ- تىيارىي) ئۇدارلىق جايلىرىدا باشلامچىلىق رول ئوينايدۇ.

2) غېجەك: غىجەكنىڭ سېپى سۆگەت ياغىچىدىن، بېشى ئۈجمە يا- غىچىدىن ياسىلىدۇ. سول قولدا تار بېسىپ، ئوڭ قولدا كامانچە سىيرىپ چېلىنىدۇ. باش قىسمىنىڭ ئىچى كاۋاك بولىدۇ. ئىلگىرى غېجەكنىڭ يۇزىگە ئات ياكى ئېشەك تېرىسى كېرىلەتتى، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر ئەت- راپىدا بولۇپ، ئىككى ياكى تۆت تار بېكىتىلەتتى. 1955 ـ يىلدىن بۇيان غېجەك تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، بېشىنىڭ ئىچكى قىسمىغا يىلان تېرىسى كېرىلىدىغان، تۆت تار بېكىتىلىدىغان شەكىلگە كەلتــۈرۈلــدى. يۇقىرى ئاۋازلىق غېجەكلەرنىڭ هەجىمى چاققان بولىدۇ، تىزغا قويۇپ چېلىنىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى يەرگە قويۇپ چېلىنىدىغان تۆۋەن ئاۋازلىق غېجەكلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. بۇنداق غېجەكلەر يۇقىرى ئاۋازلىق غېجەك- لەرگە قارىغاندا خېلىلا يوغان بولىدۇ.

3) خۇشتار: 1957 ـ يىلى لوپ ۋە خوتەن رايونلىرىدا ئوخشىمىغان نۇسخىدىكى ئىككى خىل خۇشتار تېپىلغان. بۇ خىل چالغۇ قەدىمكى غېجەك ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەنى- كەن. ئۇنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىگە ئەمدىلا بىر ئەسىرچە ۋاقىت بولغان.

هازىر بۇ خىل چالغۇ قايتا تەتقىق قىلىنىپ ياساپ چىقىلدى. ئۇنىڭ دەستە بېشىغا كىچىك قۇشنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەچكە، «قۇشتار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاساسىي گەۋدىسى ياغاچ تاراشلىرىدىن چاپلىما شەكلىدە ياسال-غاچقا، نەملىك ۋە ئىسسىق ـ سوغۇققا چىداملىق، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 50 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە، تۆت تارلىق، دەستىسىدىكى تار تاختىسى ۋە تارلىرىنىڭ ئورۇنلىشىشى ئاساسەن هازىرقى زامان غېجەككە ئوخشى-شىدۇ. خۇشتار ئۆزىنىڭ كۆركەم شەكلى ۋە يېقىملىق ئاۋازى بىلەن مىللىي مۇزىكا ئوركېستىرىدىن ئورۇن ئېلىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل تا-ماشىبىنلىرىنى جەلپ قىلماقتا. خۇشتارنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ۋە سۈزۈك بولۇپ، ئىسكىرىپكىنىڭ ئاۋاز تۇسىگە يېقىنلىشىدۇ. ساز قىلىنىشى غېجەك بىلەن ئوخشاش.

3. چەكمە چالغۇلار

ناخۇن، زەخمەك ياكى بارماقلار بىلەن تارنى چېكىش ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىدىغان چالغۇلار چەكمە چالغۇلار دېيىلىدۇ.

1) بەرباب: بەربابنىڭ يەنە بىر ئىسمى باربىت، خەنزۇچە «پىپا» دەپ ئاتىلىدۇ. «جۇڭگو مۇزىكا تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ تۆتىنچى بابىدا قەيت قىلىنىشىچە، 10 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم، مۇزىكىشۇناس فارا-بىنىڭ كىتابىدا، بەربابنىڭ دەسلەپكى شەكلىنىڭ «ئۇد» دەپ ئاتالغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. بەش تارلىق كۇچا بەربابى مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى يىل-لىرىدىلا ئومۇملاشقان بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىدىن پۈتكۈل ئاسىيا ۋە ھىندىستانغا تارقىلىشقا باشلىغان. شەرقتە دېڭىز بويلىرىغىچە، غەربتە يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىنى بويلاپ ئىران ۋە ئەرەب ئەللىرى-گىچە يېتىپ بارغان. هازىر ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ساقلىنىپ قالغىنى تۆت تارلىق، ياپىلاق، ياغاچ يۈزلۈك ، بېشى سوزۇنچاق كەلگەن نۇسخىسى. ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ۋە مۇڭلۇق، بويى 70—80 سانتىمېتىر ئۆپچۆرى-سىدە. بەرباب تەخمىنەن ئون ئىككى تۇرلۇك ساز قىلىنىدۇ. هازىر ئىش-لىتىلىۋاتقانلىرىنىڭ بىرىنچى تارى a ، ئىككىنچى تارى e ، ئۈچىنچى تارى d، تۆتىنچى تارى A ئاھاڭغا سازلىنىدۇ. بەرباب تۇرلۇك مۇڭدا بو-

لۇپ، پەدە سانى ئوخشاش ئەمەس.

2) راۋاب: راۋاب ئۇيغۇر چالغۇلىرى ئىچىدە كەڭ ئومۇملاشقان چالـ. غۇدۇر. راۋاب قۇلاق ئورنى، دەستىسى ۋە راۋاب بېشىدىن ئىبارەت ئۈچ قىـ. سىمدىن تەركىب تاپىدۇ. بېشىنىڭ ئۇستىدىكى ئىككى تەرىپىگە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلىپ تۇرغان بىر جۈپ قوچقار مۈڭگۈزى شەكلى ئورنىتىلغان. راۋابنىڭ خەلق ئارىسىدا قەشقەر راۋابى، دولان راۋابى ۋە ئەڭ قەدىمىي بولغان قويچى راۋابى قاتارلىق خىلمۇخىل نۇسخىلىرى بار. ئۇ. نىڭدىن باشقا يېڭىدىن ئىسلاھ قىلىنغان چاپلىما (تالالىق) راۋاب ۋە تۆۋەن ئاۋازلىق باس راۋاب قاتارلىقلارمۇ بار.

(1) قەشقەر راۋابى—ئويما راۋاب دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بېشى ياغاچتىن ئو. يۇلۇپ، يۇزىگە تېرە كېرىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. دەستىسىگە كېرىچتىن پەدە باغلىنىدۇ، ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 90 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ. قەشقەر راۋابى ئادەتتە 6— 7 سىملىق بولۇپ، بىرلا سىم ئاساسىي مېلودىيە ئۈچۈن، قالغانلىرى قوشۇمچە ياكى سادا قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. هازىرقى زامان قەشقەر راۋابى يەتتە سىملىق بولۇپ ، ئاۋازى ياڭراق، زىل كېلىدۇ.

(2) دولان راۋابى—دولان راۋابىنىڭ دەستىسىگە ئادەتتە پەدە باغلان. مايدۇ. شۇڭا ئۇ سىيرىپ چېلىشقا ناھايىتى ئەپچىل، ئۇنىڭ بىلەن بەزىبىر ئالاھىدە مىللىي پۇراقلارنى ياخشى گەۋدىلەندۇرگىلى بولىدۇ. دولان راۋا. بىنىڭ ئۈچ تال ئاساسىي سىمى ۋە كۆپلىگەن سادا قايتۇرغۇچ سىملىرى بولىدۇ. راۋابنىڭ باش قىسمىدىن سەل يۇقىرىراق ئورنىغا ئالاھىدە نەقىش ئويۇلغان قىسقا ئىككى مۈڭگۈز ئورنىتىلىدۇ.

(3) چاپلىما راۋاب—تالالىق راۋاب دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ راۋاب ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر راۋابىنىڭ تۈزۈلۈشى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىنىپ ياسالغان بولۇپ، بېشى دۇتارنىڭكىگە ئوخشاش ياغاچ تالالىرىدىن چاپلاپ ياسىلىدۇ. دەستى. سىگە مېتال ياكى سۆلياۋ پەدىلەر قويۇلىدۇ. چاپلىما راۋابنىڭ جەمئىي بەش سىمى بولۇپ، ئاۋازى جاراڭلىق، مۇڭلۇق، شەكلى قەشقەر راۋابىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ.

3) تەمبۇر: تەمبۇر ئۇزۇن دەستىلىك چالغۇ بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخ-مىنەن 140 سانتىمېتىر، بېشى ئۇزۇنچاقراق، يۇزلۇكى ئادەتتە ئۈجمە يا-غىچىدىن ياسىلىدۇ. تەمبۇرگە سىم سېلىنىدۇ ۋە ناخۇن بىلەن چېكىپ چېلىنىدۇ. ئۇ ئىلى ، قەشقەر ۋە ئاقسۇ رايونلىرىدا كۆپرەك تارقالغان. تەمبۇر بەش سىملىق بولۇپ، بىرىنچى ، ئىككىنچى سىملىرى ئاساسلىق مېلودىيە ئورۇندايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەتقىقاتچىلىرىمىز تەمبۇر ئۈستىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، دەستىسى قىسقا، ئاۋازى ياڭراق بولغان يۇقىرى ئاۋازلىق تەمبۇرلەرنى ياساپ چىقتى. ئۇنىڭ پەدىسى راۋابقا ئوخ-شاش، يەنى ئون ئىككى تەكشى ئاھاڭ رېتى بويىچە تىزىلغان بولۇپ، ها-زىرقى زامان مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداشقا قۇلايلىق.

4) دۇتار: دۇتار—پارسچە قوشتار (جۈپتار) دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇيغۇر چالغۇلىرى ئىچىدە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن تا ھازىرغىچە ئۆز شەك-لىنى ئۆزگەرتمەي كېلىۋاتقان بىردىنبىر چالغۇ. دۇتار ئۇزۇن دەستىلىك، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 125 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە ، بېشى يوغانىراق بولۇپ، ئۈجمە ياغىچىنىڭ تالالىرىدىن چاپلىنىپ ياسىلىدۇ. دەستىسىگە كېرىچتىن پەدە باغلىنىدۇ. ئىككى تال ئۈچەي ياكى يىپەكتىن ئىشلەنگەن ( بىرى زىل ، بىرى بوم) تار سېلىنىپ، قول بارماقلىرى بىلەن سوقۇپ چېلىنىدۇ. ئاۋازى مۇڭلۇق. چالغۇچى ئۆزى چېلىپ، ئۆزى ئېيتىشقا قۇ-لايلىق. شۇڭلاشقا كۆپىنچە تەمبۇر قاتارلىق چالغۇلار بىلەن بىللە ياكى يالغۇز ئورۇندىلىدۇ.

5) قالۇن: قالۇنمۇ قەدىمكى چالغۇلارنىڭ بىرى. ئۇ ئادەتتە ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. ئاۋاز ساندۇقى پەلەمپەي شەكلىدە بولۇپ، ئالدى تار، كەينى كەڭرەك، سول تەرىپى ئەگمە ، ئوڭ تەرىپى تۈز بولىدۇ. ئۇ ئاساسەن تۈز ياتقۇزۇلۇپ، ئوڭ قولنىڭ باش ، كۆرسەتكۈچ ۋە ئوتتۇرانچى بارماقلىرى بىلەن سىمنى ئىلىش، سول قولدا پەدە باسقۇچ ئارقىلىق سىمنى بېسىش ۋە سىيرىش ئۇسۇلى بىلەن چېلىنىدۇ. ئاۋازى يېقىملىق ۋە تېيىلما ئاھاڭلارغا باي بولۇپ، پەۋقۇلئاددە تەۋرىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ ئون ئالتە ياكى ئون سەككىز جۈپ سىمى بولىدۇ. ھەر بىر جۈپ سىمى بىر

ئاھاڭغا تەڭشىلىدۇ.

6) چاڭ: چاڭ—قالۇن ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان قەدىمىي چالغۇ. ئۇنىڭ ئاۋاز ساندۇقى قالۇنغا ئوخشاش كەڭ، ياپىلاق بولۇپ، ئالدى تار، كەينى كەڭرەك ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ قوش فازىلىق (چوڭراق)، يالغۇز فازىلىق (كىچىكرەك) ئىككى خىل نۇسخىسى بار. ئادەتتە ئۈچ ياكى تۆت تال پولات سىم بىر گۇرۇپپا بولۇپ، بىر ئاھاڭغا تەڭشىلىدۇ. بۇرۇن 8—10 گۇرۇپپا ئاۋازلىق شەكىللىرى بولغان. كېيىنچە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ 13—18 گۇرۇپپا ئاۋازلىق شەكىللىرى مەيدانغا كەلدى. چاڭ ئۇيغۇر ئوركېستىرىدىكى ئاساسلىق چالغۇ.

چاڭ ئىككى يېرىم گۇرۇپپا ئاۋاز دائىرىسىگە ئىگە. ئۇنىڭ سازلىنىشى يەتتە ئاۋازلىق باسقۇچلار تەرتىپى بويىچە ئۈچ قۇر تىزىلغان. چاڭ بامبۇكتىن ياسالغان بىر جۈپ چوكا بىلەن سىملارغا ئۇرۇپ چېلىنىدۇ. چوكىنىڭ ئۇچىغا رېزىنكە ياكى كىگىز قويۇلغان بولىدۇ. ئاۋازى جاراڭلىق كېلىدۇ.

4. سوقما چالغۇلار

سوقما چالغۇلار دېگىنىمىز، قول ياكى چوكا تاياقلار بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدىغان تارسىز چالغۇدۇر. بۇنداق چالغۇلار مۇزىكىنىڭ رىتىمىنى بەلگىلەيدۇ، ئاھاڭغا تەسىرلىك ۋە جانلىق كەيپىيات قوشىدۇ.

1) تەبلىۋاز: بۇ دۇمباق تىپىدىكى ئەڭ قەدىمىي چالغۇ. دۇمباق بولسا خىلمۇخىل چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ ئاساسىدۇر. بەزىبىر مەلۇماتلارغا سېلىشتۇرغاندا، دۇمباقنىڭ ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. كىشىلەر ئەڭ دەسلەپ سىلىندىرسىمان ئويما ياغاچلارغا تېرە كېرىپ، قول بىلەن ئۇرۇش ئارقىلىق گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلارنى چىقىرىشنى بىلگەن. كېيىنچە دۇمباقنىڭ چوڭ ـ كىچىك، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق خىلمۇخىل شارائىتلارغا ماسلاشقان نەغمە تەبلىۋازى، جەڭ تەبلىۋازى قاتارلىقلارنى كەشىپ قىلغان. گەرچە تەبلىۋاز ياسىلىش جەھەتتە دۇمباقنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سىلىندىرىنى ئۇزۇن، ئۈستىنى كەڭ،

ئاستىنى تار ياساشتەك ئۇسۇللار بىلەن ئاۋازنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە ياڭراقـ
لىقى ئاشۇرۇلغان.

2) ناغرا: بۇمۇ دۇمباق تىپىدىكى قەدىمىي سوقما چالغۇلارنىڭ بىرى.
ناغرا قەدىمكى زامانلاردا ھەشەمەتلىك مۇراسىملار ۋە جەڭلەردە داغدۇغا پەيدا
قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. ھازىر ھېيت ـ بايرام ۋە توي ـ تۆكۈنلەردە
ئىشلىتىلمەكتە. ناغرا دۇمباق، تەبلىۋاز قاتارلىقلاردىن كېيىنرەك قېپىـ
نى مىس ۋە چويۇندىن ياساش ئارقىلىق تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرۇلغان.
ئۇ ئۇستى كەڭ، ئاستى تار قىلىپ مېتالدىن ياسالغان سىلىندىر قاپنىڭ
يۈزىگە ئېشەك ياكى موزاي تېرىسى كېرىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ ھەمدە
چوڭ ، ئوتتۇرا ، كىچىك ناغرا دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ. چوڭ ـ كىچىك
ناغرىلارنىڭ ئېگىزلىكى 19—35 سانتىمېتىر، يۈزىنىڭ دىئامېتىرى
25 — 38 سانتىمېتىر بولىدۇ.

3) داپ: داپ — دۇمباق تىپىدىكى تەرەققىي قىلغان سوقما چالغۇـ
لارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاۋازى جۇشقۇن، ئۆزى يەڭگىل، ئىشلىتىشكە ئەپـ
چىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇ قول بارماقلىرى بىلەن ئۇرۇپ
چېلىنىدىغان، ئۇيغۇر مۇزىكىسىدا كەم بولسا بولمايدىغان چالغۇ ھېسابـ
لىنىدۇ. بەزى كلاسسىك ئۇسسۇل ۋە مەشرەپلەر يالغۇز داپ بىلەنلا ئوـ
رۇندىلىدۇ.

داپنىڭ گەردىشى ئاساسەن ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. يۈزلىكىگە
ئات، ئۆچكە تېرىلىرى كېرىلىدۇ. گەردىشى ئىچىگە نۇرغۇنلىغان ئۇششاق
تۆمۈر ھالقىلار ئېسىلىدۇ. ئۇلار داپ چېلىنغاندا دىلدىرلىغان قوشۇمچە
ئاۋازلارنى چىقىرىپ بېرىدۇ. داپنىڭ تۈرلىرى چوڭ ـ كىچىك ھەر خىل
بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىمۇ ئوخشاشمايدۇ، بەزى ناخشا ـ
ئۇسسۇللاردا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك داپنىڭ گەردىشىگە تۆمۈر ھالقا
ئەمەس، كىچىك قوڭغۇراقلار بېكىتىلىدۇ. مۇزىكا ئورۇنداشتا ئىشلىتىـ
لىدىغان چوڭ داپنىڭ دىئامېتىرى 40 سانتىمېتىر، گەردىشىنىڭ
كەڭلىكى بەش يېرىم سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ.

4) ساپايى: دەسلەپتە ياۋا ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىدىن

ياسالغانىكەن. ئادەتتە ئۇ ئىككى تال دۈگىلەك قىسقا ياغاچ كالتەكنى بىر ـ بىرىگە جۈپلەپ، ئۈستىگىرەك ئورۇنغا ئىككى تال چوڭ تۆمۈر ھالقا بېكىتىلىپ ياسىلىدۇ. ھەربىر تۆمۈر ھالقىغا ئۇششاق تۆمۈر ھالقىلار ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇششاق تۆمۈر ھالقىلارنىڭ ياغاچ ساپقا تېگىشىدىغان ئورنىغا ئاۋازنى جاراڭلىق چىقىرىش ئۈچۈن قەلەي بېكىتىلىدۇ. ساپايى دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 46 سانتىمېتىر، چوڭ تۆمۈر ھالقىنىڭ دىئامېتىرى توققۇز سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ.

5) قوشۇق: قوشۇقمۇ ئۇيغۇر مەشرىپى ۋە مۇزىكىلىرىدا كەڭ قوللىنىلىدىغان سوقما چالغۇلارنىڭ بىرى. ئۇ بۇرۇنقى دەۋرلەردە قوشۇققا ئانچە ئوخشىمىغان شەكىلدە ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان بىر خىل چالغۇ ئىكەن . كېيىنچە كىشىلەر ئارىسىدا بۇنداق سايمان بولمىغاچقا، ئادەتتە تاماق يېيىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قوشۇق ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ چالغۇ « قوشۇق » دەپ ئاتالغان. ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان قوشۇقلارمۇ شەكىل جەھەتتىن تاماق قوشۇقلىرىغا ئوخشىتىلىپ ياغاچتىن ئويۇپ ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەجىمى سەل يوغان بولۇپ، ئۈستىگە خىلمۇ خىل نەقىشلەر چۈشۈرۈلىدۇ. قوشۇق چېلىشتا، ئوڭ قولدا بىر جۈپ قوشۇقنىڭ سېپىنى چىڭ تۇتۇپ، قوشۇقلارنىڭ دۈمبىسىنى بىر ـ بىرىگە توغرىلايدۇ ۋە سول ئالقىنى بىلەن بەدىنىمىزنىڭ ھەر قايسى ئورۇنلىرى (مۈرە، تىز ۋە باشقا جايلار) غا، يەر ۋە باشقا جىسىملارغا سوقۇشتۇرۇپ، مۇزىكا رىتىمىغا ماس كېلىدىغان ئاۋازلارنى پەيدا قىلىدۇ.

6) تاش: تاش —چاقچۇق دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئىككى جۈپ ياپىلاق ئېلىپىسسىمان تاشتىن ئىبارەت. بۇ خىل تاش ھەربىر قولدا بىر جۈپتىن تۇتۇلىدۇ ۋە بارماقلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ـ بىرىگە سوقۇپ چېلىنىدۇ. ئۇيغۇر مۇزىكىسىدا تاش ئىشلىتىشمۇ خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە.

ئېلليپىسسىمان تاشنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن بىر يېرىم سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئون سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئالتە سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ.

**Ⅲ قەشقەر ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە ئۇنى ياساش قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا**

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە ئۇنى ياساش قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ خىلى كۆپ. ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ئۆزىنىڭ كۆپ خىللىقى، ئاۋازىنىڭ يېقىملىقلىقى ۋە جاراڭلىقلىقى، ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە خاسلىقى، ياسىلىشىنىڭ ئۆلچەملىك، كۆركەم، سىپتىلىقى بىلەن دۇنياغا داڭلىق. ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ قىيىن دەپ قارالغان ھەر قانداق بىر كۈيىنى بىمالال چالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىلغار قول ھۈنەر ـ سەنئەت ئۇسلۇبى قوللىنىلىپ، كۆركەم ئۇيغۇر نەقىش نۇسخىلىرى ئىشلىتىلىپ، ئىلمىي ۋە ئۆلچەملىك قىلىپ ياسالغان بولغاچقا، دۇنياغا داڭلىق ۋە دۇنيادا ئورتاق قوللىنىلىۋاتقان مۇزىكا ئاھاڭ ئۆلچەملىرىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا قەشقەرنىڭ قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش كەسىپىدىمۇ ناھايىتى زور تەرەققىياتلار بولدى. ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ئۆتمۈشتىكىگە قارىغاندا ناھايىتى كۆركەم، چىرايلىق، نەپىس ياسىلىپ، ھەربىر خىل مۇزىكا بىر خىل ئېسىل سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. قەشقەرنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش كەسپى كەڭ تۇردە بازارغا يۈزلىنىپ، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ساياھەتچىلىك كەسپى ئۈچۈن پائال خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىنى مەھكەم ئىگىلەپ، «ئېلان» تىپىدىكى ۋە خاتىرە بۇيۇم تىپىدىكى چوڭ ـ كىچىك چالغۇلارنى ياساپ سېتىپ، ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتتى.

نەتىجىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ، گەۋدىلىك ئىككى مەسىلە

ساقلانماقتا: بۇنىڭ بىرى، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياسايدىغان داڭلىق ۋارىسلار يېتىشىپ ماڭالماسلىق، يەنە بىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ خاس چالغۇلىرىنى چالىدىغان ۋارىسلار يېتىشىپ ماڭالماسلىقتىن ئىبارەت.

بىرىنچى، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش كەسپىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى كۆپ بولسىمۇ، داڭلىق ئۇستازلارنىڭ قېرىپ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر چالغۇلىرىنى ياسايدىغان ۋارىسلار تولۇق يېتىشىپ ماڭالمىدى.

ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، قەشقەردە ئالتە ئەۋلاد 280 يىلدىن ئارتۇق ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش قول ھۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان مەرھۇم ئەيساخان ئۇستامنىڭ بالىلىرى ، نەۋرىلىرى، شاگىرتلىرى بىلەن ئالتە ئەۋلاد 250 يىلدىن ئارتۇق ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش قول ھۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان مەرھۇم سەلىياخۇن ئۇستامنىڭ بالىلىرى، نەۋرىلىرى، شاگىرتلىرىدىن باشقا، چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياسايدىغان ھۈنەرۋەنلەر ئاساسىي جەھەتتىن قالمىغان.

ئىگىلىگەن تەپسىلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەرھۇم ئەيساخان ئۇستام بىلەن مەرھۇم سەلىياخۇن ئۇستامدىن چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش ھۈنىرىنى تاكامۇل ئۆگەنگەن ئۇستىلاردىن پەقەت 15 ئادەم، ھۈنەر قىلىۋاتقان شاگىرتلاردىن 38 ئادەم، جەمئىي 53 ئادەم قالغان. يۇقىرىقى ئۇستىلاردىن بەزىلىرى بىر خىللا چالغۇنى ياسايدىكەن. ھەممە خىل چالغۇنى ياسايدىغانلار ساناقلىقلا ئىكەن. يۇقىرىقى ئۇستىلار ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش كەسپىنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ.

ئىككىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ خاس چالغۇلىرىنى چالىدىغان ۋارىسلار يېتىشىپ ماڭالماسلىق مەسىلىسى ئېغىر دەرىجىدە ساقلانماقتا. مەسىلەن، ساتار چالىدىغان، راۋاب چالىدىغان، قالۇن چالىدىغان، بالىمان چالىدىغان ۋارىسلار ئاساسىي جەھەتتىن يوق. يۇقىرىقى تۆت خىل مۇزىكىنى چېلىشنى بىلىدىغانلارنى پەقەت ھەر دەرىجىلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆ-

مەكلىرىدىنلا ئاندا ـ ساندا تاپقىلى بولىدۇ، شەھەر، يېزىلاردىكى ئاۋام خەلق ئارىسىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. ساتار، راۋاب، قالۇن، بالىمان قاتارلىق چال-غۇلار بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئېسىل چالغۇلىرىمىز بولسىمۇ، يۇقىرى ئىق-تىسادىي بېسىم تۈپەيلى، ئېلېكترونلۇق چالغۇلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇن ـ سىن بازارلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلىشى تۈپەيلى، ئۇنى ئۆگىنىدىغانلار ئاساسەن قالمىدى.

تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، قەشقەر شەھىرىگە قا-راشلىق تۆت يېزا، كوچا باشقارما تەۋەسىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلار ۋە شەھەر ئىچىدىكى تىجارەتچى، هۈنەرۋەن ـ كاسىپلار ئىچىدە قالۇن ۋە ساتار چالىدىغانلار ئاساسىي جەھەتتىن قالمىغان. بالىمان چالىدىغانلارمۇ ئاساسىي جەھەتتىن قالمىغان. راۋاب چالىدىغانلار ئاران توققۇز نەپەر ئىكەن. شۇڭا كۆچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئۇيغۇر چالغۇلىرىنى ياساش كەسپىدىكى داڭلىق ئۇستىلار ۋە ۋارىسلار كەم بولۇش، ئۇزۇلۇپ قېلىش مەسىلىسىنى ۋە ئاۋام خەلق ئارىسىدىكى ئۇيغۇرغا خاس چالغۇلارنى چا-لىدىغان ۋارىسلار كەم بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم.

**IV ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە ئۇنى ياساش قول ھۈنەر ـ سەنئە-تىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر**

غەيرىي ماددىي مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشى خىزمەت گۇرۇپپىسى بۇ قېتىم قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۇيغۇر چالغۇ ئەس-ۋابلىرى ۋە ئۇنى ياساش كەسپىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ دۇنياغا داڭلىق ئى-كەنلىكى، بولۇپمۇ قەشقەر ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىغا داڭلىق ئىكەنلىكىنى، بۇ چالغۇلار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلىپ، قەشقەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ قالغانلىقىنى، بۇ مىراسنى قوغداپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇڭا تۆۋەندىكى تەسەۋۋۇر ـ پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنى ۋە ساتار، قالۇن، راۋاب، بالىمان قاتارلىق تۆت خاس چالغۇنى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تۈرىگە كىرگۈزۈپ، شەھەر، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغداش تۈرى قىلىپ تۈرغۇزۇپ، قاتلاممۇ قاتلام يوللاپ تەستىقلىتىش كېرەك، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەلىپىگە ئاساسەن، قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

2. كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش كەسپىدىكى داڭلىق ئۇستىلار يېتىشمەسلىك، ۋارىسلار يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، قەشقەر شەھەرلىك نەپىس سەنئەت شىركىتىنىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، مۇھىم بىر تۈر سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، ۋارىسلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

3. ۋىلايەتلىك سەنئەت مەكتىپى، ۋىلايەتلىك سەنئەت سارىيى، شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتلىرىنىڭ رولىنى ھەقىقىي تۈردە جارى قىلدۇرۇپ، قالۇن، ساتار، راۋاب، بالىمان ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئاۋام خەلق ئارىسىدىكى نەپىس چالغۇلارنى چالىدىغان خادىملارنى تەربىيىلەپ كۆپەيتىش لازىم. ئالدى بىلەن خەلق ئىچىدىكى چالغۇچىلارنى تەربىيىلەپ كۆپەيتىش ئارقىلىق «12 مۇقام» ۋارىسلىرىنى تەربىيىلەش مەقسىتىگە يېتىش لازىم .

4. ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر مۇزىكا دەرسى ئۆتكەندە مىللىي چالغۇلارنى ئىشلىتىشى لازىم. مەكتەپلەر مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئۆگىنىش كۇرۇژۇكلىرىنى تەشكىللەش ئارقىلىق، ئۆسمۈرلەرنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي چالغۇلىرىنى چالالايدىغان ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش لازىم .

# قوشۇمچە Ⅲ : قەشقەر شەھىرى چاسا كوچا باشقارما گۈزەر ئىجتىمائىي رايون كوزىچى مەھەللىسىدىكى قەدىمىي كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە ۋە داڭلىق ئۇستىلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى

## I ئاساسىي ئەھۋال

قەشقەر شەھەرلىك غەيرىي ماددىي مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشى خىزمەت گۇرۇپپىسى شەھەرگە قاراشلىق چاسا كوچا باشقارما گۈزەر ئىجتىمائىي رايونى مەسئۇللىرىنىڭ يېقىندىن قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا 2004 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە ئۈچ كۈن چاسا كوچا باشقارما گۈزەر ئىجتىمائىي رايونى تەۋەسىدىكى كوزىچى مەھەللىسىگە بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ئەنئەنىۋى كۇلالچىلىقى ۋە بۇ كەسىپ بىلەن نەچچە ئەۋلاد شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان كەسپىي ئائىلە، داڭلىق ئۇستىلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشتى ھەمدە قەدىمىي ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر كۇلالچىلىقىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئۈستىدە ئەھۋال ئىگىلىدى.

ئۇيغۇر كۇلالچىلىقى ئۇيغۇر قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى، قەشقەر ئۇيغۇر كۇلالچىلىقى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس بولۇپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر قول ھۈنەر ـ سەنئىتى بولۇپ، 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. ئىنسانلار يېمەك ـ ئىچمەكنى خام يېيىشتىن پىشۇرۇپ يېيىشكە قەدەم قويغاندىن باشلاپ، ياغاچ ۋە ساپالدىن ياسالغان ئائىلە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشكە قەدەم قويغان. ئۇيغۇرلارنىڭ كۇلالچىلىقمۇ شۇنىڭدىن باشلاپ تەدرىجىي شەكىللىنىشكە باشلىغان. قېزىۋېلىنغان قەدىمىي ساپال بۇيۇملارنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، ئۇلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇش ئادىتى، پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا يېڭىلىنىش بولغان. قىسقىسى، قەشقەرنىڭ

قەدىمىي ئۇيغۇر كۇلالچىلىقى ھەققىدە ئېيتقاندا، توغرا، تەپسىلىي تارىخىي يازما ماتېرىيال بولمىسىمۇ، لېكىن قەشقەرنىڭ كۇلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتسە، بالىسى ئەجداد كەسپىنى، ئاتا كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇشنى راۋا ۋە ساۋاب بىلىپ داۋاملاشتۇرۇپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلدى ھەم ھۈنەر ـ سەنئىتى تېخىمۇ يېڭىلاندى، سىلىقلاندى، كۆركەملەشتى.

بۇ ھۈنەر ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغان ئائىلە ۋە مىراسخورلار ئەجداد كەسپىنى، ئاتا كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇش بەدىلىگە زىيان تارتىپ، نامراتلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ كەسىپتىن ۋاز كەچمىگەن. ئەجداد كەسپىنى، ئاتا كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئەجدادىنى ۋە ئاتىسىنى قەدىرلىگەنلىك، سۆيگەنلىك دەپ بىلىپ داۋاملاشتۇرغان.

چاسا كوچا باشقارما گۈزەر ئىجتىمائىي رايونىغا قاراشلىق كوزىچى يار بېشى مەھەللىسى تارىخى ئۇزۇن قەدىمىي مەھەللە. تارىخنامىلەردىمۇ ئېنىق خاتىرىلەنگەن. بۇ مەھەللىنىڭ «كوزىچى يار بېشى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشى ئۇنىڭ كۇلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جاي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كوزىچى يار بېشىنىڭ تۇپرىقى سېغىز تۇپراق بولۇپ، كۇلالچىلىقتا مۇھىم خام ئەشيا بولغاچقا ، ئەينى ۋاقىتتا كوزىچى يار بېشىغا نۇرغۇن داڭلىق كۇلالچىلىق ئائىلىلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردىكى كۇلالچىلارمۇ كۆچۈپ كېلىپ، كوزىچى يار بېشىغا ئولتۇراقلىشىپ، نەچچە ئەۋلاد ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانغان. بۇنىڭدىن 200 ـ 300 يىل ئىلگىرى قەشقەرنىڭ كوزىچى يار بېشى مەھەللىسىگە توپلىشىپ كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەر 100 دىن 120 گىچە بولغان. ئازادلىقتىن بۇرۇن 40 ـ 50 ئائىلىگە چۈشۈپ قالغان. ھازىر بولسا كوزىچى يار بېشى مەھەللىسىدە ئەۋلاد ۋارىس، ئاتا ۋارىس كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىدىن 11 سى، ھۈنەر ـ كەسىپ قىلىۋاتقان ئەۋلادلار 17 نەپەرگە چۈشۈپ قالغان.

ئۇيغۇر كۇلالچىلىقىنىڭ تەرەققىي قىلالماي يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئىقتىسادنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى، سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇيغۇر كۇلالچىلىقى قەدىمىي ھۈنەر ـ سەنئەت ئۇسكۇنىلىرى، قەدىمىي ھۈنەر ـ سەنئەت ئۇسۇلىنى ساقلاپ قالغاچقا، ئانچە تەرەققىي قىلالمىغان. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى 55 يىللىق تەرەققىياتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، نەچچە ئەسىر ئۇيغۇر كۇلالچىلىرى ياسىغان نەرسىلەرنى سۆيۈپ قەدىرلەپ ئىشلىتىپ كەلدى. بۇرۇن ئۇيغۇر تاماق داستىخانلىرىدا پۇتۇنلەي دېگۈدەك كۇلالچىلار ياسىغان ساپال تاۋاق، ساپال پىيالە، ساپال چەينەك، ساپال لىگەن، ساپال تەخسە، ساپال ئاپتۇ ـ چىلاپچا، ساپال ئىۋرىق قاتارلىق نەرسىلەر ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇر كۇلالچىلىقىنىڭ سودىسىمۇ ناھايىتى ياخشى بولغان. قەشقەر ئۇيغۇر كۇلالچىلىرى ئۆزىنىڭ كارامەت ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، تەبىئىي سېغىز توپىغا ھېچقانداق نەرسە قوشماي، سۇ بىلەن مەلھەم لاي ئېتىپ، چوڭ ـ كىچىك كۈپ، كوزا، ئاپتۇۋا، چىلاپچا، تەشتەك، ئىۋرىق، خۇمرا، ياغلىققاچا، ئاپقۇرا، تەخسە، پىيالە، لىگەن، تاۋاق، لوڭقا، شامدان، چىراغ، تۇكۇرۇكدان قاتارلىق 70 خىلدىن ئارتۇق ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى قولى بىلەن ياساپ، سىدىلىق ـ سىپتا ئىشلەپ، ھەر خىل شەكىلدە رەڭ، ھەل بېرىپ، ئاجايىپ كۆركەم سەنئەت بۇيۇمى ۋە ئىشلىتىشچانلىقى ئىگە ئۆزگىچە تۇرمۇش بۇيۇمى قىلىپ ياساپ چىققان.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش جەريانىدا كوزىچى يار بېشى مەھەللىسىدە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان 11 كۇلالچىلىق كەسپىي ئائىلىسىنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، گەرچە ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى قالاق، ھۈنەر ـ سەنئەت ئۇسۇلى كونا بولسىمۇ، ئىشلەپچىقارغان ساپال بۇيۇملارنىڭ سۈپىتىنىڭ يۇقىرى

كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى، شەكلىنىڭ زامانغا لايىق ھالدا يېڭىلىنىۋاتقانلىقىنى، قەشقەرنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇشتا بۇ كۇلالچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ رولىنىڭ خېلى ياخشى بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن بۇ ئەنئەنىۋى كەسىپ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ كۈچلۈك بېسىمى تۈپەيلى تازا راۋاجلانمىغان. كۆپىنچە ۋارىسلار قېرىپ كەتكەن. ۋارىسلار مۇشۇ بىر خىل ھۈنەرگە تايىنىپ جان باقمىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتىۋېتىپتۇ. ئىشلەپچىقارغان ساپال بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىشى دېگەندەك ياخشى ئەمەس. ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى دولقۇنى يېتىپ كەلگەندە تىجارىتى خېلى ياخشى بولغان بولسىمۇ ، كۆپ ھاللاردا تىجارىتى راۋان يۈرۈشمىگەن. شۇڭا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش، دائىملاشتۇرۇش ۋە داۋاملاشتۇرۇش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قەشقەرنىڭ كۇلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئەت كەسپىنى رەھبەرلىك جەھەتتە قوللاپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە يۆلەپ، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىپ، قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئاساسىدا يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش، ۋارىسلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە تەدرىجىي كۆپەيتىش لازىم.

### II گۈزەر ئىجتىمائىي رايون كوزىچى يار بېشى مەھەللىسىدىكى كۇلالچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۈچ كۈن تەكشۈرۈش جەريانىدا كوزىچى يار بېشى مەھەللىسىدىكى 11 كۇلالچىلىق كەسپىي ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىر ـ بىرلەپ ئىگىلىدى. ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ كۇلالچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىدە كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 17 نەپەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 54 ياش، ئەڭ چوڭىنىڭ يېشى 92 ياش، ئەڭ كىچىكىنىڭ يېشى 25 ياش بولۇپ، ۋارىسلارنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىش ھالىتى كۆرۈلگەن. ئومۇمىي ئادەم سانى ئىچىدە يېشى 60 ياشتىن ئاشقانلار 6 نەپەر.

كۇلالچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ ئاساسىي تارىخىي ئەھۋالى

تۆۋەندىكىچە:

1. تۆت ئەۋلاد كۇلالچىلىق ئائىلىسى —ئىبرىز مەمەتئىبلىنىڭ ئا-
سلىسى ئەھۋالى

ئىبرىز مەمەتئىبلى ئۆزى، ئىبرىز مەمەتئىبلىنىڭ دادىسى، دادىسىنىڭ دادىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئوغلى قوشۇلۇپ تۆت ئەۋلاد كۇلالچىلىق بىلەن شۇ-غۇللانغان.

1 ـ ئەۋلاد: چوڭئاخۇن، 1835 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1920 ـ يىلى 85 يې-شىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. بىر ئۆمۈر كۇلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ داڭ چىقارغان.

2 ـ ئەۋلاد : مەمەتئىبلى چوڭئام، 1887 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1936 ـ يىلى 49 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، كەسىپ ۋارىسى ئوغلى مەمەتئىبلى كىچىك بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئاتا كەسىپ ھۈنىرىنى ئوغلىغا ئۆگىتەلمەي ئالەمدىن ئۆتكەن.

3 ـ ئەۋلاد : ئىبرىز مەمەتئىبلى، 1927 ـ يىلى تۇغۇلغان، ھازىر 77 ياشقا كىرگەن، دادىسىدىن 9 يېشىدا يېتىم قالغاچقا، كۇلالچىلىق ھۈ-نىرىنى كوزىچى يار بېشىدىكى نىزانىكام دېگەن ئۇستامدىن ئۆگەنگەن.

4 ـ ئەۋلاد : ھەسەنجان ئىبرىز ، 1956 ـ يىلى تۇغۇلغان، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى دادىسى ئىبرىز مەمەتئىبلىدىن ئۆگەنگەن، ھازىر ئەجدادلىرىنىڭ بۇ ھۈنىرىنى ئاساسلىق داۋاملاشتۇرغۇچى بولۇپ قالغان، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى بىرقەدەر پىششىق ئۆگەنگەن ۋە ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇشقا تى-رىشقان. ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ئائىلىنىڭ كۇلالچىلىق تا-رىخى 170 يىلغا يېتىدىكەن.

2. تۆت ئەۋلاد كۇلالچىلىق ئائىلىسى—تۇرسۇن رۇستەمنىڭ ئاسا-سىي ئەھۋالى

تۇرسۇن رۇستەم ئۆزى، دادىسى، چوڭ دادىسى، ۋارىس ئوغلى قوشۇ-لۇپ تۆت ئەۋلاد كۇلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

1 ـ ئەۋلاد: ئىسلام ئاخۇن، 1815 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1920 ـ يىلى 105 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، كۇلالچىلىقنى 60 يىلدىن ئارتۇق قىلغان.

2 ـ ئەۋلاد : ئابدۇرۇسۇل ئىسلام، 1867 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1957 ـ يىلى 90 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى دادىسى ئىسلام ئاخۇندىن ئۆگەنگەن. كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى 60 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

3 ـ ئەۋلاد : تۇرسۇن رۇستەم ( رۇستەمنىڭ تاغىسى)، 1950 ـ يىلى تۇغۇلغان، دادىسىدىن 7 يېشىدا يېتىم قالغان بولغاچقا، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى دادىسىنىڭ ئىنىسى رۇستەم ئىسلامدىن ئۆگەنگەن ھەمدە « رۇستەم » فامىلىسىنى قوللانغان. تۇرسۇن رۇستەم كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى پۇختا، سىلىق ئۆگەنگەن ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ بۇ ھۈنەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇشى ئۈستىدە كۆپ ئىزدەنگەن. بولۇپمۇ ئۆزى ياساپ چىققان ساپال بۇيۇملارغا قانداق رەڭلەرنى بېرىش، مىللىي ئالاھىدىلىكنى قانداق ساقلاپ قېلىش جەھەتلەردە كۆپ باش قاتۇرغان.

4 ـ ئەۋلاد : كىچىك ئوغلى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاچقا، تېخى ھۈنەر ئۆگەنمىگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھۈنەرنى ئۆگەتمەكچى بولغان. لېكىن بۇ كىچىك ئوغلىنىڭ كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگەنگىسى يوق ئىكەن.

3. تۆت ئەۋلاد كۇلالچىلىق ئائىلىسى — سۇلتان مامۇت ئەپەندىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

سۇلتان مامۇت ئەمەت ئۆزى، دادىسى، ئانىسىنىڭ چوڭ دادىلىرى قوشۇلۇپ تۆت ئەۋلاد كۇلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

1 ـ ئەۋلاد: ئەمەت چوڭام (سۇلتان مامۇت ئەمەتنىڭ بوۋىسى)، 1802 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1885 ـ يىلى 83 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، 50 يىلدىن ئارتۇق كۇلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

2 ـ ئەۋلاد : ئىمىن ئەمەت (چوڭ دادىسى)، 1868 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1948 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

3 ـ ئەۋلاد: ئەمەت ئىمىن (دادىسى).

4 ـ ئەۋلاد : سۇلتان مامۇت ئەمەت، 1951 ـ يىلى تۇغۇلغان، ھازىر ئاتا كەسىپ ۋارىسى بولۇپ بۇ ھۈنەرنى داۋاملاشتۇرماقتا، ھېچقانداق شاگىرت

تەربىيىلىمىگەن.

4. بەش ئەۋلاد كۇلالچىلىق ئائىلىسى—ئابلىز سوپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

ئابلىز سوپى ئۆزى، تاغىسى، تاغىسىنىڭ دادىسى، تاغىسىنىڭ دادىسىنىڭ دادىسى، تاغىسىنىڭ بوۋىسى بولۇپ بەش ئەۋلاد كۇلالچىلىق هۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

1 ـ ئەۋلاد : يۈسۈپ موللا، داڭلىق كۇلالچىلىق ئۇستىسى بولۇپ، 1790 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1868 ـ يىلى 78 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، ئەينى ۋاقىتتا كۇلالچىلىق هۈنەر ـ سەنئىتىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ قىلغاچقا، تىجارىتى روناق تاپقان.

2 ـ ئەۋلاد : تۇردى يۈسۈپ، 1855 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1930 ـ يىلى 75 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. كۇلالچىلىق هۈنىرىنى دادىسى يۈسۈپ موللىدىن ئۆگەنگەن. ئۆمرىدە 50 يىل ئەتراپىدا كۇلالچىلىق هۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

3 ـ ئەۋلاد: پالتۇ تۇردى، 1883 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1958 ـ يىلى 75 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. كۇلالچىلىق هۈنىرىنى دادىسى تۇردى يۈسۈپتىن ئۆگەنگەن.

4 ـ ئەۋلاد: مەمەت پالتۇ، 1920 ـ يىلى تۇغۇلغان، هازىر 84 ياشقا كىرگەن. قېرىپ كەتكەچكە كۇلالچىلىق هۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنالمىغان، هۈنەرنى دادىسى پالتۇ تۇردىدىن ئۆگەنگەن.

5 ـ ئەۋلاد : ئابلىز سوپى، 1953 ـ يىلى تۇغۇلغان، هازىر 70 ياشتا، كۇلالچىلىق هۈنىرىنى ئانىسىنىڭ ئىنىسى مەمەت پالتۇدىن ئۆگەنگەن. هازىر ئاساسلىق ۋارىس بولۇپ كۇلالچىلىق هۈنىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇرۇمچى ساياھەت ئىدارىسى ئابلىز سوپىنى كۇلالچىلىق هۈنەر ـ سەنئىتى بويىچە 2002 ـ يىلدىن 2004 ـ يىلغىچە يۇقىرى ئىش ھەققى بىلەن تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەن.

5. بەش ئەۋلاد كۇلالچىلىق ئائىلىسى—تۇردى هامۇتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

تۇردى ھامۇت ئابلىز سوپى بىلەن نەۋرە ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ، تۇردى ھامۇت ئابلىز سوپىغا ئوخشاش بەش ئەۋلاد كۇلالچىلىق ئائىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئالدىنقى تۆت ئەۋلاد تارىخى ئابلىز سوپىنىڭكى بىلەن ئوخشاش .

تۇردى ھامۇت، 1948 ـ يىلى تۇغۇلغان، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى مەمەت پالتۇدىن ئۆگەنگەن. ھۈنەرنى مۇكەممەل ئۆگەنگەچكە ئەھۋالىمۇ خېلى ياخشى ئىكەن.

6. تۆت ئەۋلاد كۇلالچىلىق ئائىلىسى—مەمەتئىمىن ئوبۇلنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

مەمەتئىمىن ئوبۇل ئۆزى، دادىسى، دادىسىنىڭ دادىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئوغلى قوشۇلۇپ تۆت ئەۋلاد كۇلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

1 ـ ئەۋلاد: چوڭئاخۇن، 1835 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1920 ـ يىلى 85 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

2 ـ ئەۋلاد: مەمەتئېلى چوڭئام، 1887 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1936 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

3 ـ ئەۋلاد : ئېزىز مەمەتئېلى، 1927 ـ يىلى تۇغۇلغان. ھازىر 77 ياشقا كىرگەن.

4 ـ ئەۋلاد: مەمەتئىمىن ئوبۇل، 1950 ـ يىلى تۇغۇلغان، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى ئاساسلىق داۋاملاشتۇرۇپ كەلگۈچى ۋارىس بولۇپ قالغان.

7. تۆت ئەۋلاد كۇلالچىلىق ئائىلىسى—مۇھەممەت تۇردىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

مۇھەممەد تۇردى 15 يېشىدىن تارتىپ دادىسى تۇردى موللامدىن كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ، 60 يىلدىن ئارتۇق ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانغان.

1 ـ ئەۋلاد: موللا قاسىم باي، 1806 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1886 ـ يىلى 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۆمۈر بويى كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

2 ـ ئەۋلاد : تۇردى موللا، 1874 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1944 ـ يىلى 70

يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. هۈنەرنى دادىسى موللا قاسىمدىن ئۆگەنگەن، ئۆمۈر بويى كۇلالچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان.

3 ـ ئەۋلاد: مۇھەممەد تۇردى، 1912 ـ يىلى تۇغۇلغان، هازىر 92 ياشقا كىرگەن، بىر ئۆمۈر كۇلالچىلىق هۈنىرىنى قىلىپ قېرىپ كەتكەچكە دەم ئالغان.

4 ـ ئەۋلاد: مەمەتتۇرسۇن مۇھەممەد 1961 ـ يىلى تۇغۇلغان، 43 ياش، دادىسى مۇھەممەد تۇردىدىن 15 يىل كۇلالچىلىق هۈنىرىنى ئۆگەنگەن. هازىر ئاتا كەسپىگە ئاساسلىق ۋارىسلىق قىلغۇچى بولۇپ قالغان، شاگىرت يېتىشتۇرمىگەن.

8. بەش ئەۋلاد كۇلالچىلىق ئائىلىسى — مەخەت قادىرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

ئۆزى، دادىسى، دادىسىنىڭ دادىسى، بوۋىسى، ئۆزىنىڭ ئوغلى بولۇپ بەش ئەۋلاد كۇلالچىلىق هۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

1 ـ ئەۋلاد: توقسۇن هاشىم، ئەسلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدىن بولۇپ، 1810 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1885 ـ يىلى 75 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۆمۈر بويى كۇلالچىلىق هۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆز زامانىسىدا داڭ چىقارغان.

2 ـ ئەۋلاد: ناسىر توقسۇن، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ يېڭى باغ دېگەن يېرىدىن بولۇپ، 1855 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1925 ـ يىلى 75 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، كۇلالچىلىق هۈنىرىنى دادىسى توقسۇن هاشىمدىن ئۆگىنىپ ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆمۈر بويى كۇلالچىلىق هۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

3 ـ ئەۋلاد : قادىر ناسىر، 1895 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1987 ـ يىلى 92 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، كۇلالچىلىق هۈنىرىنى دادىسى ناسىر توقسۇندىن ئۆگىنىپ، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ،كۇلالچىلىق هۈنىرىنى ئۆمۈر بويى داۋاملاشتۇرغان. 1947 ـ يىلى يېڭىسارنىڭ يېڭى باغ دېگەن يېرىدىن قەشقەرنىڭ كوزىچى يار بېشىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، كۇلالچىلىق هۈنەر كەسپىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە

داۋاملاشتۇرغان.

4 ـ ئەۋلاد : مەخەت قادىر، 1937 ـ يىلى تۇغۇلغان، ھازىر 68 ياشقا كىرگەن، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى دادىسى قادىر ناسىردىن ئۆگەنگەن، كۇلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنى پىششىق ئىگىلىگەن، ئاتا كەسپىگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ كەلمەكتە.

5 ـ ئەۋلاد: ئۆمەرجان مەخەت، مەخەت قادىرنىڭ ئوغلى، 1979 ـ يىلى تۇغۇلغان. ھازىر 25 ياشقا كىرگەن. ھازىر دادىسىدىن كۇلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنى ئۆگىنىۋاتىدۇ.

9. بەش ئەۋلاد كۇلالچىلىق ئائىلىسى —زۇنۇن ھاشىمنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

زۇنۇن ھاشىم بەش ئەۋلاد كۇلالچىلىقنىڭ ۋارىسى بولۇپ، ھۈنەرنى دادىسى ھاشىم تېيىپتىن ئۆگەنگەن.

1 ـ ئەۋلاد : زۇنۇن ئاخۇن، 1820 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1890 ـ يىلى 70 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، داڭلىق كۇلالچىلىق ئۇستىسى بولۇپ، ئەينى زاماندا ئۇ ياسىغان نەرسىلەرنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىكەن .

2 ـ ئەۋلاد : تېيىپ زۇنۇن، 1846 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1926 ـ يىلى 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى دادىسى زۇنۇن ئاخۇندىن ئۆگىنىپ، ئۆمۈر بويى ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

3 ـ ئەۋلاد : ھاشىم تېيىپ، 1896 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1971 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى 75 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى دادىسى تېيىپ زۇنۇندىن ئۆگەنگەن. ئۆمۈر بويى كۇلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ داڭلىق ئۇستا بولۇپ تونۇلغان.

4 ـ ئەۋلاد: زۇنۇن ھاشىم، 1935 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان، ھازىر 69 ياشتا، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى دادىسى ھاشىم تېيىپتىن ئۆگەنگەن، دادىسىنىڭ ئاتا كەسپىگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ كەلمەكتە. ئۇ ھۈنەرنى سىلىق ۋە پۇختا قىلغاچقا، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى، بازىرى ئىتتىك ئىكەن.

5 ـ ئەۋلاد: تۇرسۇنجان زۇنۇن، 1958 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان،

كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى دادىسى زۇنۇن ھاشىمدىن پىششىق ئۆگەنگەن، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاتىسى بىلەن بىرگە كۇلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

10. ئۈچ ئەۋلاد كۇلالچىلىق ئائىلىسى—ئۆمەر ئېلىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

ئۆمەر ئېلى ئۆزى، دادىسى، چوڭ دادىسى بولۇپ، ئۈچ ئەۋلاد كۇلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

1 ـ ئەۋلاد: رېھىم ئاخۇن، 1878 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1948 ـ يىلى 70 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

2 ـ ئەۋلاد : ئېلى رېھىم ، 1935 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1995 ـ يىلى 2 ـ ئايدا 60 يېشىدا ۋاپات بولغان، دادىسىدىن كىچىك قالغاچقا، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى بىر تۇغقانلىرىدىن ئۆگەنگەن.

3 ـ ئەۋلاد : ئۆمەر ئېلى، ئىككىنچى ئوغلى، 1972 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تۇغۇلغان، ھازىر 32 ياشتا، بىرىنچى ئوغلى ئەنۋەر ئېلى 1970 ـ يىلى تۇغۇلغان، ھازىر 34 ياشتا، ئەنۋەر ئېلى بىلەن ئۆمەر ئېلى ئاكا ـ ئۇكا ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ كۇلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

11. تۆت ئەۋلاد كۇلالچىلىق ئائىلىسى—مۇھەممەت تۇرغۇن ئەبەسنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1 ـ ئەۋلاد: تۇردى ئاخۇن ئاكا (چوڭ دادىسى)

2 ـ ئەۋلاد: مۇھەممەد تۇردى، 1912 ـ يىلى تۇغۇلغان، ھازىر 92 ياشقا كىرگەن. بىر ئۆمۈر كۇلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان. قېرىپ كەتكەچكە ھۈنەرنى داۋاملاشتۇرالمىغان.

3 ـ ئەۋلاد: ئەبەس پالتۇ، 1931 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 2003 ـ يىلى 11 ـ ئايدا 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۆمۈر بويى كۇلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

4 ـ ئەۋلاد: مۇھەممەتتۇرغۇن ئەبەس، 1965 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تۇغۇلغان. كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى دادىسى ئەبەس پالتۇدىن ئۆگەنگەن.

تۆت ئەۋلاد كۈلالچىلىقنىڭ ۋارىسى بولۇپ ئاتا كەسپىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

تەكشۈرگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، كوزىچى يار بېشىدا كۈلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 17 نەپەر بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئېزىز مەمەتئېلى، 77 ياش (2) ھەسەنجان ئېزىز، 48 ياش
(3) تۇرسۇن رۇستەم، 54 ياش (4) سۇلتان مامۇت ئەمەت، 53 ياش
(5) مەمەت پالتۇ، 84 ياش (6) ئابلىز سوپى، 69 ياش
(7) تۇردى ھامۇت، 56 ياش (8) مەمەتئىمىن ئوبۇل، 54 ياش
(9) مۇھەممەد تۇردى، 92 ياش (10) مەمەتتۇرسۇن مۇھەممەد، 43 ياش
(11) مەخەت قادىر، 68 ياش (12) ئۆمەرجان مەخەت، 25 ياش
(13) زۇنۇن ھاشىم، 69 ياش (14) تۇرسۇنجان زۇنۇن، 46 ياش
(15) ئۆمەر ئېلى، 32 ياش (16) ئەنۋەر ئېلى، 34 ياش
(17) مۇھەممەتتۇرغۇن ئەبەس، 39 ياش

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭىنىڭ يېشى 92 ياش، ئەڭ كىچىكىنىڭ يېشى 25 ياش.

### Ⅲ قەشقەرنىڭ قەدىمىي كۈلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر

قەشقەرنىڭ مىللىي قول ھۈنەر ـ سەنئىتى دۇنياغا داڭلىق، قەشقەرنىڭ كۈلالچىلىق سەنئىتى قەشقەر قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ھەم زورىيىۋاتقان ساياھەت كەسپىنىڭ ئېھتىياجىدىن قارىغاندا، قەشقەرنىڭ كۈلالچىلىق قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنى قۇتقۇزۇش، راۋاجلاندۇرۇش مەيلى ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بولمىسۇن، ناھايىتى مۇھىم. قەشقەر كۈلالچىلىق سەنئىتىنىڭ ۋارىسلىرى يىلدىن ـ يىلغا ئازىيىپ كېتىپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، قەشقەرنىڭ كۈلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنى كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ قۇتقۇزۇش، راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش زۆرۈر

دەپ قارايمىز:

1. قەشقەرنىڭ كۇلالچىلىق ھۇنەر ـ سەنئىتىنى شەھەر، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تۈرى قىلىپ تۈرغۇزۇپ، قاتلامۇقاتلام يوللاپ، تەستىقلىتىپ، قوغداش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ قوغداش كېرەك.

2. دۆلەت مۇۋاپىق دەرىجىدە يەر ۋە مەبلەغ ئاجرىتىپ، قەشقەردە قەدىمىي كۇلالچىلىق ھۇنەر ـ سەنئەت ياساش مەركىزى قۇرۇش، مەركەز قارمىقىدا ئىشلەپچىقىرىش سېخى، كۆرگەزمىخانا، خۇمدان قاتارلىقلارنى سېلىپ، ئەنئەنىۋى ھۇنەر ـ سەنئەت ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىپ، يېڭى ھۇنەر ـ سەنئەتنى قوللىنىپ، تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ كۆركەم، تېخىمۇ نەپىس ساپال بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان قەشقەرنىڭ ساياھەتچىلىكى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم.

3. كۇلالچىلىق ھۇنەر ـ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ۋارىسلارنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش لازىم.

## قوشۇمچە IV: يېڭىسار پىچىقى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى

جۇڭگو ۋە چەت ئەلگە داڭلىق يېڭىسار پىچىقى ئۇيغۇر پىچاقلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن 1000 يىلدىن كۆپرەك تارىختا ئىگە. يېڭىسار پىچىقى توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت تارقالغان: ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى، يېڭىسار بازىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى قارىباش دېگەن مەھەللىدە مەمەت تۆمۈرچى دېگەن بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ تۆمۈرچىلىك ھۈنىرى يىراق ـ يېقىندا داڭ چىقارغان. ئۇ زېھنى ئۆتكۈر، قولى چېۋەر، ئىشچان ئادەم بولۇپ، تىرىشچانلىقى ۋە كۈچلۈك ئەقىدىسى بىلەن ياساپ چىققان پىچاقلارنى يىراق ـ يېقىندىكى كىشىلەر بەس ـ بەستە سېتىۋېلىپ ئىشلەتكەن. ئىشلىگەن پىچاقلار خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ بولۇپ، تۈز پىچاق، چاسا پىچاق، ئەگرى پىچاق، چىشلىق پىچاق، خەنجەر پىچاق قا-

تارلىق تۇرلىرى بىلەن يېڭىسار ۋە قوشنا جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈپ بەلۋېغىغا ئېسىۋالىدىغان كۆركەم، نەپىس بۇيۇمىغا ئايلانغان.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مەمەت تۇمۇرچىنىڭ شاگىرتلىرى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى، راۋاجلاندۇرۇشى نەتىجىسىدە، يېڭىسار پىچىقى بارغانسېرى تېخىمۇ سۈپەتلىك، تېخىمۇ كۆركەم ياسىلىپ، پىچاقلار دۇنياسىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۆزىنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى، ئۆزگىچە ھۈنەر ـ سەنئىتى، تۇجۇپىلەپ ئىشلەنگەن نەقىشلىرى بىلەن پىچاق بازارلىرىدا كۆزنى چاقنىتىپ، يېڭىسار خەلقى، شۇنىڭدەك جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەر، سەنئەتكارلار، ساقلىغۇچىلارنىڭ ئەتىۋارلىق بۇيۇمىغا ئايلاندى.

يېڭىسار پىچىقىنى ئاددىي ھالدا پىچاق دەپ ئاتىغاندىن كۆرە، ئېسىل ئىشلەنگەن گۈزەل ـ سەنئەت بۇيۇمى دەپ ئاتىغان تۈزۈك. چۈنكى، 40 نەچچە تۈرگە كۆپەيگەن يېڭىسار پىچىقى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم قول ھۈنەر ـ سەنئەت مەھسۇلاتى بولۇش بىلەن بىرگە، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە مەدەنىيىتى ئوخشاش بولمىغان قازاق، موڭغۇل، زاڭزۇ، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ ئاممىبابلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ۋايىغا يەتكەن ئالاھىدە مىللىي بۇيۇم بولۇپ قالدى.

يېڭىسارنىڭ ھەر خىل پىچاقلىرىغا كۈمۈش، مىس، داتلاشماس پولات، ھايۋانات مۈڭگۈزى، ھايۋانات سۆڭىكى، ياغاچ ۋە ھەر خىل رەڭدىكى ئورگانىك ئەينەكلەردىن تۇتقۇچ ـ دەستە ياسىلىدۇ. پىچاق دەستىسىگە كۈمۈش، قىزىل مىس، ياقۇت، قولۇلە قېپى قاتارلىقلاردىن نەقىش ئىشلىنىدۇ. كىشىنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدىغىنى، پىچاقلارغا ئۆزگە يارىشا ھەر خىل ئېسىل غىلاپلار سەپلىنىدۇ. پىچاق غىلاپلىرىغا كالا خۇرۇمى، قوي خۇرۇمى قاتارلىق يۇقىرى سۈپەتلىك خۇرۇملار ماتېرىيال قىلىنىدۇ. بەزى غىلاپلار كۈمۈش، مىس، ئاليۇمىن ۋە داتلاشماس پولاتلاردىن ياسىلىپ، ئۈستىگە ھەرخىل مىللىي تۇسكە ئىگە نەقىشلەر چېقىرىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ ھەم چوڭ سۈپەت، ھەم قىممەتلىك بولۇپ، ئىشلىتىش، ساقلاش ۋە دوست ـ بۇرادەرلەرگە سوۋغا سۈپىتىدە تەقدىم قىلىشتىكى قىممەتلىك بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ.

يېڭىسار پىچىقىغا ئەلا سۈپەتلىك، ئېلاستىكلىق پولات تاختا خام ماتېرىيال قىلىنىدۇ. پىچاق ياسايدىغان ھۈنەرۋەنلەر ماتېرىياللارنى ئوتتا تاۋلاپ، بولقا بىلەن سوقۇپ تىغ ھالەتكە كەلتۈرۈپ، سۇغا چىلاپ سۇغىرىپ تەييارلايدۇ. ئۇنىڭ بىسى ناھايىتى ئىتتىك، پىچاقلارنىڭ شەكلى ھەر خىل، تۈرى كۆپ بولۇپ، ئەنئەنىۋى تۈرلىرىدىن ئەگرى پىچاق، تۈز پىچاق، شەمشەر، قۇش تۇمشۇقى شەكلىدىكى پىچاق، قىڭراق، قەلەمتىراچ قاتارلىقلار بار. يېڭىسار پىچاقلىرىنىڭ بىسى ياكى ساپلىرىغا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە يېزىقلاردا « يېڭىسار » قاتارلىق ماركا ناملىرى چېكىلىدۇ. بۇ ئاساسەن ماركىنىڭ رولىنى ئويناشتىن سىرت، ساختا پىچاقلاردىن پەرقلەندۈرۈش رولىنىمۇ ئوينايدۇ.

يېڭىسار پىچاقلىرى كىشىلەرنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشىدىمۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى ئوينايدۇ. يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش، چارۋا ماللارنى بوغۇزلاش، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، گۆشلۈك غىزالارنى، مېۋەلەرنى ئىستېمال قىلىشتا ياردەمچى بولۇش قاتارلىق روللارنىمۇ ئوينايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېڭىسار ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى پىچاقچىلىق ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ ۋە دېھقانلارنى بېيىش يولىغا يېتەكلىدى، شۇنداقلا بۇ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسىپىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيە، يېزا، كەنتلەردە پىچاقچىلىق بىرلەشمىلىرىنى قۇرۇپ، پىچاقچىلىققا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە مەدەت بېرىشنى نۇقتىلىق قانات يايدۇردى. ۋاستىچىلار قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى مەزگىللىرىدىكى يۈرۈشلۈك مۇلازىمەتنى كۆپەيتتى. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەر قايسى يېزا (بازار) لاردىكى رەھبەرلەر پىچاقچىلىققا كېتەرلىك مەبلەغ ، تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش ئورنى، ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق جەھەتلەرگە يېتەرلىك ئېتىبار بەردى. بولۇپمۇ، دېھقانلارنىڭ پىچاق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا كەڭ يول ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش

جەھەتلەردە يولۇققان كونكرېت قىيىنچىلىقلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلدى. ھازىر يېڭىسار ناھىيە بازىرى ئىچىدىلا پىچاقچىلىق كارخانىسى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆلىمى بىرقەدەر زور بولغان پىچاقچىلىق كوچىسى بارلىققا كەلتۈرۈلۈپ، زاكازغا ئاساسەن پىچاق ئىشلەپچىقىرىش يولغا قويۇلۇپ، پىچاق ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش قېلىپلاشتۇرۇلۇپ ۋە ئىلمىيلاشتۇرۇلۇپ، پىچاقچىلىقنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىغا كۈچلۈك ئاساس سېلىندى.

يېڭىساردا ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر خىل پىچاقلار ئالاھىدە نەپىس بۇيۇم سۈپىتىدە مەملىكەت بويىچە ئېچىلغان 12 ـ نۆۋەتلىك ساياھەت نەپىس ھۈنەر ـ سەنئەت خاتىرە بۇيۇملىرى سودا يىغىنىدا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە «تۇلپار» خاتىرە مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ مىللىي ئالاھىدە بۇيۇملىرى بويىچە ئەلا سۈپەتلىك بۇيۇم مۇكاپاتىغا، خەلقئارا سانائەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمە يىغىنىدا ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

نۆۋەتتە، يېڭىسار پىچىقىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى 1 مىليون دانىغا يەتتى، پىچاق ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا ۋە يەككە تىجارەتچى ئائىلىسى 20 دىن ئارتۇق بولۇپ، مەخسۇس ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھۈنەرگە ئىش قوشۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي تېخنىكا خادىمى 400 دىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پىچاق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مۇكەممەل شۇغۇللىنىدىغان ۋە خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان دېھقانلارمۇ بار.

يېڭىسار ناھىيىسىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان پىچاقلارنىڭ ماركىلىرى ھەر خىل بولۇپ، «بادامگۈلى»، «ئانار گۈلى»، «شەمشەر»، «مىسىران»، «يېڭىسار» قاتارلىق تاۋار ماركىلىرىنى رويخەتكە ئالدۇردى. پىچاق ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش زامانىمىزدىكى يېڭىسار قول ھۈنەرۋەنلىرى ۋە دېھقانلىرىنىڭ بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ يۈرۈش قىلىشتىكى مۇھىم كىرىم مەنبەسىگە ئايلاندى. ①

---

① تۇرسۇن پازىل تەييارلىغان «يېڭىساردىكى ‹ئۈچ گۆھەر›» ناملىق تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن ئېلىندى. «قەشقەر» ژۇرنىلى 2005 ـ يىلى 3 ـ سان.

## 2. سودا ـ تىجارەت ۋە ئۈنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر

شىنجاڭ قەدىمكى «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى ۋە مەركىزىي بېكىتى بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن ، بۇ رايوننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سودا ئىشلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. «يىپەك يولى» ماھىيەتتە سودا ئالاقە ئىشلىرىنىڭ سىمۋوللۇق نامى بولۇپ، بۇ خەلقئارا سودا يولى ئەڭ دەسلەپ يىپەك سودىسىنى ئاساس قىلغانلىقى مەلۇم. « Seres » (يىپەك) ۋە «يىپەك ئېلى» دېگەن بۇ نامنى ئەڭ بۇرۇن، يەنى مىلادىيىدىن تۆت ئەسىر بۇرۇن گرېتسىيىلىك جۇغراپىيئون Ctesaes (斯夏泰克) تىلغا ئالغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 58 ـ يىلىدىن مىلادىيە 21 ـ يىلىغىچە ياشىغان گرېك ئالىمى سترابون (Strabon) ئۆزىنىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە بىر قەدەر ئەتراپلىق مەلۇمات بەرگەن.

قەدىمكى زامان دۇنيا مەدەنىيىتىدە قىزىق نۇقتىغا ئايلانغان « Seres» دېگەن بۇ نام مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 15 ـ ئەسىرگىچە 90 دىن ئارتۇق غەرب ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە داۋاملىق تىلغا ئېلىنىپ تۇردى. شۇنچە كۆپ ئاپتورلارنىڭ دەلىللىشىدىن قارىغاندا، «Seres» ئېلىنىڭ ئەتراپىدىكى يەر شەكىللىرى ۋە تاغ تىزمىلىرىنىڭ سىخېمىلىرى قەدىمكى سۇلى (قەشقەر) نىڭ غەربىدىكى تەڭرىتاغلىرى، پامىر ۋە قارا قورۇم تاغ تىزمىلىرى ئوراپ تۇرغان تارىم ئويمانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ①

دېمەك، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى يىپەك يولى سودا ئەنئەنىسى دەۋر دولقۇنلىرىغا ماس ھالدا گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ ، ئۆزىگە خاس مۇئەييەن بىر ئاڭ كاتېگورىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن. 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇيغۇر سودىسى بۇرۇنقى تارقاق ـ يەككە ھالەتتىن گۇرۇھلىشىشقا، نوقۇل ئىچكى سودىدىن تاشقى سودىغا، ئۈنىۋېرساللىقتىن تۈرلەشكەن ۋە تورلاشقان سودىغا قاراپ تەرەققىي قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مىللىي كاپىتال

① چيەن بوچۈەن:«سېرىس ھەققىدە»، «غەربىي رايون تارىخى مەجمۇئەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

مۇئەييەن كۆلەم ھاسىل قىلدى. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى شەھەر، بازار-لىرىدا سودا ـ سېتىقنى مەركەز قىلغان مۇقىم سودا سارايلىرى كۆپلەپ بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، قەشقەرنى مىسالغا ئالساق، مەخسۇس چەت ئەل سودىگەرلىرى ئىجارىگە ئېلىپ قۇرغان خام بازىرىدىكى «ھىندى سارىيى» (ھىندىستانلىق سودىگەرلەر قۇرغان)، «تۆگە سارىيى» («دورغا بەگ سارد-يى، دەپمۇ ئاتالغان، بۇنى پاكىستان، ئافغانىستانلىق سودىگەرلەر قۇرغان)، « پەرەڭ سارىيى » (ھازىرقى چىنىباغ مېھمانخانىسىنىڭ ئورنىدا) قاتار-لىق چەت ئەللىكلەرنىڭ چوڭ سودا سارايلىرىدىن باشقا، قەشقەر سودى-گەرلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان موللا ھاجىم سارىيى (بۇگۈنكى ئوردا ئى-شىكى يولى بىلەن تۆرە يار باغ كوچىسى ئۇچراشقان نۇقتىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ)، ئاخون ھاجىم سارىيى (بۇگۈنكى ئوردا ئىشىكى يولىنىڭ جەنۇبى، بەشئېرىق كوچىسىنىڭ شەرقىگە توغرا كې-لىدۇ)، پىچاق سارىيى (بۇگۈنكى تۇماق بازىرى كوچىسىنىڭ غەرب تەرد-پىگە توغرا كېلىدۇ)، ئابدۇۋەلى ھاجىم سارىيى (بۇگۈنكى ئوردا ئىشىكى يولىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ)، توخسۇن ھاجىم سارىيى (بۇگۈنكى نو بېشى يولىنىڭ شىمالىدا) ، ياڭاق سارىيى (بۇگۈنكى ئۆستەڭ بويى يو-لىنىڭ جەنۇبىدا)، مامۇت ئاخۇنباي سارىيى ( بۇگۈنكى گوداڭ كوچىسى-دا)، ماشاۋۋېي سارىيى (بۇگۈنكى خەلق غەربىي يولىنىڭ شىمالىدا)، لى شاۋۋېي سارىيى (بۇگۈنكى ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ ئورنىدا)، مۇھەممەتجان سوپۇنچى سارىيى (بۇگۈنكى ۋىلايەتلىك بانكا ئورنىدا)، قۇلاپ سارىيى (بۇگۈنكى قۇم دەرۋازا يولىنىڭ شەرقىدە)، مۇھەممەت ئاخۇنباي سارىيى (بۇگۈنكى قەشقەر شەھەرلىك ھۆكۈمەت قورۇسى)، قاسىم ئاخۇن ئۇستام سارىيى (بۇگۈنكى قارقى دەرۋازا يولىنىڭ شەرقىگە توغرا كېلى-دۇ)، ئابدۇسايىتبەگ سارىيى (بۇگۈنكى قارقى دەرۋازا يولىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ)، مۇسا موللام سارىيى (بۇگۈنكى تۇمەن يولىنىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدۇ)، ئابدۇراخمان ئۇچەيچى سارىيى (بۇگۈنكى تۇمەن كۆۋرۈ-كىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ)، توختى موللام تەۋەككۇل سارىيى (كونا پاخال بازىرىغا، يەنى ياۋاغ يولىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ)،

مۇھەممەتجان ھاجىم سارىيى (بۈگۈنكى سەمەن يولىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ)، تىللا سارىيى (ھېيتگاھ جامائەسى ئالدى مەيدانىنىڭ شىمالىي بۇرجىكىگە توغرا كېلىدۇ) قاتارلىق 50 تىن ئارتۇق سودا سارايلىرى قۇرۇلغان.

شەھەر ئىچىدە قۇرۇلغان يۇقىرىقى سودا سارايلىرىدىن باشقا، قەشقەرنىڭ توققۇز ناھىيە، 26 چوڭ يېزىسىدا 140 تەك جايدا سودا بازىرى بولۇپ، بۇ بازارلاردا يەرلىك خام ئەشيا، پىششىقلانغان قول سانائەت ماللىرى ۋە چەت ئەل تاۋارلىرىنى توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسى ئېلىپ بېرىلغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەغەز پۇلنىڭ قىممىتى مۇقىم بولمىغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا مۇئامىلىسىدە تەڭگە، ئالتۇن، كۈمۈش بىرلىك قىلىنغان. چەت يېزا ـ قىشلاقلاردا يەنىلا بۇرۇنقى ئەنئەنە بويىچە چاربازارچىلىق ئاساس قىلىنغان. ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ـ سېتىق مەدەنىيىتى ئۇستىدە توختالغاندا، ئەلۋەتتە شىنجاڭنىڭ سودا ئوبوروتىدا بىرلىك قىلىنغان پۇللار ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات بېرىش زۆرۈر.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، يەنى شىنخەي ئىنقىلابىغىچە شىنجاڭدا ئىشلىتىلگەن پۇللارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قىممىتى ئىنتايىن تۇراقسىز بولۇپ كەلگەن. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭدا دەسلەپكى قەدەمدىكى پۇل ئىسلاھاتى باشلىنىپ، شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمىنى باشقا ئۆلكە، رايونلارنىڭكى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش، پۇل قىممىتىنى تەڭشەش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. 1913 ـ يىلى مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنى ئىدارە قىلغان مەزگىلىدە ھەر خىل قىممەتتىكى كۈمۈش تەڭگە، تومپۇر (مىس داچەن) ۋە كونا ئەجدىھا سۈرەتلىك ياغ تىزا ( قەغەز پۇل) لار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئوبوروت قىلىنغاندىن باشقا، يەنە «شىنجاڭ خەزىنە باشقۇرۇشىدىكى ھۆكۈمەت پۇلى» (چوڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل) دەپ ئاتىلىدىغان ھەر ۋارىقى 400 داچەنلىك قەغەز پۇل بېسىپ تارقىتىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر ۋارىقى 100 داچەنلىك «كۆچۈك» (گوۋازى) ناملىق پۇل، شىنجاڭ مالىيە نازارىتى خەزىنىسى تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلغان كىچىك ۋە چوڭ ئۆلكە پۇللىرى، ھەر

بىرى 40 داچەنلىك ياغ تىزا، قەشقەر بىلەن خوتەن تەۋەسىدە ئۆتىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن قەشقەر تىزىلىرى بېسىپ تارقىتىلغان، بۇ مەزگىلدە رۇس ئاسىيا بانكىسىنىڭ ئىلى، قەشقەر، تارباغاتايدىكى شۆبىلىرى ئالتۇن تىزا (پۇل، مىسقال، سەرلەرنى بىرلىك قىلغان ۋە بانكىدا ئايرىۋاشلىغىلى بولىدىغان قەغەز پۇل) تارقاتقان. يۇقىرىدىكى ئۈچ شۆبە بانكا 1913 ـ يىلىدىن باشلاپ ئالتۇن تىزا تارقىتىپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن تىجارىتىنى توختاتقان.

1933 ـ يىلىدىكى «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە 50 سەرلىك ئۆلكە پۇلى تارقىتىلدى. 1938 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى يولداش ماۋ زېمىن (يەنە بىر ئىسمى جۇبىن) شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلىسىنى پائال تەرتىپكە سېلىپ، 1930 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە تەسىس قىلىنغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى ۋە 1939 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پۇل تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن سەرنى پۇل بىرلىكى قىلىش تۈزۈمىنى يۈەن ( 元 ) نى بىرلىك قىلىشقا ئۆزگەرتتى ھەمدە 1، 5، 10 يۈەنلىك، 1، 2، 5 مولۇق، 1، 3، 5 پۇڭلۇق بىرلىككە كەلگەن يېڭى پۇل تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى سەر قىممىتىدىكى كونا پۇللار ئىشلىتىلىشتىن توختىدى. لېكىن مۇشۇ مەزگىللەردە يەرلىك مىلىتارىستلاردىن ماجۇڭيىڭ، ماشاۋۇ، ماخۇسەن قاتارلىقلار تۇرپان، گۇچۇڭ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئۆز ئالدىغا قەغەز پۇل بېسىپ تارقاتقاندىن باشقا، يەنە قەشقەردە قۇرۇلغان (1933 ـ يىلى) ئاتالمىش قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ۋە ئۇ يوقىتىلغاندىن كېيىن قۇرۇلغان قورچاق «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى خوتەن ھۆكۈمىتى» دېگەنلەرمۇ ئۆز ئالدىغا قەغەز پۇل تارقاتقان. 1944 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى 100 يۈەنلىك، 200 يۈەنلىك، 500 يۈەنلىك، بىر

تۈمەن يۈەنلىك، 10 تۈمەن يۈەنلىك، 1 مىليون يۈەنلىك، 100 مىليون يۈەنلىك ۋە سوممىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان 6 مىليارد يۈەنلىك قەغەز پۇل تارقىتىپ، پۇل پاخاللىقى شامىلىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1945 ـ يىلىنىڭ بېشىدا 100، 300، 500 ۋە 1000 يۈەنلىك تۆت خىل چەك تارقىتىلغان، 1947 ـ 1948 ـ يىللىرى «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ ئىلى تارماق بانكىسى چېكى» نامىدا 100، 300، 500، 1000، 2000، 2500، 3000 يۈەنلىك چەكلەر بېسىپ تارقىتىلغان.

1949 ـ يىلى يازدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «پۇل تۈزۈمى ئىسلاھاتى» نى يولغا قويۇپ، كۈمۈش يۈەننى ئاساسىي پۇل بىرلىكى قىلىپ بېكىتىپ، كۈمۈش تەڭگە ۋە كۈمۈش يۈەن قىممىتىدىكى يۈەن تىزىسى (قەغەز پۇل) نى بېسىپ تارقاتتى. بۇ كۈمۈش يۈەن تاكى 1951 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۈتۈن شىنجاڭغا ئۇيغۇرچە خەت چۈشۈرۈلگەن خەلق پۇلى ( 人民币 )نى تارقاتقىچە ئىشلىتىلدى. 1955 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىلغاندا كونا خەلق پۇلى يىغىۋېلىندى.

دېمەك، ئازادلىقتىن كېيىن تارىختىن بۇيان ئۈزلۈكسىز پۇل پاخاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەر خىل قىممەتتىكى يەرلىك پۇللارغا خاتىمە بېرىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي بانكىسىدىن بىر تۇتاش تارقىتىلىدىغان خەلق پۇلى ئۆزىنىڭ مۇقىم قىممىتى بىلەن دۆلەت سودا ئوبوروتىدا مۇتلەق ئىناۋەتكە ئىگە بولدى.

پارسلار تەرىپىدىن ئەڭ بۇرۇن «سارت» (سودىگەر) لەقىمى بىلەن سۈپەتلەنگەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتىغا ماس ھالدا سودا ئىشىنىڭ بىرقەدەر بۇرۇن پىشىپ يېتىلگەنلىكى بىلەن نام چىقارغان. بۇ ئەنئەنە ئازادلىقتىن كېيىن تېخىمۇ روناق تېپىپ، نۇرغۇن ئەگرى ـ توقايلىقلار ئىچىدە بوشاشماستىن يېڭىچە يول بىلەن ئىلگىرىلىدى. ئېلىمىزدە ئىسلاھات ۋە بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا سول سىياسەتنىڭ قىستاڭچىلىقى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ

سودا ـ سېتىق ئىشلىرى تارقاق ۋە يوشۇرۇن ھالەتتە نوقۇل قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىشنى ئاساس قىلىپ، بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىشنى قو- شۇمچە قىلىش ئۇسۇلىغا تايانغان. بۇنداق تەۋەككۇلچىلىك سودا ئېڭى ئۇيغۇر سودا مەدەنىيىتىدە شەخسىي پايدا ئۈچۈن ئار ـ نومۇسنى سې- تىشتەك يامان سۇپەتلىك ئۆسمە پەيدا قىلغانىدى. لېكىن غەيرىي تىجارەت يولى بىلەن ھارام پۇلغا ئېرىشكەن بۇنداق «ئامەتلىك» سودا «خوجايىن» لىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇزاققا بارماي ۋەيران بولدى.

ئىسلاھات ۋە بازار ئىگىلىكى ئېلىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىي سا- ھەلىرىگە ئوخشاش، ئۇيغۇر سودا ئېڭىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشى ۋە سىستېمىلىششىغا پايدىلىق پۇرسەتلەر ئېلىپ كەلدى. بۇرۇنقى خۇپىيانە تارقاق ئېلىم ـ سېتىم بارغانسېرى تارىيىپ، ئاشكارا رىقابەتلىشەلەيدىغان، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش بىر گەۋدىلەشكەن مىللىي سودا شىر- كەتلىرى ۋە سودا گۇرۇھلىرى بارلىققا كەلدى. پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرى- دىكى بىر خىللاشقان پارتىزانلىق شەكلىدىكى تارقاق سودا ئېڭىغا خاتىمە بېرىلىپ، پەن ـ تېخنىكا كۈچى ئارقىلىق ئادىل رىقابەت تورى ئىچىدە يول ئېچىپ ئىلگىرىلىيەلەيدىغان يېڭىچە ۋەزىيەت شەكىللەندى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مىللىي سودا ئىگىلىكى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكىدە مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەپ، تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان يېڭى ئىستىقبالغا ئېرىشتى.

دەرۋەقە، بىر نەچچە يۈز يۈەنلىك ئازغىنا دەسمايە بىلەن سودىغا كى- رىشىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئەقىل ـ پا- راسىتىگە تايىنىپ نەچچە ئون مىليونلۇق، ھەتتا نەچچە يۈز مىليونلۇق مۇقىم ئىقتىسادىي مۇلۈككە ئىگە بولغان ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئەتراپى- مىزدا كۆپلەپ تېپىلىدۇ. بۇ بىر تاسادىپىيلىق ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلار- نىڭ سودا پسىخىكىسىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلار ۋۇجۇدىدىكى كۆكلەپ ياشنىشىدىن، زامان بەرگەن پايدىلىق پۇر- سەتلەرنىڭ خاسىيىتىدىن ئىبارەت، خالاس. ئۇنداق بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئېڭىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىلەر نېمىلەردىن

ئىبارەت؟

1. «ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك تىجارەت قىل». مانا بۇ ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى. بۇ يەردە تەكىتلىنىۋاتقان « ئىبادەت» — ھەققە سېغىنىش، ئىسلام دىنىدا كۆرسىتىلگەن مۇسۇلمانلىق شەرتلىرىنى ئۆزىگە تەتبىقلاش، ئادىللىق، ئىمانلىق بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى قانداق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئىمان ۋە ئېتىقاد بىلەن ئۆزىنى چەكلەپ، شۇ دائىرە ئىچىدە سودىدا روناق تېپىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەشكە ماھىر. بولۇپمۇ ئۆلچەملىك تىجارەت (جىڭ ۋە مېتىرغا تايىنىدىغان تىجارەت) تە كەم ئۆلچەپ خېرىدارنى ئالداشنى ئەڭ چوڭ گۇناھ ھېسابلايدۇ؛ ئىمانىي كامىللىقنى سودىنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ قاراشقا ئادەتلەنگەن ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى ئۆزئارا ئېلىم ـ بېرىم ۋە قەرز مۇناسىۋىتىدە جازانە ۋە ئۆسۈمنى «ھارام» دەپ قاراپ، مۇشۇ ئەقىدە ـ ئادەت بويىچە قەرز پۇلغا نىسبەتەن پەقەت دىرىنى قايتۇرۇشنى شەرت قىلغان.

2. سودا پسىخىكىسىدىكى ماھىرلىق. ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى خېرىدار چاقىرىشتا تىلىنىڭ شېرىن، جەلپكارلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. قەدىمكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، «ئۇيغۇرلار يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنى ئېغىزلاندۇرغاندا، شېرىن تىللىق بولسۇن دەپ ئاغزىغا شېكەر ـ شەربەت تېمىتىدىكەن»، «قولىغا كىرگەن پۇل چىقىپ كەتمىسۇن دەپ ئالىقىنىغا ھەسەل سۈرتۈپ قويىدىكەن». مانا بۇ تەمسىل ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەت ئىشىدا شېرىن ـ سۆخەنلىك بىلەن خېرىدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مۇشۇ ئەقىدە بويىچە ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى خېرىدارلارنىڭ پسىخىكىسىغا ئۈنۈملۈك تەسىر كۆرسىتىشكە ماھىر. خېرىدارلارغا قوپاللىق قىلىدىغان، چىراي تۈرىدىغان قىلمىشلارنى ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى بىردەك ئەيىبلەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنداق خىسلەتنى « قۇتادغۇبىلىك » داستانىدا مۇنداق ئىپادىلىگەن:

4435. *ئاژۇندا ئاتىڭنى يادايىن تەسە،*
*ئۇمەگ ئەدگۇ تۇتغىل قاتىغلان ئۇسا.*

*تىلەسەڭ ئېتىڭنى جاھانغا يېيىش،*
*خېرىدارنى ياخشى كۇتۇشكە تىرىش.*

دەرۋەقە، قەشقەر بازارلىرىدىكى ھەر قانداق تىجارەتچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتسىڭىز ، ئاجايىپ شېرىن تەكەللۇپلىرى بىلەن سىزنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىنىۋالغانلىقىنى، نەرسە ئېلىش ھاجىتىڭىز بولمىسىمۇ، شۇ تىجارەتچىنىڭ جەلپكار تىلىغا قايىل بولۇپ، خاتىرە سۇپىتىدە بىرەر بۇيۇم ئېلىپ قايتىشقا مەجبۇر بولغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىسىز. ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ـ سېتىقتىكى بۇنداق ماھىرلىقىنى باشقا خەلقلەردە ئۇچرىتىش قىيىن. ھەقىقەتەن «مىڭ قېتىم سورىسىڭىزمۇ زېرىكمەيمىز، ئالمىسىڭىزمۇ تېرىكمەيمىز» دېگەن سودا شوئارى ئۇيغۇر تىجارەت ئېڭىدا تولۇق ئەمەلىيلەشكەن.

3. ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەۋەككۈلچىلىك ئېڭى. ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى سودا ئىشلىرىدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەۋەككۈلچىلىكنى ماس قەدەمدە بىرلەشتۈرگەن. «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇش»، «مىڭ ھۈنەر ھۈنەر ئەمەس، ئەسلىي ھۈنەر چويلىچىلىق» (يەنى تىجارەتنى ئاددىي، كىچىك ئىشلاردىن باشلاش) ئېڭى ئۇلاردىكى ئېھتىياتچانلىقنىڭ بەلگىسى. «يا بايدىن چىقار، يا سايرامدىن » دەيدىغان ئاڭ ئۇلارنىڭ سودا قانۇنىيىتى بويىچە «كۆمسەم پىشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ» دەپ تىترەپ ئولتۇرماي، سودىدا تەۋەككۈلچىلىك قىلىش پىسخىكىسىنىڭ بەلگىسى.

4. ئۇيغۇرلار يېمەك ـ ئىچمەك تىجارىتىنى ھەممىدىن مۇھىم بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلاردا يېمەك ـ ئىچمەك تىجارىتى قەدىمدىن باشلاپ ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان. يېمەك ـ ئىچمەك تىجارىتى ئۇيغۇر مىللىي سودا ئىگىلىكىدە يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار مەيلى يېڭى سودا بازارلىرىنى ئېچىشتا بولسۇن، ياكى مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا بازارلارغا يۈزلىنىشتە بولسۇن بىرىنچى قەدەمنى يېمەك ـ ئىچمەك تىجارىتىدىن

باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدا يىپەك ـ ئىچمەك تىجارىتى ھەم بەرىكەتلىك ھەم ساخاۋەتلىك ھەم ساۋابلىق ئىش دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك ـ ئىچمەك تىجارىتىدە مۇنداق ئىككى ئالاھىدىلىك ئۆزئارا زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن: بىرى، مۇھىت ئالاھىدىلىكى، يەنى ئۇيغۇرلار قەدىمدىن باشلاپ باغۋاران، بوستانلىق رايونلار بىلەن تاغ ـ ئورمان، باياۋان ـ چۆللۈك رايونلىرىنى ئانا ماكان قىلغان. بۇنداق ئۆزگىرىشچان تەبىئەت بېسىمى ئۇلارنىڭ ئىچىدا ھاياتلىقنىڭ بىرىنچى ئامىلى بولغان يىپەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىش روھىنى يېتىلدۈرگەن ۋە ئاشۇ مۇھىتقا خاس كۆپ خىل يىپەك ـ ئىچمەك تۈرلىرىنى كەشىپ قىلىشقا ئۈندىگەن. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان يايلاق مەدەنىيىتى دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن كېيىنكى ئېكىنچىلىكنى ئاساس قىلغان بوستانلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ئۆزئارا گىرەلىشىپ، يىپەك ـ ئىچمەك جەھەتتە بىر خىل جەلپكار خاسلىق شەكىللەندۈرگەن؛ يەنە بىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرى ئۇلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ساغلاملىق ئېھتىياجى بىلەن زىچ ماسلاشقان. ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان تېرىم ھاياتىغا كۆچكىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي مەزگىللەر ئىچىدە ئالتاي ۋادىلىرى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى جۇدۇن ـ چاپقۇنلۇق قەھرىتان سوغۇق ۋە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق ئىقلىم شارائىتىدا كۆك ئاسماننى يېپىنچا، قارا تۇپراقنى سېلىنچا قىلىپ ياشىغان. بۇنداق ئەۋزەل شارائىت ئۇلارنىڭ تەبىئەتتىكى ئىنسان ئورگانىزمىغا پايدىلىق ئېلېمېنتلار بىلەن كۆپلەپ ئۇچرىشىپ، سىناقتىن ئۆتكۈزۈشكە ۋە شىپاگەرلىك ھەققىدە مول بىلىملەرنى توپلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىلا خېلى مۇكەممەل، ئەمەلىي تەجرىبىگە باي ئۇيغۇر مىللىي تېبابىتى شەكىللەنگەن. بۇ ئەنئەنىۋى تېبابەت ئۆزىدىن كېيىنكى غەرب تېبابىتىدىن پەرقلىق ھالدا ساپ ئورگانىك ماددىلارغا تويۇنغان يىپەك ـ ئىچمەكنى ئاساس قىلغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تېخى بىئو ـ خىمىيىلىك دورىلار كەشىپ قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي

مەزگىللەردە ئۇيغۇر تېبابىتى يېمەك ـ ئىچمەكنى يادرو قىلغان. بۇ ھال ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى ھەم ھاياتلىق ئېھتىياجى ھەم ساغلاملىق ئېھتىياجىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىقتىدارغا ئىگە قىلغان. بۇ ئەنئەنىۋى ئادەت ئۇزلۇكسىز كېڭىيىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، يېمەك ـ ئىچمەك تۇرلىرىنىڭ كۆپ خىللىقىنى، خۇرۇچلىرىنىڭ ساغلاملىق تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشىنى، پىششىقلاپ ئىشلەش ماھارىتىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. دەرۋەقە، بۈگۈنكى كۈندە خەلقئارا بازاردا قىزىقىش پەيدا قىلىۋاتقان ئۇيغۇر نانلىرى، ھەر خىل كاۋاپلىرى، پولۇ ۋە سامسىلىرى، لەغمەن ۋە قىيمىلىق ئۆگرىلىرى، نېرىن چۆپ ۋە خولۇپىئاشلىرى... قاتارلىق نەچچە ئونلىغان خاس مىللىي تائاملىرى ھەم ئوزۇقلۇق ھەم شىپالىق ئىقتىدارى بىلەن ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك تىجارىتىنىڭ گۈللىنىش مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۇرمەكتە. بۇ ئەنئەنىۋى ۋە خاسلىق ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن «ئارمان»، «ئامىنە»، «ئىخلاس»، «سالامەت»، «ئالامەت»، «دەرمان»، «مىراج»، «ئىزچىلار»، «مىسران»، «مىرەن» قاتارلىق ئونلىغان ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك گورۇھلىرى ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنى بىرلەشتۇرۇپ، ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك تىجارىتىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا يېڭى يول ئاچتى.

5. ئۇيغۇرلار سودا ـ تىجارەتتە قان ـ قېرىنداشلىق ۋە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. سودا ھەمكارلىقى ۋە تىجارەت بىرلىكى ئاشۇ قان ـ قېرىنداشلارنى ئۆزەك قىلىدۇ. بۇ قان ـ قېرىنداشلار سودا ئىشلىرىدا «سىنىڭ»، «مېنىڭ» دەيدىغان ئۆزلۈك ئېڭىدىن مۇستەسنا مەنىۋى بىرلىك ھاسىل قىلغان بولۇپ، بىر تىللىق، بىر دىللىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان. بۇ ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئۇرۇقچىلىق دەۋرىدە شەكىللىنىپ، كېيىنكى ئىسلام ئېتىقادى بىلەن يۇغۇرۇلغان مۇستەھكەم ئائىلە ـ جەمەتچىلىك ئېڭى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. دەرۋەقە، 20 ـ ئەسىر ئىچىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بارلىققا كەلگەن ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوفلارنىڭ سودا گورۇھىغا ئوخشاش كۆلىمى چوڭ سودا شىركەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاشۇنداق قان ـ قېرىنداشلار بىرلىكى ئۇستىگە

قۇرۇلغان. بۇ خىل سودا ئېڭى بۇگۈنكى بازار رىقابىتى دەۋرىدە بۇرۇنقىغا قارىغاندا مەلۇم دەرىجىدە سۇسلاشقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى تەسىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقىنى يوق.

6. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى سودا ـ سېتىق ۋە ئېلىم ـ بېرىم مۇناسىۋەتلىرىدە ئىمانىي كامىللىقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە لەۋز قىلىش (ئاغزاكى كېلىشىم) نى ۋە گۇۋاھلىقنى ھەممىدىن چوڭ بىلىدۇ. ئۇيغۇر پسىخىك ئېڭىدا لەۋز ئىمان ۋە ئېتىقادنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە مۇقەددەس قانۇن ئورنىدا قارىلىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى ئېلىم ـ سېتىم ۋە قەرز مۇناسىۋىتىدە يازما كېلىشىم ۋە گۇۋاھلىق رەسمىيەتلىرىنى ئۆزگەتشكە ئاساسەن ئادەتلەنمىگەن. (ئەلۋەتتە، كىشىلىك مۇناسىۋەت كۆنسېرى مۇرەككەپلىشىۋاتقان بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بۇ خىل ئادەتنىڭ پاسسىپ رولى بايقالماقتا. )

7. ئۇيغۇرلار سودا ئىشلىرىدا بازارنى بەك چوڭ بىلىدۇ. بازارلا بولىدىكەن ھېچكىم ئاچ قالمايدۇ، بازار تىجارەتچىنىڭ ئىقتىدارلىقى ھەم بەيگە مەيدانى، دەپ قارايدۇ. مۇشۇ ئەقىدە بويىچە ئۆزلىرى بىلمىگەن ۋە كۆرمىگەن ناتونۇش رايونلاردىن تەۋەككۇلچىلىك بىلەن يېڭى بازارلارنى ئېچىشقا ماھىر. بۇنداق ماسلىشىشچانلىق ئالاھىدىلىكى ۋە چىقىشقاقلىق خۇسۇسىيىتى ئۇلاردا سودىدا لازىم بولىدىغان باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىنى تېزلا ئىگىلىۋېلىشتەك ئۆزگىچە ماھارەتنى يېتىلدۈرگەن. مەدەنىيەت ۋە تىل سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىگە قارىماي غەيرىي تىللىق ئۆلكە ـ شەھەرلەر ھەتتا چەت ئەللەردە ئايلىنىپ يۈرۈپ سودا قىلىۋاتقان ۋە شۇ رايونلاردىكى يەرلىك سودا گورۇھلىرى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىۋاتقان ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى بۇنىڭ دەلىلى.

8. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى سودا ئادىتىدە سودىلاشقان ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تولۇق رازىلىقى بولۇشنى مۇھىم بىلىپ، بىر ـ بىرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا شۇ قېتىملىق سودىنىڭ ئاقىۋىتىنى خەيرلىك بولمايدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. باھادا پۈتۈشكەندىن كېيىن ئالغۇچى تەرەپ ساتقۇچى تەرەپتىن «نېسىپ بولسۇنمۇ؟»، « قۇتاتسۇنمۇ ؟»

دەپ قايتا ـ قايتا سورايدۇ. ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىدە ئازراق ئىك-كىلىنىش پوزىتسىيىسى سېزىلسە، يەنە بىر تەرەپ قانچىلىك پايدا ـ زى-يان بولۇشتىن قەتئىينەزەر بۇنداق سودىدىن قول ئۈزىدۇ. ئەگەر ئىككى تەرەپ سودىدا ئوچۇق ـ يورۇق پۈتۈشۈپ قالسا، ھەر ئىككى تەرەپ قولىنى يەرگە سۈركەپ ئاندىن قول ئېلىشىدۇ. يەرنى (تۇپراقنى) گۇۋاھلىققا تار-تىش ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى «تۆت زات» قارىشىدىكى تۇپراقنى مۇقەددەس بىلىش ئېڭىدىن كەلگەن ئادەت.

9. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى سودا پائالىيىتىدە ئىككى تەرەپنى كې-لىشتۇرگۈچى «بېدىك» ياكى «دەللال» دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچىنچى بىر شەخس بولۇپ، ئۇلار سودا ئىشلىرىنىڭ باش سودىيىسى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ چارۋا مال سودا بازىرىدا «بېدىك» لەرنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ سودا تىلى جەھەتتىكى ماھىرلىقى، كېلىشتۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقى، بازار باھاسىنى ئىگىلەشتىكى پۇختىلىقى بىلەن سودا بازارلىرىنى كونترول قىلالايدۇ. «بېدىك» لەر ئادەتتە ھېچ-قانداق سەرمايە سالماي، ساتقۇچى تەرەپنىڭ مېلىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، خېرىدار تاپقاندىن كېيىن ھەر ئامال بىلەن ئىككى تەرەپنى «يەڭ سودىسى» ئارقىلىق پۈتۈشتۈرىدۇ ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە ھەر ئىككى تەرەپتىن مۇۋاپىق « تاپان ھەققى» ئالىدۇ.

10. ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سودا مەبلىغىنى مەخپىي تۇتۇشقا، مال ـ دۇنياسىنى باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلماسلىققا، «پۇلۇم بار» دەپ نالايىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماسلىققا، «باردا پولدۇرۇڭ، يوقتا قاراپ ئولتۇرۇڭ» دېگەندەك بەھۇدە ئىسراپچىلىق قىلماسلىققا، ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ھەر يىلى رامزان ئېيىدا بىر يىللىق سودا خامچوتىنى ئېنىقلاپ، تاپاۋىتىنىڭ زاكىتىنى ئايرىپ، زاكات ئېلىشقا تېگىشلىك شەخس ۋە ئورۇنلارغا بېرىشكە ئادەتلەنگەن. « زاكاتقا خىيانەت قىلسا، ئىمانغا خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ» دېگەن ئەقىدىگە مۇتلەق ئىشەنگەن. بۇ ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئېڭىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق ھېسابلىنىدۇ. زاكات ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە تاپاۋەت يولىنىڭ

ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن پەرقلىق بولۇپ، سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇ-غۇللانغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئېشىنغان بايلىقىنىڭ 40 تىن بىر قىسمىنى يەنى 2.5% نى زاكاتقا ئايرىيدۇ.

ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنىڭ ئېڭىدىكى يۇقىرىقىدەك ئەنئەنىۋى ئالا-ھىدىلىكلەردىن باشقا ، هازىر كۆنسېرى كېڭىيىۋاتقان بازار ئىگىلىكى-نىڭ تۈرتكىسى بىلەن بەزى ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى زامانىۋى پەن ـ تېخ-نىكىغا تايىنىپ سودا ئۇچۇرلىرىنى ئىگىلەش، ئېلان ـ سەنئەتكە مەبلەغ سېلىپ، تەشۋىقات ۋاستىسى ئارقىلىق سودا يوللىرىنى ئېچىش ۋە كې-ڭەيتىش، يېڭى مەھسۇلات ئارقىلىق كارخانا ئىناۋىتىنى تىكلەش يولىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە.

لېكىن، ئومۇملۇق جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ـ تى-جارەت ئېڭى ئېلىمىزدە 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلانغان بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە تولۇق ماسلىشالماسلىق نەتىجىسىدە ئوبيېك-تىپ ۋە سۇبيېكتىپ جەھەتتىن كرىزىس ۋە قىيىنچىلىققا دۇچ كەل-مەكتە.

ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر تىجارەتچى-لىرىنىڭ سودا مەبلەغ ئاساسى تۆۋەن بولۇپ، ئۇنىڭ نەرسىسىنى ئېلىپ بۇنىڭغا سېتىشتەك ۋاستىلىك تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئۆزلىرىنىڭ سانائەت ئاساسى بولمىغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سې-تىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرەلمىگەن. نەتىجىدە، ئېلىمىزدە پىلانلىق ئىگى-لىك يولغا قويۇلغان مەزگىللەردە سانائەت مەركەزلەشكەن شاڭخەي، گۇاڭجۇ قاتارلىق دېڭىز بويى رايونلىرى ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ۋاستىلىك سودا ئارقىلىق پۇل تاپقان ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش بىر گەۋدىلەشكەن بازار رىقابىتى دەۋرىدە ئۇلارنىڭ قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىشتەك ئەنئەنىۋى تىجارىتى ئاقماس بولۇپ قېلىپ، تەدرىجىي ۋەيران بولۇش يولىغا قاراپ يۈزلەندى. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، دېڭىز ۋە هاۋا يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن خارابلىششقا يۈزلەنگەن قۇرۇقلۇق يىپەك يولىنىڭ تارىخىي تە-

سىرى ئۇيغۇرلار مەركەزلەشكەن بۇ چەت، بېكىنمە رايوندا تېخىمۇ كۆرۈ-
نەرلىك ئىپادىلىنىپ، بۇ رايوندا يىرىك سودا بازارلىرىنى ئېچىشنىڭ
مۇمكىنچىلىكى نۇرغۇن ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. دەرۋەقە،
يۇقىرىقىدەك ئوبيېكتىپ سەۋەبتىن باشقا، بۇگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر تىجا-
رەتچىلىكىنىڭ مۇئەييەن كرىزىسى ۋە قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىشىنى
كەلتۈرۈپ چىقارغان تۆۋەندىكىدەك سۇبيېكتىپ سەۋەبلەرمۇ مەۋجۇت:

1) ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تېخى سودا ـ تىجارەتكە بىر ئىلىم سۈپى-
تىدە مۇئامىلە قىلىش ئېڭى تىكلەنگىنى يوق. مۇتلەق كۆپ ساندىكى
ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى تۆۋەن بولۇپ، ئۇلار بىلىم
ئىگىلىكىگە سەرمايە سېلىشنى خالىمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار ھازىرقى زامان
ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلىملىرىدىن بىخەۋەر بولۇپ، ئىختىساسلىق-
لارنىڭ رولىغا سەل قارايدۇ. تىجارەتنى تەقدىرچىلىك ئىدىيىسىگە باغلاپ،
پايدا ـ زىياننى تەقدىر ـ ئاللانىڭ ئىرادىسىدىن بولدى، دەپ قارايدۇ. مۇ-
ئەللىپنىڭ ئىگىلىشىچە، ھازىر 10 مىليون يۈەندىن يۇقىرى مەبلىغى
بار ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئىگە
بولغانلار تەخمىنەن 65%نى، ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولغانلار
25% — 35%نى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولغانلار 3% — 5% نى
تەشكىل قىلىدىغانلىقى مەلۇم. ئەكسىچە، دۇنياۋى سودىدا روناق تاپقان
يەھۇدىيلار، ياپونىيىلىكلەر، كورىيىلىكلەر ۋە باشقىلار ھەتتاكى بالا باق-
قۇچى، ئائىلە خىزمەتچىلىرىگىمۇ ئۆز كەسپى بويىچە ئالىي مەلۇماتلىق
بولۇشنى شەرت قىلىدۇ.

2) بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈش ئېڭى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ
خېلى كۆپچىلىكى «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۇگۈنكى ئۆپكە ياخشى» دەپ قا-
راشقا ئادەتلەنگەچكە، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن پايدىسى كۆرۈلىدىغان بىلىم
ۋە تېخنىكا قاتارلىقلارغا مەبلەغ سېلىشنى خالىمايدۇ، «سۈنى كۆرمەي
تۇغان سېلىش» قا تېخىمۇ قىزىقمايدۇ. يىراق مەنپەئەتكە يۈزلىنىشنى
«تەۋەككۈلچىلىك»، «قارامىلىق» دەپ قاراپ، كەڭ سودا يوللىرىنى ئېچىش
يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

3) يەككىلىك ئېڭى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ھۆكۈم سۈرگەن شەخسنى بىرلىك قىلغان تېرىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەسىرى ئۇلارنىڭ سودا ئىگىلىكى ساھەسىدە تېخىمۇ كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ ھال ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى دەۋر بازار رىقابىتىدە پۈت دەسسەپ تۇرالماسلىقتەك ئاجىزلىقىنى نامايان قىلدى. دەرۋەقە، ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىدە ئۆزئارا ئىشىنىش، قوللاش، ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش ئېڭى سۇسراق بولغاچقا، مەبلەغ يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن كۆلەملەشكەن سودا بازارلىرىنى ئېچىشقا قۇربىتى يەتمەسلىك مەسىلىسىگە دۇچ كەلمەكتە. ئىشەنچ ۋە ھۆرمەت ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى. تىجارەت ـ سودا ئىگىلىكىدە شەخس ھەرقانچە پۇلدار بولسىمۇ، پايچىك شەكلىدە ئۇيۇشقان سودا گۇرۇھى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ تىجارەتچىلىرىمىزدە يەككە ھەرىكەت قىلىش پسىخىكىسى كۈچلۈك بولۇپ، سودىدىن ئىبارەت بۇ خەتەرلىك تار يولدا قىزغانچۇقلۇق بىلەن بىر ـ بىرىنى قىستاپ، «تۇپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش» قا ئادەتلىنىپ قالغان. بۇنداق يەككە ئېلىم ـ سېتىم تىجارىتى ھېچقانچە بايلىق يارىتالمىغاچقا، گوياكى يىلتىزى يوق دەرەخكە ئوخشاش تارىخنىڭ ھەر خىل بوران ـ چاپقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىرقى ھېسابتا ۋەيران بولۇش ئاقىۋىتىگە دۇچ كېلىدۇ. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا چار بازارچىلىق سودىسى قىلىۋاتقان يەككە تىجارەتچىلەر سودا بازارلىرىنى ئېچىش ۋە مال زاكاز قىلىشتا گوياكى پارتىزانلاردەك يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىدۇ. ھەتتا ئاتا ـ بالىلار ئوتتۇرىسىدىمۇ سودا مەخپىيەتلىكى بولىدۇ، بىر ـ بىرىنىڭ شەپىسىنى سېزىپ قالسا «پېشكەللىك» دەپ قارايدۇ. بىر زاۋۇت ـ كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقارغان مېلىغا ئېھتىياجلىق بولغان تىجارەتچىلەر ئۆزئارا بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ، ئوخشىمىغان باھادا سېتىۋېلىشقا رازىكى، ئۇلار ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ بىر قوللۇق، بىر تىللىق بولۇپ، توختاملاشماقچى بولغان زاۋۇت ـ كارخانا ئالدىدا ئىناۋەت تىكلەشكە رايى بارمايدۇ. نەتىجىدە «ئالتە قاغا پوق تالاشسا، ئۆۋچىغا پايدا» بولغاندەك ئىش يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئاچچىق تەجرىبە ـ

ساۋاقلارنى ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى تېخى چوڭقۇر ھېس قىلغىنى يوق. ئالايلۇق، شەھىرىمىزدە «ئارمان» غا ئوخشاش مەلۇم دائىرىدە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرگەن شەخسىي كارخانىلار خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەم ئوزۇقلۇق ھەم شىپالىق رولى بار يېشىل يېمەكلىكلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن ھەرىكەت قىلغاچقا، كەررىفورغا ئوخشاش كۆلەملەشكەن سودا بازارلىرىنى ئىچىشقا قادىر بولالمىغان. بۇنداق بىر تىپلىق سودا كارخانىلىرى پاي ھەسسىدارلىق ئاساسىدىكى چوڭ سودا گۇرۇھىغا ئايلىنالمىسا، ھازىرقى دۇنياۋى بازار رىقابىتىدە ماركىسى كۆپ خىل، مەزمۇنى بىر بولغان «قۇۋۋەت تالقانلىرى» يەنە قانچىلىك پۇت دەسسەپ تۇرالايدۇ؟ شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ئەگەر كارخانىچىلار ئۈمۈرلۈك روناق تېپىشنى نىشانلىسا، ئالدى بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ قەلبىنى ئايرىپ تۇرىدىغان يەككىلىكتىن ئىبارەت بۇ قاشا تامنى ئۆرۈپ تاشلىشى كېرەك.

بۇ يەردە ئاپتور ئۆزىنىڭ 1999 ـ يىلى سېنتەبىر ئايلىرىدا ئالمۇتا شەھىرىدە زىيارەت قىلغان بىر ئۇلگىلىك تىپنىڭ ئىش ئىزلىرىنى قىستۇرما قىلىدۇ. ئالمۇتا شەھىرىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى» دەپ تەرىپلىنىدىغان دىلمۇرات قوزىيېۋ ئاتلىق ئاتاقلىق بىر كارخانىچى بار. ئۇ ھازىر خەلقئارالىق رىقابەت كۈچىگە ئىگە بولغان قازاقىستاندىكى داڭلىق كارخانا گۇرۇھى — «بېھت» (AQ«Beht») ئاكسىيە گۇرۇھىنىڭ باش لىدىرى. بۇ كارخانا ئەسلىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە قۇرۇلغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تۆمۈر ـ بېتون قۇرۇلمىلىرىنى ئىشلەش بازىلىرىدىن بىرى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن بۇ كارخانا بىر مەزگىل ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قېلىپ، زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرى تالان ـ تاراجغا ئۇچراشقا باشلىغان. ئەرمەن، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ توققۇز كارخانىچىسىدىن تەركىب تاپقان ھەسسىدارلىق گۇرۇھى پاي قوشۇش يولى بىلەن بۇ چوڭ زاۋۇتنى سېتىۋېلىپ، قازاقىستان بويىچە خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى ئەڭ چوڭ «‹بېھت› ئاكسىيە گۇرۇھى» بولۇپ ئۇيۇشقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قازاقىستاندا بىرىنچى

بولۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ كارخانىلىرىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېچىپ بەرگەن. بۇ ئاكسىيە گۇرۇھى بىر يۈرۈش ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، خەلقئارا بازار سىستېمىسىنىڭ ھازىرقى قىيىن شەرت ـ شارائىتلىرىغا قارىماستىن، گېرمانىيىنىڭ دۇنياغا داڭلىق «فوسلور» (Focolo) تۆمۈر ـ بېتون ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى بىلەن تېخنىكىلىق جەھەتتىن ھەمكارلىشىپ، گېرمانىيە تېخنولوگىيىسى بويىچە تۆمۈر ـ بېتون مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىرىشتا دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىنقى سەۋىيىسىگە يەتكەن ۋە ئۇلار ئىشلەپچىقارغان «TEG80» تۇرۇبىسى دۇنيانىڭ يېڭى مەھسۇلاتى سۈپىتىدە يۇقىرى ئۆلچەملىك خەلقئارا تۇرۇبا كاتالوگىغا كىرگۈزۈلگەن. مەزكۇر « BEHT — FOCOLO» ئاكسىيە گۇرۇھى دىئامېتىرى 800 مىللىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىرلىق تۆمۈر ـ بېتون تۇرۇبىلىرىدىن يىلىغا 120 كىلومېتىر تۇرۇبا، 1000 كۇب مېتىر تۆمۈر ـ بېتونلۇق رېلىس بېكىتكۈچ ئىشلەپچىقىرىپ، 22 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق تاۋار مەھسۇلات قىممىتى يارىتىدۇ. «بېنت» ئاكسىيە گۇرۇھىنىڭ تاۋارلىرى سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئىشلىتىش قەرەلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، تەننەرخىنىڭ تۆۋەنلىكى، قۇراشتۇرۇشتىكى ئەمگەك سەرپىياتىنىڭ ئازلىقى قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرى بىلەن خەلقئارا بازار رىقابىتىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلمەكتە. مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپچىلىكى چەت ئەللەرگە ئېكسپورت قىلىنماقتا. بۇ ئاكسىيە گۇرۇھىدا ئۇيغۇر يىگىتى دىلمۇرات قوزىيېفنىڭ پاي نىسبىتى 60% نى ئىگىلەيدۇ.

«بېنت» ئاكسىيە گۇرۇھى قارمىقىدا يەنە «قازاق ـ ئىسرائىل بىرلەشمە گۇرۇھى»—«بېنت—ئانات» ناملىق زامانىۋى توخۇ فېرمىسى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ تېخنىكىلىق كۈچ ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى جەھەتتە دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ قۇش فېرمىسىنىڭ بىرى سانىلىدىكەن. بۇ فېرما ئىسرائىلىيىنىڭ ئەڭ يېڭى تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، تۇخۇمدىن گۆش توخۇسىغا ئايلانغىچە بولغان ۋاقىتنى 42 كۈنگە قىسقارتىپ، دۇنيانىڭ شۇ خىلدىكى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش رېكورتى

بولغان 45 كۇنلۇك ئۆلچىمىنى بۇزۇپ تاشلىغان. بۇ فىرما يىلىغا 3 مىڭ توننا توخۇ گۆشى، 4 مىليون دانە تاۋارلىق تۇخۇم، 3 مىليون دانە ئىن-كوباتسىيىلىك تۇخۇم، 1 مىليون دانە چۇجە ئىشلەپچىقىرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپا بازارلىرىنى ئىگىلىگەن. بۇ فىرمىنىڭ پۈتكۈل خىزمەت ھالقىلىرى تولۇق ماشىنىلاشقان ۋە يۈرۈشلەشكەن بولۇپ، ئادەم كۈچى بىلەن ئىشلىنىدىغان خىزمەتنىڭ سالمىقى 10% كىمۇ يەتمەيدۇ. «بىنت — ئانان » توخۇ فىرمىسى يەنە 4 مىڭ گېكتارغا يېقىن 38 بېلىق كۆلىنى باشقۇرۇپ، يىلىغا 300 توننىدىن ئارتۇق سورتلۇق بېلىق ئىش-لەپچىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى بۇ فىرما 10 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ، توخۇ يېمىدىن باشقا، يىلىغا ئىككى مىڭ توننا سېرىق پۇرچاق، ئۈچ مىڭ توننا كوممىقوناق، 500 توننا ئاپتاپپەرەس مېيى ئىشلەپچىقىرىپ بازارنى تەمىنلەيدۇ. ئۇلار ئىشلەپچىقارغان مەھ-سۇلاتلارنىڭ ھەممىسى «يېشىل يېمەكلىك» بولۇپ ، دۇنيانىڭ تاۋار ئى-گىلىكىدە يۇقىرى ئىناۋەت قازانغان. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن بۇيانقى 10 يىل ئىچىدە ھەر قايسى ساھەلەردە كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان 10 مەشھۇر شەخسنى باھالاش پائا-لىيىتىدە دىلمۇرات قوزىيېۋ ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلەپ، دۆلەتلىك مۇ-كاپاتقا ئېرىشكەن ھەمدە ئۇ باشقۇرغان «بىنت » ئاكسىيە گۇرۇھى قازا-قىستاندىكى 1500 دىن ئارتۇق چوڭ تىپتىكى سانائەت كارخانىلىرى ئى-چىدە 3 ـ ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئەتراپتىكى دوستلىرى تەرىپىدىن «دىل-مۇرات يېۋرەي» دەپ سۈپەتلىنىدىغان بۇ جاسارەتلىك، مەسئۇلىيەتچان باش لىدىر ئۆز ئەتراپىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان مۇتە-خەسسىس بۇرادەرلىرى ۋە 1000 دىن ئارتۇق ئىشچى دوستلىرى ئارىسىدا يۈكسەك ئىناۋەتكە ئىگە.

دىلمۇرات قوزىيېفنىڭ ئىگىلىك تىكلەش مۇساپىسى شۇنداق بىر ھەقىقەتنى تونۇتتىكى، ئىقتىسادىي رىقابەتنى ئۆزەك قىلغان بۈگۈنكى دۇنياۋى ئىسلاھات كەسكىن بىر جەڭ مەيدانى بولۇپ، بۇ جەڭدە ئۆزلۈك ئېڭى رامكىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ كوللېكتىپ ئاڭنىڭ قۇدرىتىگە تا-

يانغانلار، زىچ ھەمكارلىشىپ ئىچكى ۋە تاشقى ئىنېرتسىيىلىك كۈچ ھا-
سىل قىلالىغانلار غەلىبە قىلىدۇ؛ «ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى» دەپ دونـ-
كىخوتتەك يەككە جەڭگە ئاتلانغانلار، باشقىلارغا سەت كۆزى بىلەن قاراپ
ئۆز نەپسىگە چوغ تارتقانلار ھالاك بولىدۇ. ئويلاپ باقايلى، ئۇيغۇر جەمئىـ-
يىتىدە دىلمۇراتچە ئىگىلىك تىكلەش ئېڭىغا ئىگە كارخانىچىلىرىمىز-
دىن قانچىسى باردۇر؟

4) ناتوغرا (غەيرىي) رىقابەت ئېڭى. توغرا لىنىيىلىك بازار رىقابىتى
ئىقتىسادىي ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈپ ئاساسلىرىدىن بىرى. رىـ-
قابەت ئېڭى ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش، يول ئېچىش، ئىجادكارلىق ۋە
دادىللىق بىلەن بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مۇ-
شۇنداق توغرا رىقابەت ئېڭى ھەدەپ باشقىلارغا ئورا كولايدىغانلار، قۇرۇق
ھەيۋە بىلەن تېرە تاراقشىتىپ باشقىلارنى بوزەك قىلىدىغانلار؛ باشقىلار-
نىڭ نەتىجىسىنى كۆرسە لازا يەۋالغاندەك ئىچى ئېچىشىدىغانلار؛ ئۆردەك-
نىڭ مېڭىشىنى دورايمەن دەپ چاتىرىقى يىرىلىپ كەتكەن ئەخمەق كەك-
لىككە ئوخشاش «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن» مايدىغانلار، تېخىچە «ئاق
تاغلىق»، «قارا تاغلىق» لارنىڭ ئاللىقاچان ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن بايـ-
رىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ روھىي بېكىنمىچىلىك پاتقىقىغا پاتقانلار، «پۇل
بولسا جاڭگالدا شورپا» دەپ ، تەييارغا ھەييار بولۇش نىيىتىدە «ئېچىل
داستىخىنىم » غا سەجدە قىلىپ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقانلار، ئۆزئارا تۆر
تالىشىپ نىزا ئۇرۇقىنى چاچقانلار ... بىلەن ھەرگىز سىغىشالمايدۇ.
بىزنىڭ ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىمىزدە ھەمكارلىق، ئورتاق بېيىش ئاسا-
سىدىكى ئىلمىي رىقابەت ئېڭى سۇس، بىر كارخانىچى روناق تاپسا، باش-
قىلار ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ قوللاش ئورنىغا ھەسەتخورلۇق بىلەن ئۇنىڭغا
پىتنە ـ ئىغۋا، تۆھمەت تاشلىرىنى ياغدۇرىدۇ. ھەتتا ئۇنى تۈنجۇقتۇرۇۋې-
تىش ئۈچۈن قاچىسىغا زەھەر سېلىپ قويۇشتىن يانمايدۇ. شەھىرىمىز-
دىكى «گۈزەل ھايات» رېستورانى ھەققىدىكى پىتنە ـ ئىغۋا بىلەن «ئاۋ-
رال» تېز تاماقخانىسىدا يۈز بەرگەن زەھەرلىنىش پاجىئەسى بۇنىڭ دە-
لىلى. شەھىرىمىزدە يەنە بىر ـ بىرىگە ياندىشقان، بىرىدىن بىرى ئېگىز

سودا بىنالىرىنىڭ بەس ـ بەستە قۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇنىڭ بەزىلىرى بىر ـ بىرىدىن ئۇستۇنلۇك تالىشىدىغان ئىچكى رىقابەت كۈچەيدىن تۆرەلگەن بولۇپ، بىنا خوجايىنلىرىنىڭ ئىڭىدا پايدىدىن كۆرە بىر ـ بىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىشنى ئويلاشتەك غەيرىي رىقابەت ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن. بىر ئۆي ـ يەر مۇلۇك تىجارەتچىسى شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدىن بىرىگە جايلاشقان چىقىلىشقا تېگىشلىك بىر كونا قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ سېتىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى سېتىۋېلىش نىيىتىدە بۇ يەرنىڭ خوجايىنى بىلەن ئالاقىلىشىپ سېتىۋېلىش توختامى تۈزۈشمەكچى بولۇپتۇ. ئىككى تەرەپ كېلىشىم تۈزۈش مەزگىلىدە بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قالغان يەنە بىر پۇلدار سودىگەر تۇيۇقسىز ئارىغا قىستۇرۇلۇپ، بۇ يەرنىڭ ئەسلىي پۈتۈشكەن باھاسىدىن 100 مىڭ يۈەن ئارتۇق بېرىش ھېسابىغا سېتىۋالماقچى بولۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ بىر پارچە يەر ئىككى سودىگەرنىڭ تالىشىش ئوبيېكتى بولۇپ قېلىپ باھاسى ھەسسىلەپ ئۆرلەپ كېتىپتۇ. «قېنى قايسىمىز كۈچلۈك» دەپ بىر ـ بىرىگە قىلچە يول بەرمىگەن بۇ ئىككى رىقابەتچى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرىنىمۇ ۋە يەر خوجايىنىنىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىپتۇ. بۇنى قانداقمۇ توغرا رىقابەت دېگىلى بولىدۇ.

5) قانۇن ئېڭى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە سودا ـ تىجارەت قەدىمدىن تارتىپ قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلغان. بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇندىن مىڭ يىللار ئىلگىرى قانۇن دۆلەتنى تۈزەش ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەرلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن. دەرۋەقە، بۈگۈنكى دۇنيادا ھەممە كىشى قانۇننىڭ تولىمۇ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلماقتا. خۇددى تەڭشىگۈچ تاياقسىز ھەر قانداق دارۋاز ئېگىز دار ئۇستىدە ماڭالمىغاندەك ، قانۇنمۇ پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ تۇرىدىغان تەڭشىگۈچ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەڭشىگۈچسىز ھەر قانداق كىشى ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تاپالمايدۇ. دۆلەتتە تېخى مۇكەممەل قانۇن ـ تۈزۈم تۇرغۇزۇلمىغان ھەمدە

كىشىلەردىمۇ تولۇق قانۇن كۆزقارىشى تىكلەنمىگەن ئۆتمۈش دەۋرلەردە پۈتكۈل ساھەلەرگە ئوخشاش تىجارەتچىلەر تەبىقىسى ئارىسىدىمۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن مىراس قالغان لەۋز قىلىش، گۇۋاھلىق بېرىش، ۋىجدانىي جاۋابكارلىق، ئېتىقاد، ئىمان ... دېگەنلەر ئەنئەنىۋى تۆرۈ (TORU—قانۇن ـ تۈزۈم) سۈپىتىدە قارىلىپ كەلگەن. ۋەھالەنكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلانغان بۈگۈنكى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن، مۇتلەق نوپۇزغا ئىگە قانۇن ـ تۈزۈم ئالدىدا بۇنداق ئەنئەنىۋى ۋاستىلەر كارغا كەلمەس بولۇپ قالدى. 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا پۈتۈن دۇنيادا زىلزىلە پەيدا قىلغان ھىندىستاننىڭ «سەرگەردان» فىلىمىدە «قانۇن ۋىجداننى ئېتىراپ قىلمايدۇ» غانلىقى ئىپادىلەنگەندى. دەرۋەقە، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ زامانىۋى مەدەنىيەت ئېڭى جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي فورماتسىيىسىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلدى. دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى كىشىلەر ئارىسىدا رىقابەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئەنئەنىدىن ياتلىشىش كەيپىياتىنى پەيدا قىلدى. بۇنداق رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا قانۇننىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە زۆرۈرىيىتى كىشىلەر تەرىپىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىندى. شۇڭا دۆلىتىمىزمۇ قانۇننىڭ ئىناۋىتىنى تىكلەش يولىدا ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. لېكىن بىزدە ئومۇمىيۈزلۈك مەدەنىيەت ساپانىڭ تۆۋەنلىكى، ئەنئەنىۋىلىك قارىشىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كوللېكتىپ ئاڭنىڭ سۇسلىقى، دۆلەت ھېسسىياتىنىڭ ئاجىزلىقى، قىممەت قاراشنىڭ تار ۋە كەمتۈكلۈكى ... تۇپەيلىدىن تېخى قانۇننىڭ نوپۇزى ۋە كۈچى كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت مىزانىغا ئايلىنالمىغان. قانۇن ئېڭى دېگەن بۇ ئۇقۇم ھەممە كىشى دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىنى تولۇق بىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا، دۆلەت مېخانىزمىنى تەرتىپكە سېلىش، ھۆكۈمەت بىلەن پۇقرانى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش، پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش ، ئۆزىنى قوغداش ۋە چەكلەش ئاڭلىقلىقىنى يېتىلدۇرۇش، توغرا ۋە داغدام يول بىلەن گۈزەل كېلەچەك يارىتىش ... قىسقىسى، غايىۋى جەننەت تىمسالىدىكى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت بەرپا

قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا قانۇنغا يۇكسەك ئېتىبار بىلەن قاراش پۈت-كۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى ئارىسىدا قانۇن كۆزقارىشىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن يېقىنقى يىللار مابەينىدە كېلىپ چىققان پاجىئەلەر كىشىنى چۆچۈتىدۇ.

1 ـ سۈرەت:

جۇڭگو خەلق بانكىسىدىن باشقا، شەخسلەرنىڭ دوللارچىلىق (چەت ئەل پۇللىرىنى ئېلىپ ـ سېتىش) تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى قا-نۇن جەھەتتىن چەكلەنگەن، بۇ قانۇنسىز تىجارەتنى «كەسىپ» قىلىۋال-غانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىدىن ئىبارەت. بۇ قانۇنسىز تىجارەت ئۇلارنى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە دۇچار قىلدى. قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداش ۋە چەكلەشنى بىلمىگەن ياكى بىلسىمۇ ئەمەل قىلمىغان بۇ «دوللارچىلار» دىن نەچچە ئون كىشى چېكىدىن ئاش-قان ۋەھشىي بۇلاڭچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئوقىغا يەم بولدى، نەچچە مىليونلۇق مال ـ دۇنياسىدىن ئايرىلدى...بۇ ئېچىنىشلىق تراگېدىيىدىن ئۇلار تېخى تولۇق تەجرىبە ـ ساۋاق ھاسىل قىلمىدى. پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالغان «ئۈرۈمچى چېگرا رايون مېھمانخانىسى» قورۇسىدا يۈز بەرگەن «بەي باۋشەننىڭ قوراللىق بۇلاڭچىلىق ۋەقەسى» ھېلىمۇ بىزنىڭ ئېسى-مىزدە، بۇ دوللار بۇلاش پاجىئەسىدە بىگۇناھ پۇقرالاردىن بەش كىشى ئۆ-لۈپ، بىر قانچە كىشى ئېغىر يارىلانغان.

2 ـ سۈرەت:

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ئىقتىسادىي تەرتىپ قالايمىقانلى-شىپ كەتتى. مۇشۇ پۇرسەتلەردە «سوۋېت تىجارىتى» بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر كۆپىيىپ، خېلى كۆپ نەپكە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بۇ تۇيۇقسىز كەلگەن « ئامەت »تىن ئېسەنكىرەپ قانۇنغا پەرۋا قىلماي تورنى بارغانسېرى كەڭ يايدى. قانۇنىي رەسمىيەتلەرگە سەل قاراپ، قانۇن ئار-قىلىق ئۆزىنى قوغداش يوللىرىنى ئاچمىغاچقا، خېلى كۆپ بېيىغان ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى چەت ئەل قويمىچىلىرىنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ

قېلىپ، مال ـ دۇنياسىدىن ئايرىلىپ ۋەيران بولدى، قانۇنىنىڭ سىرتىدى-
كى بۇنداق تەۋەككۇلچىلىك «شاڭخەيچىلەر» دەپ ئاتالغان ئىچكىرى ئۆل-
كە ـ شەھەرلەردە تىجارەت قىلىۋاتقانلار ئارىسىدىمۇ كۆپلەپ يۈز بەردى.
ھەتتا مۇشۇ خىل تىجارەت يولىدا جېنىدىن ئايرىلغانلارمۇ كۆپ.

3 ـ سۈرەت:

مەلۇم بىر شەھەردىكى بىر ئائىلىدە تۆت ئوغۇل قېرىنداش «سې-
نىڭ ـ مېنىڭ» دېيىشمەي، بىر تىللىق، بىر دىللىق بولۇپ ئورتاق تى-
جارەت قىلىشقان. ئۇلارنىڭ بىرسى چەت ئەلدە، بىرسى ئىچكىرىدە دائىم-
لىق تۇرۇپ مال مەنبەلىرىنى قېزىش ۋە سېتىۋېلىشقا مەسئۇل بولغان .
قالغان ئىككىسى ئۆز شەھىرىدە دۇكان ئېچىپ كەلگەن ماللارنى ئوبوروت
قىلغان. ئۇلار بىرلىشىپ تاپقان تاپاۋەتنى ئانىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆت-
كۈزگەن. بارلىق كىرىم ـ چىقىم ئانىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بول-
غان. دېمەك، ئائىلە ھېسسىياتى ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلاپ،
ئورتاق تىل ۋە ئورتاق نىشانغا ئىگە قىلغان. ئانىنىڭ ھىمايىسى ۋە بىر
تۇغقانلىق رىشتى ئاستىدا ئۇلارنىڭ سودىسى روناق تېپىپ شۇ شەھەرنىڭ
داڭلىق بايلىرىغا ئايلانغان. بىر قانچە يىللاردىن كېيىن بۇ قەسىرنىڭ
تۈۋرۈكى بولغان ئانا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بىرىنچى چوڭ ئاكا بولغۇچى
بۇ «خەزىنە» نىڭ باشقۇرغۇچىسى بولۇپ قالغان. ئۇلار بىر تۇغقانلىق
مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە ۋىجدان ـ ئىماننى ھەممىدىن ئۇلۇغ بىلىپ، قا-
نۇنىي يول بىلەن ئورتاق خەزىنىنى تۆت بىر تۇغقاننىڭ ئىگىلىك ھەققى
بويىچە ئايرىپ قويۇشقا مۇۋاپىق دەپ قارىسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى بۇ
تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان. چەت ئەلدە تۇرۇپ سودا
قىلىۋاتقان تۆت ئوغۇلنىڭ بىرسى سودىدا كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ،
خېلى كۆپ زىيان تارتقانلىقى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يوشۇرۇن زىددىيەت-
نىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولغان. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن ئورتاق مىراسنى
بۆلۈشمەكچى بولغان. بىر ـ بىرى بىلەن شۇنچىلىك ئىجىل ـ ئىناق ئۆت-
تۈشكەن بۇ تۆت بىر تۇغقان بايلىق ـ پۇل ئالدىدا كۆزلىرى قىزىرىپ،
«سېنىڭدىن مېنىڭ ئەجرىم كۆپ» دېيىشىپ، ئوت بىلەن سۇدەك

ئۆچلىشىپ قالغان. ئۇلارنى ئەل ـ جامائەتمۇ كېلىشتۈرەلمىگەن. ئاخىرىدا ئۇلار تاياق ـ توقماق كۆتۈرۈشۈپ، بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇشقان. ھەتتا ئۇلارنى قانۇنمۇ قايىل قىلالمىغان، مۇشۇنداق ئىناق بىر تۇغقانلارنى شۇ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان سەۋەب زادى نېمە؟ مېنىڭچە، ئىشنىڭ بېشىدىلا ۋىجداننى قانۇن ئورنىغا قويغانلىقى، قانۇننىڭ ماھىيەتلىك كۈچىگە ئېتىبارسىز مۇئامىلە قىلغانلىقى، ئىنسان ماھىيىتىنى قانۇن لوگىكىسى بويىچە چۈشەنمىگەنلىكى، قانۇندىن كۆرە ھېسسىياتنى چوڭ بىلگەنلىكى، ئەنئەنىۋى ئاڭنى زامانىۋى ئاڭنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەنلىكى قاتارلىقلار ئاساسىي سەۋەب بولسا كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى تەبىقىسى ئارىسىدا نۇرغۇن پاجىئەلىك سۆرەتلەر بار. بۇ سۆرەتلەر بىزگە ئۇيغۇر سودا ـ تىجارىتىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈشتە قانۇن ۋاستىسىغا تايىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**تەلقىن:** ئۇيغۇرلار تارىختا سودا ـ تىجارەتتىكى ماھىرلىقى ۋە چېۋەرلىكى بىلەن شۆھرەت تاپقان بولۇپ، بۇ ئەنئەنە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. دەرۋەقە، سودا ـ تىجارەتنىڭ مىللىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئورنى ۋە رولى ناھايىتى چوڭ. بۈگۈنكى ئىسلاھات روھى، بازار ئىگىلىكى ھەممە كىشىنى ئىزدىنىپ يول ئېچىشقا، ئىقتىسادىي رىقابەت ئالدىدا تىك تۇرۇپ ئۇستۇنلۈك ئىگىلەشكە ئۈندەيدۇ. بۇ رىقابەت جەڭگاھىدا روھىي بېكىنمىچىلىك ئىچىدە باشقىلاردىن شەپقەت تىلەپ «ئېتىبار» نى كۈتۈپ ياتقانلار ھالاك بولىدۇ. دۇنيانىڭ ئەقىل قەدىمىگە ماس ھالدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ئەقىل بۇلىقىنى ئاچقانلار گۈللەپ ياشنايدۇ. ئادەتتىكى بىر دېھقان، ئادەتتىكى بىر سودىگەر، ئادەتتىكى بىر ئىشچى بولۇش ئانچە قىيىن ئەمەس، ھەممىدىن قىيىنى ۋە ئەھمىيەتلىكى ھەقىقىي مەنىدىكى ساپالىق دېھقان، ساپالىق سودىگەر، ساپالىق ئىشچى...بولۇش، چۈنكى ساپا بىر شەخسنىڭ ئەقلىي ۋە روھىي كامالىتىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، ئۇ مىللىي ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ قۇرىماس ئېنېرگىيەسى، پۈتكۈل مەدەنىيەت كارىدورىنىڭ نۇرلۇق دەرۋازىسى بولغان مائارىپ

ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇڭا مائارىپ ئارقىلىق ئۆزىنى قوراللاندۇرۇش، مائارىپنى قوللاش ۋە ھىمايە قىلىش ھەرقانداق غۇرۇرلۇق بىر ئىنسانىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچى. مانا شۇ بۇرچ ھەر قانداق بىر كىشىنى تىنىمسىز ئىشلەشكە، ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىشكە، ئۆز قىممىتىنى يارىتىشقا ئۈندەيدۇ.



# ئۈچىنچى باب

## يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىنىش، ئولتۇراقلىشىش مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر

### §1 . يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر

يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى ئومۇمەن ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدىكى تۇغما فىزىئولوگىيىلىك تەلىپىدىن ھاسىل بولىدىغان بىر خىل تەبىئىي ئىقتىدار ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان ئالەمگە بىنا بولغاندىن تارتىپلا خۇددى باشقا جانلىقلارغا ئوخشاش ئوزۇقلىنىشقا موھتاج بولغان. ئەمما ھايۋانلارغا ئوخشاش نېمە تاپسا شۇنى يەيدىغان ئوزۇقلىنىش ئېڭى ۋە ئادىتى شەكىللەنمىگەن قەدىمكى ياۋايىلىق ـ ۋارۋارلىق دەۋرلىرىدە يېمەك ـ ئىچمەك تېخى «مەدەنىيەت» كاتېگورىيىسىگە كىرمىگەن. ئىنسانغا خاس يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىنىڭ بىزنىڭ نەزەرىمىزدىكى قىممەت قاراش، غايە، يۈكسەك ئېستېتىكىلىق ۋە ئەخلاقىيلىق مەنىسىدىكى مەدەنىيەت بولۇپ شەكىللىنىشى ئىنسانىيەت تارىخىي مۇساپىسىنىڭ كېيىنكى نادايىتى ئاز ۋە چەكلىك بىر قىسمى بولغان «سىۋىلىزاتسىيىلىشىش» ①— مەدەنىيلىك ھەزارەت (Civilization) دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دېمەك، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى سىۋىلىزاتسىيىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ھەقىقىي مەنىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن. يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى ئەنئەنىۋىلىككە، دەۋرىيلىككە، نىسپىي ئۆزگىرىشچانلىققا ۋە مىللىي خاسلىققا ئىگە بولىدۇ. تۇرمۇش

① ئىنگلىز تىلىدىكى «Civilization» ئاتالغۇسى خەنزۇچىدىكى « 文明 » غا تەڭ بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ماددىي ئىجادىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەرەبچىدىكى «ھەزارەت» نىڭ مەنىسىگە تەڭ.

ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقى، جۇغراپىيىلىك ياشاش شارائىتى، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرق ۋە نىسپىي گېنىئالوگىيىلىك پەرق (بۇ ماـ ھىيەتلىك — ھادىسە ئەمەس) قاتارلىقلار يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىـ دىكى مىللىي خاسلىق (ئوخشىماسلىق) نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇـ ھىم ئامىللاردۇر.

بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى ئوخشىماسلىق بىلەن جۇغراپىيىلىك شارائىت جەھەتتىكى ئوخشىماسلىق ئاساسلىق ئامىل ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى ئامىل ھەتتا بىر مىللەت، بىر دىن تەۋەـ لىكىدىكى خەلقلەر ئارىسىدا يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىكى ئوخشىماسلىق (يەرلىك ئالاھىدىلىك) نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى موڭغۇل دالاسىنىڭ كەڭ كەتكەن قۇملۇق، يايلاق ۋە چۆللۈكلىرىدە ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن مەشغۇل بولغان. تەبىئىيكى، ئۇلارنىڭ ئاشۇ «يايلاق مەدەنىيىتى» چەمبەـ رى ئىچىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئولتۇراق ئۆي قاتارـ لىق تۇرمۇش مەدەنىيىتى ئاشۇ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى شەرت ئىدى. مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق يېمەك ـ ئىچمىكى گۆش، سۈت، قىمىز بولۇپ، كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭـ لىك تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئانچە ـ مۇنچە گۈرۈچ، بۇغداي، تېرىق قاتارلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى يېيىشنى قوشۇمچە قىلدى. بەزى تارىخىي خاتىرىلەردىكى ئۇچۇرلار بۇ پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ: «تاڭ مەكتۇپلىرى»، 699 ـ جىلد، «تەيخې مەلىكىگە چۇشۇـ رۇلگەن يارلىقلار» دا، «ئۇيغۇر قاغانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەۋرلەردە (مىلادىيە 744 ـ يىللىرىدىن كېيىن) ، ئۇيغۇرلار يەنىلا سۈت، قىمىز، گۆش بىلەن ئوزۇقلىنىشنى ئاساس قىلغان» ① دېيىلگەن. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «ئەمما ئۇيغۇرلاردىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا بارغانلىرى بولسا كۆپرەك گۈرۈچ ۋە بۇغدايدىن

① لىن گەن، گاۋزىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل ئۇيغۇرچە، 107 ـ بەت.

قىلىنغان يېمەكلىكلەر بىلەن ئوزۇقلانغان. مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسى ئۆزىگە ياردەملىشىپ ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭىنى باستۇرغان ئۇيغۇر ئاتلىق لەشكەرلىرىنى هەر كۈنى 200 تۇياق قوي، 20 تۇياق كالا، يەنە 40 دەن گۈرۈچ بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان» ① دەپ يېزىلغان.

ئۇيغۇرلار شىمالىي قۇملۇقتا ياشىغان ئاشۇ دەۋرلەردە هاراق ئىچىشمۇ خېلى كەڭ ئومۇملاشقان. ئەسلىدە بۇ رايونلاردا دانلىق زىرائەت تېرىلمىغاچقا، هاراق چىقىرىلمايتتى، ئىچىملىك ئورنىدا ئات ۋە تۆگە سۈتىدىن ياسىلىدىغان قىمىز ۋە شۇبات ئىچىش ئاساس قىلىناتتى. كېيىنرەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى بىلەن باردى ـ كەلدى مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ دانلىق زىرائەتتىن ئېچىتىلغان هاراق بۇ رايونلارغا سىڭىپ كىردى.

بۇ خىل ئىچىملىكلەردىن تاشقىرى، ئۇيغۇرلار چاي ئىچىشكە ئامراق بولۇپ، دائىم تاڭ سۇلالىسىدىن ئاتقا چاي ئالماشتۇراتتى.

ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلار ئاستا ـ ئاستا مانى ② دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، ئەمما شامان دىنىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. مانى دىنى تاكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتقىچە تۇرپان ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەسىدە بۇددا دىنى بىلەن بىللە هۆكۈم سۈردى. بۇ دىنىنىڭ ئەقىدىسى پېرسىيىنىڭ زەردۇشت دىنىنى ئاساسىي مەنبە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە ئۇنىڭدا بۇددا دىنى ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىمۇ مۇجەسسەملەنگەن بولغاچقا، ئۇ بىر خىل ئارىلاشما دىن بولۇپ هېسابلىنىدۇ. مانى دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسى ئىككى مەنبە (يورۇقلۇق،

---

① لىن گەن، گاۋزىخۇ:«قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، 107 ـ بەت.

② مانى دىنى مىلادىيە 3 ـ ئەسىردە پېرسىيىلىك مانى (تەخمىنەن مىلادىيە 216 — 276 ـ يىللىرى ياشىغان) دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىدى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىلار ئارىسىدا ۋايىغا يېتىپ، 4 ـ ئەسىردە سوغدى سودىگەرلىرى ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسىغا تارقالغان. مىلادىيە 763 ـ يىلى بۆكۈخاقان مانى دىنىنى ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىغان.

قاراڭغۇلۇق تەلىماتى)، ئۈچ ئەقىدە ـ پرىنسىپ ① (بىرىنچى، ئادەم ئۆل- تۇرمەسلىك ھەم تىرىك جانىۋارلارنى قىينىماسلىق؛ ئىككىنچى، تىرىك جاندارلارنىڭ گۆشى بىلەن تاماقلانماسلىق؛ ئۈچىنچى، نىكاھلانماسلىق يەنى توي قىلماسلىق) قا مەركەزلەشكەن. مۇشۇ ئەقىدە بويىچە مانىـ- خىزملار گۆشسىز تاماق يېيىشنى ۋە ھايۋانلارنى ئۆلتۈرمەسلىكنى تە- شەببۇس قىلغان. مانى تەرغىباتچىلىرى ئۇيغۇر قاغانلىقىغا كىرگەندىن كېيىن مانى ئەقىدىسى بويىچە «گۆشنىلا ئىستېمال قىلىشتەك غەيرىي ئادەتتى بارلارنىڭ يۇرتىنى كۆكتات، ئاشلىق يەيدىغانلارنىڭ ئېلىگە، مال ـ چارۋىلارنى بوغۇزلايدىغانلارنىڭ يۇرتىنى مېھرىبانلىقتا ئۇندەيدى- غانلارنىڭ ئېلىگە ئايلاندۇرغان.» ② بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئارىسىغا مانى دىنى تارقالغاندىن كېيىن، يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدە ئاز ـ تولا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، بۇرۇنقى كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى نوقۇل گۆشنىلا ئىستېمال قىلىشتىن كۆكتات ۋە ئاشلىق ئىستېمال قىلىشقا ئۆزگەرگەنلىكى مەلۇم. لېكىن ئاۋام ئارىسىدا گۆش يېيىش پۈتۈنلەي چەكلەنگەن ئەمەس. گۆش يېيىش پەقەت تەقۋادار مانى ۋە بۇددا موناخلىرى دائىرىسىدە تەقىبلەنگەن.

ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتتىن ئولتۇراقلاشقان تېرىم ھاياتىغا كۆچكەندىن كېيىن، يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۇ ئۆزگىرىشلەر يېمەك ـ ئىچمەك تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللاشقانلىقى، يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرىنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە قېلىپلاشقانلىقى ۋە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ سىڭىشىشى بىلەن يېمەك- لىكلەردە «ھالال»، «ھارام» قارىشىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى قاتارلىق جە- ھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئەنئەنە ئىزچىل ھالدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىرقەدەر قەدىمىي ئەنئەنىۋى تاماقلىرى ھەققىدە

① ئۈچ ئەقىدە مانى تېكىستلىرىدا : (1) قول تامغىسى؛ (2) ئېغىز تامغىسى؛ (3) نىكاھ تامغىسى دېگەنناملار بىلەن ئاتالغان.

② لىن گەن، گاۋزىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل ئۇيغۇرچە، 139 ـ بەت.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق نوپۇزلۇق ئەسىرىدە خېلى كۆپ مەلۇماتلار بار. مەسىلەن، «توقۇچ» («دىۋان» 1 ـ توم، 464 ـ بەت)، «چۆرەك» («دىۋان» 1 ـ توم، 504 ـ بەت) سۆزلىرىنى «توقاچ نان» دەپ ئىزاھلايدۇ. «كۆۋشەك — بولدۇرۇلغان نان» («دىۋان» 1 ـ توم، 628 ـ بەت)، «چوقەسىن — هورنانىنىڭ بىر خىلى» (دىۋان» 1 ـ توم، 578 ـ بەت)، «كۆمەچ — كۈلگە كۆمۈپ پىشۇرۇلغان نان» («دىۋان» 1 ـ توم، 568 ـ بەت)، «سىنچو—گىردە بىلەن ھەمەك ئارىسىدا بولىدىغان بىر نان، خۇيلىما نان» («دىۋان» 1 ـ توم، 544 ـ بەت)، «پوسكەچ—قاتلىما نان» («دىۋان» 1 ـ توم، 590 ـ بەت)، «كاكچى—قاتلىما ناننىڭ بىر تۈرى» («دىۋان» 1 ـ توم، 564 ـ بەت)، «قۇغا—ياغدا پىشۇرۇلىدىغان نېپىز نان» («دىۋان» 3 ـ توم، 34 ـ بەت) قاتارلىق ناننىڭ ئون نەچچە تۈرىنى تىلغا ئالغان. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى ، نان — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئەنئەنىۋى يېمەك ـ ئىچمەك تۈرلىرىدىن بىرى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجىسى ۋە يادروسى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار مەيلى ئائىلىسىدە ياكى سەپەردە بولسۇن ناننى ھامان ئۆزىگە ھەمراھ قىلىدۇ. سەپەرگە چىققان كىشىنىڭ بېشىدىن نان ئۆرۈپ ئاق يول تىلەيدۇ. «نان ئۇرسۇن» دېگەن پەرھىزلىك سۆزنى ئەڭ كۈچلۈك قەسەم ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. قىسقىسى ، ناننى ئۇلۇغلاش ۋە مۇقەددەس بىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ناندىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكى ئەنئەنىۋى تاماق تۈرلىرى تونۇشتۇرۇلغان:

«تۇرمەك—تۇرمەل» («دىۋان» 1 ـ توم، 662 ـ بەت)، «ئۇگرە—سۇيۇقئاشنىڭ بىر تۈرى» («دىۋان» 1 ـ توم، 171 ـ بەت)، «سارماچۇق—قۇشقاچ تىلى ئاش، سۇيۇقئاشنىڭ بىر تۈرى» («دىۋان» 1 ـ توم، 683 ـ بەت)، «سوغوت —ھېسىپ، ئۇچەي ئىچىگە گۈرۈچ، گۆش ۋە دورا ـ دەرمەك سېلىپ قىلىنىدىغان يېمەكلىك» («دىۋان» 1 ـ توم، 462 ـ بەت)، «سۇقتۇ — ھېسىپنىڭ بىر خىلى، جىگەر بىلەن گۆشكە دورا ـ دەرمەك ئارىلاشتۇرۇپ ئۇچەيگە تىقىلىدۇ، ئاندىن پىشۇرۇپ يېيىلىدۇ» («دىۋان» 1 ـ توم، 543 ـ

بەت)، «تۇتماچ—چۆپ» («دىۋان» 1 ـ توم، 590 ـ بەت)، «قۇۋۇەت — قاغۇت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۇغۇتتا خۇنسىراپ كەتكەن ئاياللارغا بېرىلىدىغان تاماق، بۇ تاماق قورۇلغان تېرىق ئۇنى ياغ بىلەن شېكەرگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ» («دىۋان» 3 ـ توم، 233 ـ بەت)، «توپىق — قوينىڭ توپۇق سۆڭىكىدىن قىلىنىدىغان غىزا» («دىۋان» 1 ـ توم، 492 ـ بەت)، «كۆرشەك—سۆكنى سۇ ياكى سۇتتە قايىنىتىپ، ئۈستىگە ياغ قۇيۇپ يېيىلىدىغان بىر خىل تاماق» («دىۋان» 1 ـ توم، 625 ـ بەت)، «بولدۇنى—ئىچىگە قۇرۇق ياكى ھۆل ئۈزۈم سېلىپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىك» («دىۋان» 1 ـ توم 625 ـ بەت)، «سۇرۇش—چۇرۇش، بۇغداي باشقىنى دېنى قېتىشتىن ئىلگىرى ئۇزۇۋېلىپ، ئوتتا پۇچۇلاپ يانجىپ يېيىلىدىغان يېمەكلىك» («دىۋان» 1 ـ توم، 477 ـ بەت)، «بۇلغاما—ياغسىز ۋە تەمسىز بۇلماق» («دىۋان» 1 ـ توم، 640 ـ بەت)، «قوغۇرماچ—قېتىق بىلەن سۈت ئارىلاشمىسى، قەۋزىيەت بولۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ ئىچىنى سۇردۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئىچكۈزۈلىدۇ» («دىۋان» 1 ـ توم، 137 ـ بەت)، «بوخسى—بىر خىل يېمەكلىكنىڭ ئىسمى، بۇ يېمەكلىك مۇنداق تەييارلىنىدۇ: قايىنىتىپ ئېلىنغان بۇغداينىڭ ئۈستىگە بادام مېغىزى سېلىنىدۇ، ئاندىن ھەسەل ۋە سۈت بىلەن قىلىنغان بۇلماقنى قۇيۇپ، شۇ پېتى ئىچىلىدۇ» («دىۋان» 1 ـ توم، 501 ـ بەت)، «يامانا—قۇيماق خېمىرىغا ئوخشاش سۇيۇق قىلىپ چېلىنىدىغان بىر خىل خېمىر. سېمىز توخۇنى ياكى سېمىز گۆشنى قورۇغاندا ياكى كاۋاپ قىلغاندا، يېغى ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا شۇ خېمىر سۈرتۈلىدۇ» («دىۋان» 1 ـ توم، 580 ـ بەت)، «سىم سىراق—بىر خىل تاماق، قوينىڭ بېشى پىشۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇششاق توغرىلىپ، دورا ـ دەرمەك ئارىلاشتۇرۇپ، بىر قاچىغا سېلىنىدۇ ۋە ئۈستىگە ئاچچىق قېتىق قۇيۇلۇپ سىڭىشكەندىن كېيىن يېيىلىدۇ» («دىۋان» 3 ـ توم، 189 ـ بەت)، «يازوق—كۆزدە ھەر خىل دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن قۇرۇتۇپ قويۇلۇپ، ئەتىيازدا يېيىلىدىغان قاق گۆش» («دىۋان» 3 ـ توم، 187 ـ بەت)، «ئىگلىچ—سامساقا ئوخشايدىغان بىر خىل تاغ ئوتى، كاۋاپ بىلەن يېيىلىدۇ» («دىۋان» 1 ـ توم، 156 ـ بەت)، «تاقلىدى—گۆش

شىشقا (زىخقا) ئۆتكۈزۈلىدۇ» («دىۋان» 3 ـ توم، 180 ـ بەت)، «سۆگلۈن. چۇ—كاۋاپ» («دىۋان» 3 ـ توم، 333 ـ بەت)، «كۆرپلەدى—كاۋاپ قىلدى» («دىۋان» 3 ـ توم، 602 ـ بەت) ۋە باشقىلار.

«دىۋان» دا خاتىرىلەنگەن يۇقىرىقى تاماق تۈرلىرىدىن كۆرۈشكە بو. لىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تاماق تۈرلىرى ئىچىدە قورۇمىسىز تەييارلانغان ئاشلىق ۋە گۆشلۈك تاماقلار ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن. بۇ ئەنئەنە قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىنمۇ ئىزچىل داۋاملىشىپ، تاماق تۈرلىرى تېخىمۇ كۆپەيگەن ۋە قاراخانىيلارنىڭ ئىگىلىك شەكلىگە ماس ھالدا ئۆزىگە خاس تاماق سىستېمىسى شەكىللەنگەن. بۇ ھال ئالدى بىلەن قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلانغان يېڭىچە ئىسلام دىنى ئىدېئولوگى. يىسى تەسىرىدە يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرى ۋە يېمەك ـ ئىچمەك خام ئەشيالىرىنى تاللاشتا روشەن ئىپادىلەندى. ئالايلۇق، ئىسلام دىنىدا «توم تۇياقلىق ماللارنىڭ گۆشىنى يېمەسلىك»، «چوشقا گۆشىنى يېمەسلىك»، «ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ماللارنىڭ گۆشىنى يېمەسلىك»، «بوغۇزلىغاندا قان چىقمىغان ماللارنىڭ گۆشىنى يېمەسلىك»، «ماللارنىڭ قېنىنى يېمەس. لىك»، «ئاياللار بوغۇزلىغان مالنىڭ گۆشىنى يېمەسلىك»، «مەكروھ دەپ قارالغان بەز، ئاچچىق ئۈچەي، كۆز قارىقى، تاشاق (ئەركەك مالنىڭ بەز خالتىسى ۋە جىنسىي ئەزاسى) قاتارلىقلارنى يېمەسلىك»، «ھارام قىلىن. غان ھاراق قاتارلىق ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچمەسلىك» ... قا. تارلىق بىر يۈرۈش يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرى بەلگىلەنگەن ھەمدە بۇ پەرھىزلەر مۇسۇلمانچىلىقنىڭ شەرتى بولۇپ قالغان. قاراخانىيلار دەۋرى. دىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرى ئاشۇ پەرھىزلەر ئاساسىدا قېلىپلاشقان ۋە ئۆزىگە خاس مىللىي يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. قاراخانىيلارنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى بولغان ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ۋە شەھەرلەشكەن قول ھۈنەر ئىگىلىكىنىڭ تەلىپى ئاساسىدا يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرى ئاشۇ خىل تۇرمۇش مۇھىتىغا ماس ھالدا تېخىمۇ سىستېمىلىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى ئائىلە تامىقى بىلەن مېھمانلارغا تەييارلايدىغان تاماق (مېھمان

تامىقى) ۋە ھېيت ـ بايرام، مۇراسىم تاماقلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. مەسىلەن، ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتتىكى ئائىلە تۇرمۇشىدا ئەتىگەن، چۈش ۋە كەچتىن ئىبارەت ئۈچ ۋاخلىق يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى ئومۇملاشقان، ئەتىگەنلىك تاماق ئاساسەن بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئائىلە ئەزالىرى جەم بولۇپ، نان بىلەن چاي ئىچىشنى ئاساس قىلغان (شارائىتى بار ئائىلىلەر يەنە ھەر خىل مېۋە مۇراببالىرىنى قوشۇمچە قىلىدۇ)، چۈشلۈك تاماق دېھقانچىلىق ئەمگىكىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئېتىز ـ قىرلاردىكى تاماق بولۇپ، نان بىلەن چاي ياكى قېتىق بىلەن نان يېيىش ئادىتى ئومۇملاشقان (شەھەر ئائىلىلىرىدە چۈشتە ھەر خىل تاماق ئېتىش ئادەتلىرىمۇ بار)، كەچتە ئائىلە ئەزالىرى ئەمگەكتىن قايتىپ كېلىپ ئائىلە شارائىتىغا ئاساسەن تەييارلانغان تاماقنى يېيىش ئادىتى ئومۇملاشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ تامىقى گۆشلۈك ياكى گۆشسىز بولسۇن ، تۈرى كۆپ خىل بولۇپ، ھەر كۈنى مۇمكىنقەدەر ئوخشىمىغان بىر خىل تاماق ئېتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مېھمان تامىقى ۋە ھېيت ـ بايرام، مۇراسىم يېمەكلىرى ئادەتتىكى ئائىلە تامىقىدىن پەرقلىق ھالدا مەخسۇس تەييارلىنىدۇ. بولۇپمۇ مېھماننى ئىززەتلەش ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرى بولغاچقا، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆيگە مېھمان كەلسە، مېھماننى ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى يېمەكلىكلىرى بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. بۇ ھەقتە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بىر كۇپلېت قوشاق ئۇچرايدۇ:

*كۆركلۈگ تونۇغ ئوزۇڭگە،*
*تاتلىغ ئاشىغ ئوزىنقا.*
*تۇتغىل قونۇق ئاغىرلىغ،*
*يازسۇن چاۋىڭ بوزۇنقا.*

*(مەنىسى—كۆركەم، چىرايلىق تونۇڭنى ئۆزەڭ كىي، تاتلىق*

*ئېشىگىنى باشقىلارغا بەر، مېھماننى ئىززەتلە، شۆھرىتىڭنى ھەممىگە يايسۇن)*

يۇسۇپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا مېھماننى ياخشى كۇتۇش ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

*4464. قىچىرماق بولۇرسەن ئەگەر كىشىنى،*
*قىچىر، ياخشى قىلغىن كۇتۇش ئىشىنى.*
*4465. سېلىپ كۆرپە، داستىخان، قاچا تازا قىل،*
*يېمەك ـ ئىچمىكىڭنى ئوبدان خىللىغىن.*

دەرۋەقە، ئۇيغۇرلار «مېھمان كەلسە بەخت كېلىدۇ»، «مېھمان كەلسە ئۆيگە بەرىكەت ياغىدۇ»، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ھەر قانداق ئائىلە مېھمان كەلسە كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئەڭ ئېسىل تاماق تەييارلاپ كۇتىدۇ. قىسقىسى، «تاپقىنى قوي ئۆلتۇرەر، تاپالمىغىنى چۆجە ـ خوراز» دېگەندەك، ھەربىر ئائىلە ئۆزىنىڭ ھالىغا قاراپ، مېھماندىن ھېچنەرسىنى ئايىماي ساخاۋەت بىلەن داستىخان سالىدۇ.

ئىسلام دىنىدا قوشنىدارچىلىق بىر خىل ئەقىدە سۈپىتىدە ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ ۋە قەدىرلىنىدۇ. شۇڭلاشقا قاراخانىيلار دەۋرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى قوشنىدارچىلىقنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. نەتىجىدە قوشنىلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تاماق كىرگۈزۈش، يېڭى قوشنىلار كۆچۈپ كەلسە، كونا قوشنىلار ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ئۆيلىرىگە چاقىرىش، قوشنىلاردىن بىرەرسى كۆچۈپ كەتسە، باشقىلار ئۆيلىرىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇش ئادەتلىرى ئومۇملاشقان. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتى تەسىرىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يېڭىدىن روزا ھېيت ، قۇربان ھېيت قاتارلىق دىنىي بايراملار ھەم ئىسلام دىنى بىلەن باغلانغان بىر نەچچە خىل مۇراسىم پائالىيەتلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ خىل ھېيت ـ بايرام ۋە مۇراسىملار يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى مىللىيلىكنى شەكىللەندۇردى. ئومۇمەن ئالغاندا، قاراخانىيلار

دەۋرىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىگە ماس ھالدا مەلۇم ئۆزگىرىشكە ئىگە بولغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما بۇ ھەقتە كونكرېت ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز. پەقەت مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، سۈت ـ قايماق تۈرىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك تۈرلىرىدىن 11 خىلى، گۆش تۈرىدىكى يېمەكلىكلەردىن 13 خىلى، خاس ئاشلىق بىلەن تەييارلىنىدىغان تاماق تۈرلىرىدىن 19 خىلى، نان تۈرىدىن 14 خىلى، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر قاتارىدا مېۋە تۈرلىرىدىن 30 خىلى، ئىچىملىك ئورنىدىكى مېۋە شەربەتلىرىدىن 12 خىلى، سەي ـ كۆكتات تۈرلىرىدىن 13 خىلى تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ئومۇملاشقان يېمەك ـ ئىچمەك تۈرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ زور ئالاھىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. ئاشلىق تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنىڭ ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتۈپ، گۆش، سەي ـ كۆكتات ۋە مېۋە ـ چېۋە تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنىڭ قوشۇمچە قىلىنغانلىقى.

2 . يېمەكلىك تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللاشقانلىقى ۋە يېمەكلىك سۈپىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغانلىقى.

3. يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە قېلىپلىشىپ، مۇئەييەن سىستېما ھاسىل قىلىنغانلىقى، يەنى ئەتىگەن، چۈش ۋە كەچتىن ئىبارەت ئۈچ ۋاخلىق تاماق يېيىش ئادىتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى، ئادەتتىكى ئائىلە تامىقى، مېھمان تامىقى، ھېيت ـ بايرام تاماقلىرىنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ھالەتكە ئۆتۈشى.

4. ئوزۇقلىنىش جەھەتتىكى ئۇزاق ئەسىرلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بەزى تابۇ (پەرھىز) لارنىڭ ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن سۇغۇرۇلۇپ، ئوزۇقلىنىش ئېكولوگىيىسىنىڭ قايتا تەرتىپكە

سىلىنغانلىقى.

5. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تېبابىتىدىكى پايدىلىق ئامىللارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ، يېمەكلىكلەرنىڭ ھەم ئو-زۇقلۇق ھەم شىپالىق رولىغا تەڭ ئېتىبار بېرىلگەنلىكى، ئوزۇقلۇق ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ئىقتىدارىنىڭ كۈچەيگەنلىكى، فولكلورلۇق تېبابەت ئېڭىنىڭ كەڭ دەرىجىدە ئومۇملاشقانلىقى.

6. مەست قىلغۇچى ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچىش چەكلە-نىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ھەر خىل مېۋە شەربەتلىرى ۋە يېشىل ئىچىملىك-لەر (مەسىلەن، مەيزاپ، قىمىز، بوزا قاتارلىقلار) نىڭ ئىگىلىگەنلىكى.

7. ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە مىللىي خاسلىق روشەن گەۋدىلىنىپ، نان، پولۇ، مانتا، لەڭمەن، كاۋاپ قاتارلىق ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان شاھ تائاملار گەۋدىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇيغۇر تائاملىرى چەمبىرى ھاسىل بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش مۇھىتىدىكى پەرقى تۈپەيلىدىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان يەرلىك تائاملار بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيەت گۈلزارىنى بېيىتتى ۋە رەڭدارلىققا ئىگە قىلدى.

8. تاماق تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللىششىغا ئەگىشىپ، يېمەك ـ ئىچمەككە ئائىت سايمانلارمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى ۋە بۇ سايمانلار مىللىي خاسلىقنى گەۋدىلەندۈردى. مەسىلەن، تونۇر، ئوچاق، كۆسەي، لاخشىگىر، سۇپرا، ئاشتاختا، پۇزا، نوغۇچ، تۈكچە، رېپىدە، تەڭنە، قازان، داڭقان، تاۋا، ياغلۇغا (سەي قورۇيدىغان ساپلىق)، مانتا قازىنى (جىمبىل قازان)، داش قازان، چۆمۈچ، كەپكۈر، چويلا، قوشۇق، پىلتە لىگىنى، مىس لىگەن، قا-چا ـ قۇچا، چۆگۈن، ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا، چېلەك، كۈپ، ئىدىش، ياغ قاپىقى، تۇز قاچىسى، پىچاق، قىڭراق، كەكە، پالتا، ئەلگەك، داستىخان، كاۋاپدان، زىخ قاتارلىق نەچچە ئونلىغان تاماقتا ئالاقىدار سايمانلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە زور ئۆزگىرىشكە تولغان 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك

مەدەنىيىتى ئاساسەن ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالدى. لېكىن ئىچكى ـ تاشقى تەسىرلەر نەتىجىسىدە بەزى ئۆزگىرىشلەرمۇ يۈز بەردى. مەسىلەن، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ۋە سودا ئالاقىلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ تەركىبىگە ھەر خىل پېچىنە ـ پىرەنىك، تورت، باقالى قا- تارلىق تاتلىق ـ تۇرۇملار، قولداما، پەرمۇدە، بولكا قاتارلىق يېمەكلىكلەر رۇس، تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەردىن كىرىپ ئۆزلەشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، يەنە بۇ ئەسىردە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان باردى ـ كەلدى مۇناسىۋەت بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇنداق دوستانە مۇناسىۋەت تەسىرىدە ئىچكىرىنىڭ ھەر خىل سەي ـ كۆكتات، قورۇمى- لىرى شەھەرلەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ئادىتىگە سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. ئۈرۈمچىگە ئوخشاش مەركىزىي شەھەرلەردە ئاددىي مەيخانا (شوپاڭخانا) لار قۇرۇلۇپ، يەرلىك ئۇسۇلدا ئاشلىقتىن ئېچىتىلغان ئىچىملىكلەر سودىسى بارلىققا كەلدى. لېكىن ئۇنىڭ دائىرىسى ناھايىتى تار ۋە يوشۇرۇن ھالەتتە بولۇپ، مەيخانىغا كىرىدىغان ئۇيغۇرلار سېزىلىسە جەمئىيەت تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلىنەتتى. ئاغزاكى مەلۇماتلارغا ئاساس- لانغاندا ، 30 — 40 ـ يىللاردا ئۈرۈمچىدە توققۇز ئورۇندا، غۇلجا شەھىرىدە بەش ئورۇندا، قەشقەردە بەش (قەشقەر شەھەر ئىچىدە ئىككى، يېڭىشەھەردە ئۈچ) ئورۇندا، ئاقسۇدا ئۈچ ئورۇندا، خوتەندە تۆت ئورۇندا، تارباغاتايدا ئىككى ئورۇندا مەخسۇس مەيخانا قۇرۇلغان بولۇپ، خوجايىنلىرى ئاساسەن خەن- زۇلاردىن ئىدى. شۇ يىللاردا يەرلىك ھاراقلاردىن باشقا ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ۋوتكا (Vodka) ۋە كونياك ( يۇقىرى گرادۇسلۇق ئۈزۈم ھاراقلىرى) لارمۇ شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان، ئۇنى بىر قىسىم زىيالىيلار ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر مەخپىي ھالدا ئىستېمال قىلغان. ئاشپۇزۇللاردا ئاشكارا ھاراق ئىچىشكە يول قويۇلمىغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ باشقا قېرىنداش

مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا تۈپلۈك ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇنداق ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدىمۇ روشەن ئەكس ئەتتى، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ھۈنەر كەسپى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى تەرتىپكە سېلىندى ۋە ئىلمىيلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئىلھامى ئاستىدا يېمەك ـ ئىچمەك تۈرلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، مۇئەييەن كۆلەم ھاسىل قىلدى، يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىدە زور دەرىجىدە جانلىنىش ۋە گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كېلىپ، جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىي فورماتسىيىسىدە تۈۋرۈكلۈك كەسىپكە ئايلاندى. ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەكلىرى ئۆزىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، سان ۋە سۈپەت جەھەتتىكى رەڭدارلىقى، تەننەرخىنىڭ تۆۋەنلىكىدەك گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كەڭ خېرىدارلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ، خەلقئارادا جەلپكار كۆزنەككە ئايلاندى.

كونكرېت ئېيتقاندا، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن:

1. ئۇيغۇر يېمەكلىكلىرى كۆلەملىشىپ تۈر جەھەتتىن كۆپەيدى. بۇ ھالەتنى تۆۋەندىكىدەك سىخېمىلاش مۇمكىن:

## ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەكلىرىنىڭ كۆلەملەشكەن تۈرلىرىنىڭ سخېمىسى

| تەرتىپى | تىپى (گورۇپپىسى) | تۈر نامى | ئىزاھ |
|---|---|---|---|
| 1 | ئەكمەك (نان) | گىردە، توقاچ (ئۆي توقىچى، بازار توقىچى، سەپەر توقىچى)، كاكچا، ھەمەك (ئاراھەمەك، چوڭ ھەمەك)، شەربەت نان، گۆشنان، گۆشگىردە، شىرمان نان، خۇيلىما، كۆمەچ، جەۋەندە، زاغرا (قوناق نېنى)، قاتلىما، پوشكال، قۇيماق، ساڭزا | ماتېرىيالى — بۇغداي، قوناق، تېرىق ئۇنلىرى |
| 2 | سۇيۇق - سەلەڭ تائاملار | ئۇماچ، ئاتلا، ياما، شوۋىگۇرۇچ، ماشخوردا، ئاقئاش، سۇيۇقئاش (ئۇگرە، سارماچوق— «قۇشقاچ تىلى ئاش»، «مەنپەر ئاش، خولوپ ئاش، كەسمە، پوستلا ئاش، خۇيمەن)، كۆجە، ھۇمەلچاي | بۇغداي ئۇنى، قوناق ئۇنى، يارما، گۇرۈچ، گۆش، پىياز، چامغۇر، سەۋزە، شوخلا، لازا... |
| 3 | (1) قويۇق تائاملار (قورۇما تائاملار) | پولۇ، بەتتە، شويلا، گاڭپەن، ھېسىپ، سىڭدۇرمە | گۇرۈچ تەركىبلىك |
| 3 | (2) قويۇق تائاملار (قورۇما تائاملار) | لەڭمەن (سوزما لەڭمەن، كەسمە لەڭمەن، ياپىلاق لەڭمەن)، قولداما، چۆپ (كەسمە چۆپ، نېرىن چۆپ، يايما چۆپ، قورۇما چۆپ، ماش چۆپ، قايماق چۆپ)، بوسۇ، نان قورداق، ياپما، زاڭ، سىقماق، تالقان | ئۇن تەركىبلىك |
| 4 | گۆش (شورپا تىپىدىكى) تائاملار | ئاق شورپا، قورۇما شورپا، چەينەك شورپا، قىيما شورپا، قورداق، باش - شىراق، سۆڭەك شورپا، توخۇ شورپىسى، كەكلىك شورپىسى، ئۇلار شورپىسى، كەپتەر شورپىسى، ئۆردەك شورپىسى... | ئاساسلىق خورۇچى گۆش |
| 5 | قىيمىلىق تائاملار | مانتا (پېتىر مانتا، بولدۇرۇق مانتا، كاۋا مانتا، شېكەر مانتا، كۆك مانتا، رەڭلىك مانتا، بەسەي مانتا، جۇسەي مانتىسى)، چۆچۈرە، جۇۋاۋا، مۇندىلەك، سامسا، سامبۇسا (ياغ سامسا)، پەرمۇدە، خوشاڭ، تۇرمەل، پۆرە | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 6 | كاۋاپ تۇرىدىكى يېمەكلىكلەر | زىخ كاۋاپ، بەل كاۋاپ، قوۋۇرغا كاۋاپ، تاۋا كاۋاپ، قازان كاۋاپ، قىيما كاۋاپ، باراۋەت كاۋىپى، كۆممە كاۋاپ (قېرىن كاۋىپى)، دۇملىمە كاۋاپ، جىگەر كاۋىپى، بۆرەك كاۋىپى، بادام كاۋىپى، ئۈچەي كاۋىپى، پوستۇرما كاۋاپ، بېلىق كاۋىپى، باچكا كاۋىپى، قۇشقاچ كاۋىپى، توخۇ كاۋىپى، ئۆردەك كاۋىپى، دۇمبە ـ جىگەر، سۇرگۆش، قېزا | |
| 7 | تاتلىق ـ تۈرۈملار ۋە مۇراببالار | ھالۋا، قىيىقچە، تۇخۇم پوشكىلى، پېچىنە ـ پىرەنىك، باقالى، تورت، تۇش، بەلىش، ياڭاق ھالۋىسى، پەشمەت، ئەترەك، ئەنجۇر مۇراببىسى، بېھى مۇراببىسى، قارا ئۆرۈك مۇراببىسى، سەۋزە مۇراببىسى، قارىقات مۇراببىسى، چۇلە (ئۆرۈك قېقى مۇراببىسى)، شاپتۇل مۇراببىسى، ئەينۇلا مۇراببىسى، ئۈجمە مۇراببىسى، ئۈزۈم مۇراببىسى، چىلان مۇراببىسى، جىگدە مۇراببىسى | قوشۇمچە يېمەكلىكلەر |
| 8 | خام سەي ۋە قورۇما سەيلەر | ھازىرقى رېستوران مەدەنىيىتىدە بارلىققا كەلگەن كۆپ خىل مىللىي سەي تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ | |
| 9 | چاي ۋە ئىچىملىكلەر | قارا چاي (كۇرەك چاي)، پەمىل چاي، قىزىل چاي، كۆك چاي، گۈل چاي، زەپە چاي، ئەتكەن چاي (سۈتلۈك چاي)، قايماق چاي، تۇخۇم چاي، دورا ـ دەرمەك چاي، مېۋە چاي، مۇسەللەس، مەيزاپ، بوزا، قىمىز، شەربەت، ئۈزۈم شارابلىرى | (1) ئۇيغۇرلار چايخۇمار بولۇپ، چاينىڭ سۈپىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. چاي بىلەن مىجەزنى تەڭشەيدۇ. (2) مىللىي ئەنئەنىۋى ئىچىملىكلىرى |
| 10 | بېلىق تىپىدىكى سۇ مەھسۇلاتلىرى | يەرلىك بېلىقلار | باشقا تىپتىكى سۇ مەھسۇلاتلىرىنى يېيىشكە ئادەتلەنمىگەن |

2. ئۇيغۇر يېمەكلىكلىرى تاۋارلىشىپ، بازار ئىگىلىكىدە يۈت تىرەپ تۇرالايدىغان تۇۋرۇكلۇك كەسىپكە ئايلاندى. يېمەكلىك ساھەسىدە يېڭى تاۋار ماركىلىرى بارلىققا كېلىپ، خېلى يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەت ياراتتى. بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن خەلقنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ھەرقايسى شەھەرلەردە بىرقەدەر كۆلەملەشكەن مىللىي رېستورانلار ئارقا ـ ئارقىدىن كۆپلەپ قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە زامانىۋى تۇستىكى يىرىك يېمەك ـ ئىچمەك سورۇنلىرى بولماسلىقتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇر كارخانىچىلىرى ئىگىدارچىلىقىدىكى يۈرۈشلەشكەن چوڭ تىپتىكى رېستورانلاردىن ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەخمىنەن 50 تىن ئارتۇقى، قەشقەر شەھىرىدە باغ سەيلىگاھلىرىنى قوشقاندا 30 غا يېقىنى، غۇلجا شەھىرىدە 20 دىن ئارتۇقى بار. ھەتتا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ناھىيە بازارلىرىدىمۇ 2 ـ 3 تىن رېستوران قۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇيغۇر يېمەكلىك بازارلىرى سىرتقا يۈزلىنىپ، بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، شېنجېن، چېڭدۇ، كۇنمىڭ، نەنىڭ، لەنجۇ، شىئەن، داليەن، خاربىن ... قاتارلىق ئېلىمىزنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە، ئىستانبۇل، موسكۋا، يېڭى سىبىرىيە، ئالمۇتا، تاشكەنت، بىشكەك، ئىسلامئابات قاتارلىق چەت ئەل شەھەرلىرىدە نەچچە ئونلىغان ئۇيغۇر تائاملىرى رېستورانلىرى قۇرۇلغان. يېڭى قۇرۇلغان ۋە قۇرۇلۇۋاتقان ئىس ـ تۈتەكسىز تېز تاماقخانىلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بەزىلەرنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ سودىسى يېمەك ـ ئىچمەككە مەركەزلەشكەن» دېگەن سۆزلىرى بىكار ئەمەس. دەرۋەقە، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى ھەممىدىن تېز بازارغا يۈزلىنىپ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتتە قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. رېستوران مەدەنىيىتىنى گەۋدە قىلغان بۇ يېڭى يۈزلىنىش جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي فورماتسىيىسىدە ئۆزىنىڭ ئىككى ياقلىمىلىق رولىنى نامايان قىلدى.

1) بازارنى جانلاندۇرۇپ، ساياھەت ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى

پايدىلىق شەرت ـ شارائىتلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

2) دۆلەتنىڭ باج كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت مالىيىسىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە تېگىشلىك ھەسسە قوشتى.

3) ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتى.

4) تاماق تۈرلىرى كۆپىيىپ، يېمەك ـ ئىچمەك ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى يول ئېچىلدى.

5) يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى جەھەتتە مىللىي ئورتاقلىقنى ئالغا سۈرۈپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدىكى پايدىلىق ئامىللارنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى سەمرىتتى.

6) ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بېزەكچىلىك سەنئىتىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش ۋە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

7) ئۇيغۇر رېستورانلىرىنىڭ كۆپچىلىكى مۇزىكىلاشقان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەم ماددىي ھەم مەنىۋى ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىدىغان يېڭى ۋەزىيەت شەكىللەندى. رېستوران ئوركېستىر ئەترەتلىرى ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

8) توي ـ تۆكۈن ۋە باشقا ئاممىۋى مۇراسىم پائالىيەتلىرى، ئۆزئارا مېھماندارچىلىق چايلىرى رېستورانلارغا يۆزلىنىپ، ئائىلە «خوجايىنلىرى»نىڭ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئائىلە ئەمگىكى يېنىكلەشتى، كىشىلەرنىڭ ئەمگەك ۋە ۋاقىت ئېڭى كۈچەيدى، قىممەت قارىشى جەھەتتە بەلگىلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىندى.

يېڭى شەيئى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن رېستوران مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەۋزەللىكلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان بەزى پاسسىپ ئامىللارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم. ئالايلۇق:

1) رېستورانلىشىش ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپچىلىق خاھىشلىرىنىڭ ئەدەپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى. ۋەھالەنكى، بۇ ئەسلىدە رېستوراننىڭ

سەۋەنلىكى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ خېرىدارلىرىنىڭ ئاڭ ۋە ساپا جەھەتتىن مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق نورمىلىرىدىن ياتلىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. مەلۇمكى، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك فولكلور ئەنئەنىسىدە ھەشەمەتچىلىك ۋە ئىسراپچىلىق ئەڭ يامان ئادەتلەر قاتارىدا ئەيىبلىنىپ كەلگەن. خەلقىمىز ئارىسىدىكى «ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت»، «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن»، «بىر تال دان — بىر تامچە قان»، «بار دەپ تۆكمە، يوق دەپ كۆپمە»، «ئاش قەدرىنى بىلمىسەڭ، ئاچلىق بېرەر جاجاڭنى»، «باردا پولدۇرۇڭ، يوقتا قاراپ ئولتۇرۇڭ» ... قاتارلىق ماقال ـ تەمسىللەر بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. دەرۋەقە، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز «ناننىڭ ئۇۋۇقىغا دەسسەپ سالسا يامان بولىدۇ» دەپ قاراپ، ئاش ـ ناننىڭ بىر تال ئۇۋۇقى چۈشۈپ كەتسە يەردىن تېرىپ ئېلىپ «بىسمىللا» دەپ ئاغزىغا سالىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك قالدۇقلىرىنى ھەرگىز خالىغان يەرگە تۆكمەيدۇ، ئالدىغا كەلگەن تاماقنى توخۇدەك چېچىپ يېيىشنى ئۇياتلىق ئىش، دەپ قارايدۇ. ئەمما بۈگۈنكى رېستوران مەدەنىيىتى دەۋرىدە بۇ ئېسىل ئەنئەنىلەر ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇپ، ھەددىدىن ئاشقان ئىسراپچىلىق خاھىشلىرى باش كۆتۈردى. شەھىرىمىزدىكى مەلۇم بىر رېستوراننى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھەر كۈنلۈكى ئىسراپ بولۇپ چوشقا، كالىلارغا «يەم» بولىدىغان ياكى ئەخلەتخانىغا تۆكۈۋېتىلىدىغان ئېسىل تائاملار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈندە 200 — 300 كىلوگرامدىن ئېشىپ كېتىدىكەن. شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، ئايدا 6000 كىلوگرام، يىلدا 72 مىڭ كىلوگرام يېمەك ـ ئىچمەك بىھۇدە ئىسراپ بولىدىكەن. بۇنداق رېستورانلاردىن بىزدە قانچىسى بار؟ بىزدە تېخى «قورساق توق، كىيىم پۈتۈن» بولۇش تولۇق ئەمەلگە ئاشمىغان شارائىتتا، بۇنداق ئىسراپچىلىقنى ھەتتا يەر ـ زېمىنمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ. ئىسراپچىلىق بايلىقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. مال ـ دۇنياسى بىزدىن ئاللىقانداق ئۈستۈن تۇرىدىغان غەرب ئەللىرىدە سۇنئىي ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بۇيۇملارنى ئىسراپ قىلسا بولىدۇكى، يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقىنى ھەممە كىشى بىردەك ئەيىبلەيدۇ. چۈنكى يېمەك ـ ئىچمەكنى سۇنئىي يول بىلەن زاۋۇتتا

ئىشلەپچىقارغىلى بولمايدۇ. ئۇ ئەمگەكچىنىڭ ھالال قان ـ تەرىنىڭ مېۋىسى، دۇنيانىڭ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى، شۇڭا يەر ـ زېمىننىڭ بۇ مۇقەددەس نېمىتىنى تار دائىرىدە بىر شەخس، بىر مىللەت، بىر ئەلگە تەۋە دەپ قاراپ، ئۇنى خالىغانچە بۇزۇپ ـ چېچىشقا قەتئىي يول قويۇلماسلىقى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دېگەن: «ئىسراپ قىلماي، چوڭچىلىق قىلماي يەڭلار، ئىچىڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار». ①

چىڭلوڭ زامانىسىدا خاننىڭ بىر ۋاخلىق غىزاسى ئۈچۈن 300 خىل قورۇما تەييارلىنىدىكەن. مۇتلەق كۆپ قورۇمىلارغا خاننىڭ چوكىسى تەگمەي ئىسراپ بولىدىكەن. بۈگۈنكى دەۋر ئۆتمۈشتىكى خان ـ بېگىملەردەك ئەمگەكچىنىڭ قېنىنى شوراش بەدىلىگە ئۆزىنى سەمرىتىدىغان دۇنيا ئەمەس. شۇڭا ھەر بىرىمىز رېستوران مەدەنىيىتىگە ماس كېلىدىغان يېڭىچە ئاڭ بولۇش زۆرۈرىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك.

2) رېستوران قىزغىنلىقى بىر قىسىم ياشلارنى ئۆزىگە رام قىلىۋېلىپ، مەدەنىيەت ئېڭى جەھەتتە ئەنئەنىۋى مىللىي ئەخلاق نورمىلىرىدىن ياتلىشىش كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇپ قويدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدە بىر جوزىدا ئەر ـ ئاياللار ئارىلاش ئولتۇرۇپ، بىر ـ بىرىگە بېقىشىپ تاماق يەيدىغان، تاماقتا جور قىلىپ ئەر ـ ئاياللار ھاراق رومكىسىنى سوقۇشتۇرۇپ ئىچىشىدىغان ، ھاراق ئەقلىنى كەسكەندە مۇزىكىلىق قۇچاقلاشما «جەڭ» قىلىدىغان شەھۋانىي قىلمىشلار مۇتلەق يوق ئىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە رېستورانلارنىڭ ئالاھىدە بېزەكلەنگەن ئايرىمخانىلىرى ئۆچىرەت بىلەن تالىشىدىغان «قىزىق نۇقتا» غا ئايلىنىپ قالدى. مودىغا ئايلانغان بۇ ئايرىمخانىلار بەزىمىسى قىز ـ يىگىتلەر جەم بولمىسا بولمايدىغان، ئىچمىسە ـ چەكمىسە بولمايدىغان، بىر ـ بىرىگە بېقىشىپ تانسا ـ ئۇسسۇل ئوينىمىسا بولمايدىغان «ئۇچ

① « سەھىھۇلبۇخارى ۋە قەستەلانى شەرھى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 279 ـ بەت.

بولماسلىق» نىڭ سېھىرلىك ماكانى بولۇپ قالدى. شارابنىڭ كۈچى بىلەن مەرد بولۇۋالغان يىگىتلەرنىڭ يانچۇقى قۇرۇقدىلىنىپ، ئەتىسىدىن باشلاپ «ناسىۋال قاپاقنا نان بارمۇ» دېگەندەك «بىچارە» هالغا چۈشۈپ قېلىپ، ھەممىگە ئايان بولغان «ئائىلە تراگېدىيىلىرى» نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۆزلۈك ئېڭى جەھەتتىكى ئالا كۆڭۈللۈك ئەخلاقىي بۇزۇلۇشقا سەۋەب بولدى. دەرۋەقە، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان بۇ ھادىسىلەر جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي يۈنىلىشىگە نىسبەتەن قىسمەنلىك ھېسابلانسىمۇ، لېكىن بۇ يامان سۈپەتلىك ئۆسمىگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. مىللىي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى مىللەتنى زەبۇنلۇققا ئېلىپ بارىدۇ.

3) رېستوران مەدەنىيىتى كىشىلەرنىڭ نورمال ئوزۇقلىنىش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، سېمىزلىك كېسىلى، قان بېسىم، دىئابىت، مەزى بېزى ياللۇغى، قان قېتىشىش، ئۆت ياللۇغى ... قاتارلىق كۆنسېرى كۆپىيىۋاتقان كېسەللىكلەرنىڭ نىسبىتىنى ئاشۇرۇۋەتتى. ئەلۋەتتە بۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەدەپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى رېستورانغا ئارتىپ قويغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن زىيادە يەپ ـ ئىچىشنىڭ سالامەتلىككە كەلتۈرىدىغان زىيانلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ.

دېمەك، دەۋر تەرەققىياتىغا ماس ھالدا يېڭىدىن ئۆزگىرىۋاتقان يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن ساپا جەھەتتە يېتەرلىك تەييارلىق بولۇشى كېرەك. ئاڭ، تەپەككۇر جەھەتتىكى نامراتلىق، مەدەنىيەت ساپانىڭ يەنىلا تۆۋەنلىكى يۇقىرىقىدەك غەيرىي ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىكى مۇھىم سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. مەدەنىيەت ئىنسانغا خاس ئۇقۇم بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلىنىدۇ. «كېيىك ئاچ قالماسلىق ئۈچۈن كۆكتات يەيدۇ، ئەمما بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرمەيدۇ. شىر ئاچ قالماسلىق ئۈچۈن كېيىكنى يەيدۇ، ئەمما بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرمەيدۇ. ئادەم كۆكتاتنىمۇ يەيدۇ، كېيىكنىمۇ يەيدۇ؛ كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن شىرنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ،...

كېيىن ئۇرۇش قىلىپ بىر ـ بىرىنىڭ بېشىنى يەيدۇ.» ① بىز ئەنە شۇنداق بىر ـ بىرىمىزنىڭ بېشىنى يەيدىغان قىسمەتكە دۇچ كەلمەسلىكىمىز ئۈچۈن، ئاخىرقى ھالدا دۇنيانىڭ بايلىقلىرىنى قوغدايدىغان مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە بولۇشىمىز زۆرۈر. ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان « بىر تال دان — بىر تامچە قان» دېگەن روھ بىز ئۈچۈن ئەسىرلەرنىڭ ساداسى، ئۇزاق ئۆتمۈش بىلەن ھەمنەپەسلىك ھېسسىنى ئويغاتقۇچى مەڭگۈلۈك چاقىرىق.

## § 2 . كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر

كىيىم ـ كېچەك ئادەمنىڭ ئەڭ ئاساسلىق زىننىتى، شۇنداقلا گۈزەللىك روھىنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مىللىي خاسلىقنىڭ ئەڭ يارقىن نامايەندىسىدۇر. بىر مىللەت تۇركۇمىنىڭ كىيىم ـ كېچەكنى مەركەز قىلىپ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە شەكىللەندۇرگەن ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى شۇ مىللەت تۇركۇمىنىڭ ئۆزىگە خاس كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۇرىدۇ. كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى مەدەنىيەتنىڭ باشقا فورماتسىيىلىرىگە ئوخشاشلا بىر خىل ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي ھادىسە بولۇپ، ئۇ ھەم ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق سۇبيېكتىپ ئىدىيىسىنى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرىدىغان تەبىئەتتىن ھالقىش خاراكتېرىگە، ھەم ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە دائىم گەۋدىلىنىدىغان ئورتاقلىق خاراكتېرىگە ئىگە كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى، شۇنداقلا يەنە كۆپ مەنىۋىلىك ئېتنىك ۋارىسچانلىقى، سىمۋول ـ بەلگە خاراكتېرىگە ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشچانلىقىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. بىر مىللەت كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش ئەھۋالى ۋە ھەرقايسى دەۋرلەردىكى

① ئۆتكۈر ھاشىموف:« تەپەككۇر تامچىلىرى »، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1999 ـ يىلى 2 ـ ، 3 ـ سان.

كىيىم ـ كېچەكنى مەركەز قىلىپ شەكىللەندۈرگەن فولكلور ھادىسى-لىرى ئارقىلىق شۇ مىللەت تۇركۇمىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىكى يۈكسىلىش ئەھۋالىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. مىللىي كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ مەلۇم بىر دەۋردىكى ئۆزگى-رىش ئەھۋالى ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ تارىخىي تەسۋىرى ۋە ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇنلىرى توغرۇلۇق چۈشەنچە بېرىش تەتقىقات تېمىسىنى تېخىمۇ كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىدۇ. شۇ مەنى-دىن، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئۆزگى-رىش ئەھۋالى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەدەنىيەت مەز-مۇنلىرى ۋە تارىخىي تەسۋىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرسىز روشەنلىككە ۋە ئېنىقلىققا ئىگە بولمايدۇ.

* * *　　* * *　　* * *

ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ئۇزۇن تارىخقا ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى، جەمئىيەتنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسى داۋامىدا، ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەتكە ئاسا-سەن ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ، مۇكەممەللىشىپ ھەم رەڭدارلىشىپ، كۆچلۈك مىللىي تۈسكە ئىگە بولغان، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ جىنس ئايرىمىسى، ياش قۇرام پەرقى، تەبىئىي شارائىتى ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىغا مۇناسىپ ئۆزگىچە ئەنئەنە شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقىنىڭ مۇھىم تار-مىقى سۈپىتىدە، ئۇنىڭ شەكىللىنىشىنى خاسلىققا ئىگە قىلغان مەدە-نىيەت ئامىللىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تەرەپكە خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، تەبىئىي جۇغراپىيىۋى شارائىت: ھەممىمىزگە مەلۇم، ئىنسانىنىڭ مەلۇم بىر خىل كىيىم ـ كېچەك ماتېرىيالىنى ۋە پاسونىنى تاللىشى ئۇنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىۋى شەرت ـ شارائىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئىنسانىيەت كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىكى بۇ خىل

ئورتاقلىق تەبىئىي يوسۇندا يەنە ھەرقايسى مىللەت كىيىم ـ كېچەكلى-
رىنىڭ خام ماتېرىيالى ۋە پاسون ئالاھىدىلىكى جەھەتتىكى خاسلىقىنىڭ
شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بېرى كىيىم ـ كېچەك قۇرۇلۇشىغا ئالا-
ھىدە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە شۇ يوسۇندا ئۆزگىچە مەدەنىيەت فورماتسى-
يىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشى مۇقەررەركى، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ياشىغان
تەبىئىي جۇغراپىيىۋى شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى شىنجاڭ
ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىزدىن يىراق،
ھاۋاسى قۇرغاق، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، ھاۋا-
رايى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشى تېز، جۇدۇن، شامال، بوران كۆپ،
قىش بىلەن يازنىڭ پەرقى چوڭ بولغاچقا، بۇ يەردىكى كىشىلەر قۇرغاق-
چىلىققا، چۆل ـ باياۋان ۋە ھەر خىل ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن
مۇكەممەل ۋە يۇرۇشلۇك كىيىم ـ كېچەك تۈرلىرىنى بارلىققا كەلتۈر-
گەن. ئەگەر تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنى پاسىل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ جۇغرا-
پىيىۋى شارائىتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى-
دىكى يايلاق رايونى ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىق رايونى-
دىن ئىبارەت ئىككى تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك رايونغا بۆلۈنگەنلىكىنى
ھېس قىلىمىز.

تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈ-
كىنىڭ يايلاق بۆلىكىگە توغرا كېلىدۇ. يەر شارائىتى تەكشى، سۇ ـ چۆپ
مول بولۇپ، قەدىمدىن بېرى يايلاق مىللەتلىرىنىڭ سەلتەنىتىگە ھەمراھ
بولۇپ كەلگەن ۋە شۇ ئاساستا خاسلىققا ئىگە يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ شە-
كىللىنىشىگە ئاساس بولغان. يايلاق تۇرمۇشىدىكى تەبىئىي جۇغراپىيىۋى
شارائىت ۋە يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆچۈشى بۇ يەردىكى كى-
شىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك ماتېرىيالى ۋە پاسونىنى تاللاشتا ئۇنىڭ
سوغۇق ۋە نەملىكتىن ساقلىنىش، شامالدىن دالدىلىنىش، شۇنداقلا دا-
لىدىكى تۇنەش، يىراق سەپەردىكى قولايلىقلىق ئالاھىدىلىكىگە ئالاھىدە
ئەھمىيەت بېرىشىگە سەۋەب بولغان. يايلاق تۇرمۇشىدىكى ھەر خىل

ھايۋانات تېرىلىرىنى ئاساس قىلغان مول كىيىم ـ كېچەك خام ماتېرىيالى ئۇلارنىڭ ئالدى بىلەن ئويلىشىدىغان خام ماتېرىيال مەنبەسىگە ئايلانغان ھەمدە تارىخىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە خام ماتېرىيال تەييارلاشتىن پىششىقلاپ ئىشلەشكە بولغان سىستېمىلىق كىيىم ـ كېچەك تەييارلاش ھالقىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئاساستا يايلاق مىللەتلىرىنىڭ نىسبەتەن ئورتاق بولغان كىيىنىش ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. يەنى ئۇچىسىغا ھايۋانات تېرىسىدىن ئىشلەنگەن ئۇزۇن تون ياكى چاپان ـ ئىشتان ، بېشىغا ئۇچلۇق ياكى يۇمىلاق شەكىللىك قالپاق ياكى تۇماق، پۇتىغا ھەر خىل ھايۋانات تېرىلىرىدىن تەييارلانغان ئاياغ كىيىملەرنى كىيىش يايلاق تۇرمۇشىدا ئاساسىي يۈزلىنىشنى ئىگىلىگەن. چۈنكى يايلاق تۇرمۇشى ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ماتېرىيالى ۋە پاسونىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە يول قويمايتتى. ئەگەر بۇ يەردە تەييارلانغان كىيىم ـ كېچەكلەر يايلاق تۇرمۇشى تەلەپ قىلغان، ئەقەللىيسى سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش، تەننى ئىسسىق تۇتۇش رولىغا ئىگە بولمىسا، ھەر قانچە ئېسىل رەختلىك كىيىم ـ كېچەك نۇسخىلىرىمۇ يايلاق تۇرمۇشى تەرىپىدىن شاللىنىۋېتىلىدۇ. خەنزۇچە تارىخىي ۋەسىقىلەر ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان تاش بالباللار بۇ سۆزلىرىمىزگە دەلىل ـ ئىسپات بولالايدۇ.

تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىدىكى بوستانلىق رايون مۇنبەت تۇپراق، كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك، كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يايلاق رايونىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. تارىم دەرياسى ھامىي ئاساسىدا، غەربتىن شەرققە قاراپ بارلىققا كەلگەن قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، قارا شەھەر، كورلا بوستانلىقى، تۇرپان، قۇمۇل، خوتەن، چەرچەن ۋە كروران بوستانلىقى قاتارلىق تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك رايونلاردا ياشىغۇچى كىشىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچىكىدە قىشتا سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش، يازدا سالقىن بولۇش ئالاھىدىلىكى ھازىرلانغاندىن باشقا، يەنە شامالدىن دالدىلىنىش، قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ئېھتىياجىمۇ تەڭ نىسبەتتە ئېتىبارغا ئېلىنغان. بۇ رايوندا ياشىغۇچى

كىشىلەر دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن كىيىم ـ كېچەك خام ماتېرىيالى تەييارلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنى پىششىق ئىگىلەپ، كىيىم ـ كېچەك پاسونى ۋە ماتېرىيالىدا ئىنچىكە-لىك ۋە نەپىسلىك، كۆركەملىك ۋە سىپتىلىق ئۆلچەملىرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. كىيىم ـ كېچەك مەھسۇلات-لىرىدىكى بۇ خىل يۈزلىنىش مەيلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (646—840)، قوچۇ ئىدىقۇت خانلىقى (850 —1250) ۋە ياكى قاراخانىيلار خان-دانلىقى (9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە)، يەكەن سەئىدىيلەر خاندانلىقى دەۋرىدە بولسۇن، ئومۇمەن بىر خىل ئىزچىللىقنى ساقلاپ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى شە-كىللەندۈرگەن.

ئىككىنچى، كۆپ مەنبەلىك ئېتنىك ئامىل: يىپەك يولى مەيدانغا كەلگەندىن بېرى، نۇرغۇن مىللەتلەر بۇ زېمىندا ياشاپ، ئۆزىگە خاس مە-دەنىيەت ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەلگەن. مەيلى بۇ زېمىندىكى سىياسىي كۈرەشلەر قانچىلىك ئۆتكۈر بولسۇن، ياكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى قانچىلىك قويۇق ياكى سۇس بولسۇن، ئۇلار هامان بىر خىل مەدەنىيەت بەلگىسى بىلەن ئۆز ئىزلىرىنى خاتىرىلەپ كەلگەن. ئىنسانىيەت كىيىم ـ كېچەك تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، كىيىم ـ كېچەك ھەم تار مەنىدىكى مىللىيلىك خاراكتېرىگە، ھەم كەڭ مەنىدىكى ئومۇمىيلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇ بىر خىل ئىستېمال بۇيۇمى سۈپىتىدە ئۆز مىللەت كىشىلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپلا قالماس-تىن ، يەنە بىر خىل مودا فورماتسىيىسى سۈپىتىدە باشقا مىللەت كى-شىلىرى تەرىپىدىن تېزلىكتە ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىك ئېتنىك تەركىبلىرى ھەققىدە توختالغاندا، كىيىم ـ كېچەكنى باغلانما يىپ سۈپىتىدە قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن بىرلەش-تۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە يازما ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۇيغۇر

كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي قىياپىتى ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشىگە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك قاتناشقان قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، يەنە تارىختا ئۇيغۇرلار بىلەن قويۇق مەدەنىيەت ئالاقىسىدە بولۇپ كەلگەن يىپەك يولىدىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىگىمۇ مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تارىخىي تەرەققىيات تەرتىپى بويىچە قارىغاندا، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان مىللەتلەردىن ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇلار: ساكلار، چياڭلار، توخرىلار، تېلىلار، سوغدىلار، هونلار، تۈركلەر، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى، قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى قاتارلىقلاردۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان غەربىي يۇرتتىكى بۇ قوۋملارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى تارىختىن بېرى بىر خىل مەدەنىيەت ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كەلگەن. بۇ خىل ئىزچىللىق مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىك ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:

1) ئۆرە بۆككە بولغان ۋارىسچانلىق: ئۆرە بۆك قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدە ئىنتايىن مۇهىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشى بىر خىل ئالاھىدە مەدەنىيەت فورماتسىيىسى سۈپىتىدە، يىپەك يولىدىكى قەدىمىي مىللەتلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ كەلگەن. مەيلى تارىختا قانچىلىك چوڭ سىياسىي ئۆزگىرىش بولسۇن ياكى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشىدە قانچىلىك دەۋر بۆلگۈچ مۇساپىلەر بېسىلسۇن، غەربىي يۇرتتىكى قەدىمىي مىللەتلەر ئۆرە بۆككە بولغان قىزىقىشنى ياكى تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، ئۆرە بۆككە بولغان ئېتىقادنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن. غەربىي يۇرتتا بارلىققا كەلگەن ئۆرە بۆكلەرنىڭ شەكلىگە قارىغاندا، ئومۇمەن سىلىندىر شەكىللىك، ئىلمەك شەكىللىك، سوغا شەكىللىك ۋە تۆپىسى يۇمىلاق شەكىللىك ئۆرە بۆكلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۆرە بۆك ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات

نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، ئۆرە بۆكنىڭ مەۋجۇت بولۇشى يالغۇزلا ئۇنىڭ شەكلىدىكى غەيرىيلىك خاراكتېرىدىن ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى ئۆرە بۆك ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ئېتىقاد ئىزنالىـ-رىنىڭ تارىخىي خاتىرىسى ئىكەنلىكىدىن بولغان. بىر قىسىم تەتقىقات-چىلار ئۆرە بۆكنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇ-ياشقا ۋە ئوتقا بولغان ئېتىقاد قاتلىمىنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە چۈشەنسە، يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ئۆرە بۆكنىڭ شەكلىدىكى غەيرىيلىكنى شامان ئېتىقادلىرى بىلەن، بولۇپمۇ «ھاياتلىق دەرىخى» ھەققىدىكى ئېتىقاد ئىزلىرى بىلەن بىۋاستە باغلايدۇ. قەشقەر رايونىدىكى يەكەن ۋە يېڭىسار ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان«ئۆرە تۇماق» ياكى «پا-پاق» تىن ئىبارەت باش كىيىم شەكىللىرى قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەردە ئومۇملاشقان ئۆرە بۆك كىيىش ئادىتىنىڭ بىۋاستە ۋارىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ھەقتىكى دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە خەنزۇچە يازما ۋەسىقىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

2) تون، ئۆتۈك ۋە خەنجەر ئېسىشتىكى ئىزچىللىق: تون، ئۆتۈك ۋە خەنجەر ئېسىش ئىزچىللىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مەلۇم بىر خىل ئېتىقادنىڭ ئىزناسى دېگەندىن كۆرە، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ئوخشاش تەبىئىي شارائىتنىڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ تاللىشىدىن بول-غان دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان نۇقتا شۇكى ، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى بىلەن باغلىنىشلىققا ئىگە بولغان غەربىي يۇرتتىكى ساكلار، توخرىلار، تۇركلەر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدە، كىيىم ـ كېچەككە نەقىشلەنگەن ئورۇنلارنىڭ مەسىلەن، ياقا، پەش، يەڭ قاتارلىقلارنىڭ سىممېترىكلىكى ۋە بىردەكلىـ-كى ئورتاق تەبىئىي شارائىت ئاساسىدا شەكىللەنگەن نىسبەتەن مۇقىم بولغان ئېستېتىك زوقلىنىشنىڭ ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. بىز بۇ نۇقتىنى ئۇيغۇر سەھنە كىيىملىرىدىكى سىممېترىكلىككە ۋە ئىزچىل-لىققا ئىگە بولغان كىيىم ـ كېچەك گۈل نۇسخىلىرىدىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

3) ئۆرۈمە چاچقا بولغان ئىشتىياق: غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە ئۆرۈمە چاچ قويۇش بىر خىل مەدەنىيەت ئىزچىللىقى سۈپىتى بىلەن دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. ئۆرۈمە چاچنىڭ شەكىللىرى ياكى ئىككى ئۆرۈمە، ئۈچ ئۆرۈمە، ۋە ياكى كۆپ ئۆرۈمە شەكىللىرى بىلەن نىسبەتەن مۇقىملىقا ئىگە. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئىسلام دىنى شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىشتىن بۇرۇن، غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە ئوغۇل ـ قىز ئايرىلماستىن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئەنئەنىسىنىڭ بارلىقى مەلۇم. نۆۋەتتە، شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىدىلا بۇ خىل ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئەنئەنىسى ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت مەنىسىدە دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلىگەن. ئۇيغۇر قىزلىرى ئارىسىدا، ئۆرۈمە چاچنىڭ سانى ۋە شەكىللىرى ئارقىلىق شۇ قىزنىڭ نىكاھلىق بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى، پەرزەنتلىك بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى يوشۇرۇن سىمۋوللۇق مەنىدە ئىپادىلەيدىغان ئەنئەنىنىڭ بولۇشىمۇ بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسپاتلايدۇ.

ئۈچىنچى، كۆپ مەنبەلىك دىنىي ئېتىقاد ئامىلى: دىنىي ئېتىقاد بىر خىل جەمئىيەت هادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. دىنىي ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشى مۇقەررەر يوسۇندا بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادىتىگە شەكىل جەھەتتە ئاز بولمىغان پاسسىپ ياكى ئاكتىپ تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ئېتىقاد قىلغان شامان دىنى، زاروئاستىر دىنى، مانى دىنى، نېستورىئان دىنى، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ تەسىرىدە، ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى كىيىم ـ كېچەك سەنئىتى ۋە كىيىنىش ئادىتىدە ئوخشىمىغان دىنىي پەرقلەرنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، شامان دىنىدىكى ئېتىقاد ئىزلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك نەقىش نۇسخىلىرىدا ئەكس ئېتىشى، مانى دىنىدىكى دىنىي فورما — ئاق باش كىيىم ۋە ئاق پەرىجىنىڭ تەسىرى، بۇددا دىنى مۇخلىسلىرىدىكى چاچ چۈشۈرۈش

ئادىتى، ئىسلام دىنىدىكى ئاياللارنىڭ چۈمپەردىسى ۋە ئەرلەرنىڭ سەللىسى قاتارلىقلار كىيىم ـ كېچەكنىڭ دىنىي ئېتىقاد شەكلىدىكى مۇھىم رو- لىنى تەكىتلەيدۇ. گەرچە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغىلى 1000 يىلدىن ئاشقان ۋە بۇ جەرياندا ئىلگىرىكى ئېتىقاد ئىزلىرى سۇسلاپ، بىلگۈسىز دەرىجىدە يوقاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كىيىم ـ كېچەك سەنئىتى ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن ئېتىقاد ئىزلىرى دەۋر سىناقلىرىدىن ئوڭۇشلۇق سىرغىپ ئۆتۈپ، زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلىگەن ھەمدە ئىسلام دىنىي يېپىنچىسى، تۇرمۇش ئېھتىياجى ۋە ئېستېتىك ئۆلچەم شارائىتىدا ئۆزىنى ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلىگەن. شۇ مەنىدىن، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدە ئەكس ئەتكەن ئېتىقاد ئىزلىرىنى ئېنىقلاش ۋە تەتقىق قىلىش يالغۇز مىللەتشۇناسلىق جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى يەنە دىنشۇناسلىق جەھەتتىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۇقىرىقى تەھلىللىرىمىزدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تەتقىقات تېمىلىرى يالغۇزلا ئۇنىڭ تارىخىي تەسۋىرى ھەققىدىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە كىيىم ـ كېچەك تۈرلىرى ، رەڭ قۇرۇلمىسى، تۈپ نەقىش ئېلېمېنتلىرىنىڭ مە- دەنىيەت مەنىسى، بەل ئاسقۇ، يان ئاسقۇ، بويۇن ئاسقۇ، زىبۇ زىننەت بۇ- يۇملىرى، مۇراسىم كىيىم ـ كېچەكلىرى، كىيىم ـ كېچەككە ئالاقىدار پەرھىزلەر، ئەپسانە، رىۋايەتلەر ۋە تىل ئادەتلىرى، كىيىم ـ كېچەك ئاتال- غۇلىرى قاتارلىقلار ھەققىدىكى تەتقىقات مەزمۇنلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا ئۇ يەنە ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ ھازىرقى زامان كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ تەسىرىدىكى ئۆزگىرىشى ۋە ساقلىنىش ھالىتىنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

*** *** ***

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخىدا ، 20 ـ ئەسىردەك بۇنداق كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ئەسىر بولمىسا كېرەك. بۇ ئەسىر ئىنسانىيەتكە يالغۇز

ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنى «ئاتا» قىلىپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ ئىنسانىيەتكە ئىلىم ـ پەننىڭ بۈيۈك قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن تېخىمۇ ئېنىق ئۇقتۇردى. 20 ـ ئەسىرنىڭ چوڭ سەھنىسى دۇنيادىكى مىللەتلەرنى ئىلغار ياكى قالاق دەپ ئايرىپ ئولتۇرماستىن ، بىر ئورتاق مەيداندا ئۇلارنىڭ ئۆزئارا دىئالوگ ئېلىپ بېرىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. مەدەنىيەتلەر دىئا- لوگى ۋە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئالدى بىلەن ئىستېمال فولكلورىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. شۇ مەنىدىن، كىيىم ـ كېچەك مۇ- قەررەر ھالدا مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ «ۋاكالەتچى- سى» لىك رولىنى ئۆتەيدۇ. مەدەنىيەتلەر دىئالوگىغا قاتناشقان مىللەتلەر كىيىم ـ كېچەك ئارقىلىق يالغۇزلا بىر ـ بىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنى ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ۋاسىتىسىدا قارشى تەرەپنىڭ باشقا مەدەنىيەت مەزمۇنلىرىنى قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىقنى ئويلىشىدۇ. تۆپ مەنىدىن ئېيتقاندا، 20 ـ ئەسىردىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئېلىپ بارغان مەدەنىيەت دىئالوگىنى ئەمەلىيەتتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا، يەنى غەرب كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى بىلەن مىللىي كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى رەت قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش، تەسىر كۆرسىتىش، تارقىلىش ۋە ئومۇملىشىش قاتارلىق نۇق- تىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ھازىرقى زامان تۇرمۇش رىتىمىگە نىسبەتەن ماسلىشىشچانلىقىنىڭ يۇقىرىلىقى، تۇرمۇشقا قۇلايلىقى ۋە خىزمەتتىكى يارىشىملىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىك- لىرى بىلەن ئۇنىڭ «كاستۇم ـ بۇرۇلكا» دېگەن ئومۇمىي نامدا مىللىي كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىگە خىرىس ئېلىپ كېلىشى ۋە تەدرىجىي يوسۇندا مىللىي ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان خەلقئارالىق ئېقىمغا ئايلاندى. غەرب ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغار تېخنىكىسى، زامانىۋى ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە تەپەككۇر قېلىپى غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ

ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يەر شارىلاشقان كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيەت ئۆلگىسى بولۇشىغا تۈرتكە بولدى. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىش ياكى كىيىمەسلىك كىيىم كىيگۈچىنىڭ هازىرقى زامان ئىدىيىسىگە ئىگە بولغان ياكى بولمىغانلىقى، تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ زامانىۋى ئادەم بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان بىرەسمىي ئۆلچەملەردىن بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن باشلانغان 500 يىلغا يېقىن بېكىنمىچىلىك ۋە ئۆز ـ ئۆزىدىن مەستخۇش بولۇش مەزگىللىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، مەستخۇش هالەتتە 20 ـ ئەسىرنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. بۇ ئەسىردە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان دىئالوگىنى باشلاپلا قالماستىن، بەلكى يەنە جۇڭگودىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىم ـ كېچەكلەردىن هازىرقى زامان كىيىملىرىگە ئۆزگىرىشتەك كىيىم ـ كېچەك ئىنقىلابىنى بېشىدىن كەچۈردى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن سودا ۋە ئوقۇش مەقسىتى بىلەن چەت دۆلەتلەرگە چىققان بىر قىسىم ئالدىن ئويغانغان كىشىلەر غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىۋاستە ئىنكاسى بولغان غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرىنى زامانىۋى ئاڭ نۇقتىسىدىن تۇرۇپ تېزلىكتە قوبۇل قىلدى. غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرىدە ئىپادىلەنگەن فىزىئولوگىيىلىك گۈزەللىك ۋە ئالاهىدە گەۋدىلىنىدىغان فىگۇرا گۈزەللىكى يات ئەللەردە يۈرگەن ئۇيغۇر زىيالىي ۋە تىجارەتچىلىرى ئارىسىدا غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىش قىزغىنلىقىنى شەكىللەندۈردى هەمدە بۇنى زامانىۋى مەدەنىيەت سۈپىتىدە، ئۆز يۇرتلىرىدىكى كىشىلەرگە ئۇقتۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇلار ئۇستىگە كاستۇم ـ بۇرۇلكا، غەربچە شلەپە ۋە پارقىراپ تۇرغان شىبلىتلارنى كىيىپ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتقىنىدا، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ هەيرانلىق، ئەجەبلىنىش، هەتتا هاڭ ـ تاڭ قېلىش ۋە سۆيۈنۈش، هېيىقىش، چەتكە قېقىش، سوغۇق مۇئامىلىسىگە

ئۇچراشتەك قىسمەتلەرگە دۇچ كەلدى. غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن بولغان بۇ خىل مەدەنىيەت دىئالوگى 30 ـ يىللاردا شىنجاڭ رايونىدا ئەۋج ئالغان «جەدىتىزم» ھەرىكىتىدە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. كونا ئىدىيىلەر ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش، غەرب ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىن ئۆگىنىش ۋە مىللەتنى مەھكۇملۇق ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بۇ قېتىملىق مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەرىكىتى ئالدى بىلەن غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرى ئۇسلۇبىدا كىيىنىشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن باشلاندى. ھەتتا كېيىنكى تەرەققىيات نەتىجىسىدە غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن كىيىنىش ياكى كىيىنمەسلىك زامانىۋىلىق ياكى قالاقلىقنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەملەردىن بىرى بولۇپ قالغانىدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىش مۇھىم بەلگە قىلىنغان بۇ قېتىملىق مەدەنىي ئويغىنىش تاكى ئازادلىقتىن كېيىنكى 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىغا قەدەر داۋاملاشتى. بۇ جەرياندا زىيالىيلار قاتلىمى ئىلغار كۈچ سۈپىتىدە غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ئۈلگىسى ۋە تەشۋىقاتچىسى بولۇپ كەلدى، ھەتتا بۇ ۋەزىيەت جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ «قىزىل رەڭلىك ئوتلۇق دەۋرلىرى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئاق، سېرىق ۋە كۆك رەڭدە بىر تۈتاش كىيىنىشى» مودا بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدىمۇ ئۆز ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كەلدى. گەرچە بىر مەزگىل سىياسىي مۇھىت سەۋەبىدىن غەربچە كىيىنىش «كاپىتالىزمنىڭ بەلگىسى» سۈپىتىدە چەتكە قېقىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىسلاھات ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئارىسىدا يەنىلا ئۆزىنىڭ مودا ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كەلدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، ھازىرقى زامان ئۇچۇر ۋاستىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، ھازىرقى زامان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپلەپ كىرىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېڭىدا زور سىلكىنىش ۋە تەۋرىنىش پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ 90 ـ يىللاردىن بېرى تېخىمۇ گەۋدىلەنگەن يەر شارىلىشىش ۋەزىيىتى ۋە ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى ئۇيغۇرلارنىڭ، بولۇپمۇ شەھەر مۇھىتىدا ياشاۋاتقان مىللىي

تۇركۇمىنىڭ سىرتقى مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىشى ۋە قوبۇل قىلىشىنى تارىختىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن تېخىمۇ تېزلەتتى ھەمدە بۇ خىل يۈزلىنىش ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ھازىرقى زاماندا- كى ئۆزگىرىش ھالىتىنى رەسمىي يوسۇندا شەكىللەندۈردى. ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ ئۆزگىرىش يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە تەرەققىيات پۇرسىتى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئىلگىرى ۋە شۇ سەۋەبلىك ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ تەڭ نىس- بەتتە جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىغا قارىغاندا كۆپ تېز بولدى. بۇنى شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدىكى بۇ خىل تېز ئۆزگىرىشنىڭ رېئال سەۋەبىدىن تاشقىرى، يەنە ئەلۋەتتە ئۇنىڭ تارىخىي ئاساسى، بولۇپمۇ شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپلا سىرتقى مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىشتىكى كۆزنەكلىك رولىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن مىللەت ئاھالىسىنىڭ 80% نى ئىگىلىگەنلىكى ھەمدە ھا- زىرقى زامان ئالاقىلىشىش ۋاسىتىلىرى ۋە قاتناش ئەسلىھەلىرىنىڭ بىرقەدەر قالاق بولۇشى سەۋەبلىك، ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ غەرب كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىمۇ شەھەردە- كىلەرگە سېلىشتۇرغاندا نىسبەتەن ئاجىزراق بولدى ھەمدە ئومۇمىي جە- ھەتتىن ئالغاندا، بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلار نىسبەتەن ياخشى نىسبەتتە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ساقلىغۇچىسى ۋە داۋاملاشتۇرغۇ- چىسى بولۇپ كەلدى. ئەمما ئوبيېكتىپ جەھەتتىن كۆزەتكىنىمىزدە، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ھازىرقى زامان كىيىم ـ كېچەكلىرىگە ئورۇن بوشىتىشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئېقىمغا ئاي- لاندى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەر خىل ئەنئەنىۋى باش كىيىملەرنى كىيىش قىسمەن جەھەتتىكى (ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلار) ئومۇمىيلىقىنى ساقلاپ قالغاندىن تاشقىرى، باشقا ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك تۈرلىرى، مەسىلەن، چاپان ـ ئىشتان، چاچ ئۆرۈش ئادىتى ۋە ئاياغ كىيىم تۈرلىرى

ئالاھىدە ئېھتىياج سەۋەبىدىنلا بولمىسا، ئاساسەن كىشىلەر تەرىپىدىن كىيىلمەيدىغان بولدى. كىشىلەر كۆپىنچە ئومۇمىيلىققا ئىگە تەييار كىيىم ـ كېچەكلەرنى سېتىۋېلىپ كىيىشكە يۈزلەندى.

ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ هازىرقى زاماندىكى ئۆزگىرىشىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

1) كىيىم ـ كېچەك ماتېرىيالى ۋە رەڭگىگە بولغان تاللاش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى، تەييار كىيىم مەھسۇلاتلىرى ۋە مودا كىيىملەرنىڭ كۆپىيىشى، شۇنداقلا كىيىم پاسونىنىڭ غەربلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىشى. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى جەمئىيىتىدە بىر يۈرۈش كىيىم ـ كېچەكنىڭ پۈتۈپ چىقىشى كۆپلىگەن ئىش تەرتىپى ۋە كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ (مەسىلەن، ئاياغ كىيىمى ئۇچۇن ئېيتقاندا، كۆنچى، بوياقچى، موزدۇز قاتارلىق كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ تەرتىپلىك ئىش جەريانى) ئورتاق تىرىشىشى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇ مەنىدىن، ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك تۈرلىرىگە بولغان تەلەپنىڭ ئېشىپ بېرىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ تاللاش دائىرىسىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشى مۇقەررەر يوسۇندىكى تەمىنلەش تەلەپكە يېتىشمەسلىك ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك ئۇستىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ئۆز كەسپىنىڭ ئېتىبارىمۇ شۇ نىسبەتتە يۇقىرىلايدۇ. ئەمما هازىرقى زامان تەييار ۋە ئەرزان كىيىم ـ كېچەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن، كىشىلەرنىڭ تاللاش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، بۇرۇنقىدەك كۆپ ۋاقىت ۋە زېھىن تەلەپ قىلىدىغان ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك تۈرلىرىگە بولغان تەلەپمۇ تۆۋەنلەپ بارىدۇ، ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى ۋە يەر شارىلىشىشى ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ زامانىۋى كىيىم ـ كېچەكلەرگە ئورۇن بوشىتىش سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلىتىدۇ ۋە مۇقەررەر يوسۇندا ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلەرگە زامانىۋى كىيىم ـ كېچەك ئامىللىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈش تەلىپىنى قويىدۇ.

2) ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي

قىسمى بولغان مۇراسىم كىيىملىرىنىڭ كىيىنىش ئادىتىدىكى ئۆزگى-
رىشى. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر تارىختىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ مۇ-
راسىم كىيىملىرىگە ئىنتايىن ئېتىبار بېرىپ كەلگەن. چۈنكى ئىنسان ۋە
ئۇنىڭ ئۆمۈر مۇراسىملىرى قەدىمدىن بۇيان ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ
يادرولۇق مەزمۇنلىرى سۈپىتىدە تەكىتلىنىپ ، مۇراسىم كىيىملىرىنىڭ
ئۆمۈر مۇراسىملىرىدىكى گەۋدىلىك رولىمۇ شۇ نىسبەتتە مۇھىم ئورۇنغا
قويۇلۇپ كەلدى. مۇراسىم كىيىملىرىنىڭ مۇۋاپىق ئۆلچەمدە تىكىلىشى
ۋە بىرلىككە كېلىشى ئۆمۈر مۇراسىملىرىنىڭ مۇراسىم تۈسىنى تېخىمۇ
مۇقىملاشتۇرىدۇ، شۇنداقلا مۇراسىمغا قاتناشقۇچى كىشىنىڭ روھىي
ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتىلەرنىڭ
بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى مۇراسىم كىيىم-
لىرى شەھەرلەردىن سىرت كەڭ يېزىلاردا تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ
يىللىرىغىچە ئۆزىنىڭ بىر قەدەر نىسبىي تۇراقلاشقان كىيىلىش ھالى-
تىنى ساقلاپ كەلدى، ئەمما 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن، بولۇپمۇ ئوتتۇرا
مەزگىللىرىدىن باشلاپ زامانىۋى تەرەققىيات، غەربچە ئاڭ بىر خىل
نىسپىي تۇراقلاشقان كىيىنىش ھالىتىنىڭ ئورنىغا ئاستا ـ ئاستا غەربچە
كىيىنىش ئۇسلۇبىنى دەسسەتتى. توي ـ تۆكۈن مۇراسىملىرىدىكى
قىز ـ يىگىتنىڭ مۇراسىم توي كىيىملىرى قىزنىڭ ئاق رەڭلىك توي
كىيىمى، ئوغۇلنىڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىش شەكلىدە نىسپىي مۇ-
قىملاشتى ۋە كەڭ دائىرىلىك ئومۇملىشىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى.
ئەمما بۇ خىل ئەھۋال ئۆلۈم ـ يېتىم، خەتنە توي ۋە بۆشۈك توي مۇرا-
سىملىرىدىكى مۇراسىم ئىگىسىنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرىدە يەنىلا نىس-
بەتەن مۇقىم ھالدا ئەنئەنىۋىلىك ئامىللىرىنى ئۆزىدە كۆپلەپ ساقلاپ
كەلدى. مەسىلەن، قارىلىق باغلاش ئادەتلىرى، مېيىتنىڭ كىيىمسىز
ھالدا كېپەنلىنىشى، قارىلىق سۇندۇرۇش ئادەتلىرى، بۆشۈك
توي ۋە خەتنە توي مۇراسىملىرىدىكى ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە بالىنى
كىيىندۈرۈش، چاچ قويۇش ئادەتلىرى ۋە باشقىلار ئەنئەنىۋى كىيىنىش
ئادەتلىرىمىزنىڭ نىسپىي مۇقىم ئامىللىرى سۈپىتىدە ساقلىنىپ

كەلدى.

**خۇلاسە :**

بىز بۈگۈن ئەنئەنىۋى فولكلورشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كىيىم مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشىنى بەدەننى مۇھاپىزەت قىلىشتىن ئىبارەت بىئولوگىيىلىك ئېھتىياج بىلەن ئۆزىنى زىننەتلەشتىن ئىبارەت ئېستېتىك ئېھتىياجغا باغلاپ چۈشەندۈرگەنىدۇق. بۇ كىيىم مەدەنىيىتىنىڭ بىرلەمچى فۇنكسىيىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەم ماددىي ھەم مەنىۋى تەلەپ ئەكس ئەتكەن. بىز يەن ئەھلىلىرى ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلغان بۇ ئىككى ئامىلنىڭ پوتېنسىئال (ئىچكى) كۈچىنى قايتا شەرھلەپ ئولتۇرمايمىز. پەقەت ساغلام روھىي مەدەنىيەت تەقەززاسىدىن تۇغۇلغان يېڭى ئىزدەنمە قاراش سۈپىتىدە كىيىم مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىلەمچى فۇنكسىيىسى (ئىقتىدارى) ھەققىدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچى.

1. كىيىم — ئەخلاق، ھايا سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان مۇھەببەتلىك ۋە مۇرۇۋۋەتلىك نىكاھ ـ ئائىلە بىرلىكىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىككىلەمچى ۋاسىتىدۇر.

ئىنسانىيەت تارىخىدىن مەلۇمكى، ناھايىتى ئۇزاق مەزگىل داۋاملاشقان ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىدىكى ياۋايىلىق، ۋارۋارلىق باسقۇچىدا ئىنسانلارمۇ ھايۋانلاردەك كىيىمسىز ياشىغان؛ كېيىنرەك ئىنسانىي ئاڭنىڭ غىدىقلىشى بىلەن ئەۋرەتلىرىنىلا دەرەخ يوپۇرماقلىرى بىلەن يوشۇرىدىغان ھالەتكە كۆچكەن. لېكىن بۇمۇ ئەخلاقىي مىزاندىكى كىيىم ـ كېچەكنىڭ رولىنى ئوينىمايتتى. بۇنداق بىئو تۇغمىلىق ئوتلاپ يۈرگەن بىر توپ ئارىلاش جىنس ھايۋانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلغىنىدەك، ھايۋانىي شەھۋەتنى قوزغاپ، ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقا، ئاچا ـ سىڭىل، ئاكا ـ ئۇكا... ئوتتۇرىسىدىمۇ ھېچقانداق شەرم ـ ھايا چەكلىمىسى قويۇلمايدىغان «توپ نىكاھلىنىش» قاتمىسىنى روياپقا چىقارغان. ئىنساننىڭ گۆدەكلىك باسقۇچىدىكى بۇنداق تراگېدىيىلىك كومېدىيىگە سەۋەب بولغان ئامىل يەنىلا ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ ئىۋولىياتسىيىلىك تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرىنى

قاناتلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىق ماھىيىتىنى تېپىش يولىدا ئۇز-لۇكسىز ئىزدىنىش ئىستىكىنى قوزغىدى. ئاخىرى ئىنسان ئويلىغانلى-رىغا ئېرىشىپ، كىيىنىشمۇ خۇددى يېمەك ـ ئىچمەككە ئوخشاش ئىن-سانىنىڭ روھىيىتى ۋە جىسمانىيىتىنى قۇۋۋەتلەيدىغان، ھايۋانىي ھېس ـ تۇيغۇدىن پەرقلەندۈرىدىغان زۆرۈر ۋاستە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. بۇ-نىڭ بىلەن مەرىپەت دەۋرىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ، پەردىشەپلىك تەن ۋۇجۇدقا كەلدى. كىيىم بىلەن قورشالغان بەدەن ئۆزىنىڭ پىنھان گۈزەل-لىكىنى نامايان قىلىپ، يات جىنسلار ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەتلىك ھايات رىسالىسىنى تۈزدى. ئىنسانىي ئىستەك بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ رىسالىنىڭ مۇقەددىمىسى نىكاھتىن ئىبارەت ئائىلە مۇقەددەسلىكىگە ئۇلتاش بولدى. نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن تەشكىللەنگەن ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ھۈجەيرىسى سۈپىتىدە، كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنى كۈچەيتىپ، كىيىم مەدەنىيىتىمىزنى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە قىلدى. شۇڭا دۇنيادىكى بارلىق چوڭ دىنلارنىڭ ئەھكاملىرىدا دىن مۇخلىسلىرى بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى، ھەتتا بېشىدىن تاپىنىغىچە يېپىپ يۇرۇشنى ئىمان جۈملىسىدىن دەپ قارىدى. بولۇپمۇ ئىسلام ئەخلاقىدا كىيىنىشنىڭ قائىدىلىك ۋە مۇستەھكەم بولۇشى گۈزەل جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ، نامەھرەملىك (بەدەننى ئوچۇق قويۇش قىلمىشى) نى ئىمانسىزلىق ھېسابلايدۇ. بىزدىمۇ «ئاناڭنى داداڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە» دەيدىغان نەقىل بار، بۇ سۆزنىڭ ئىچكى مەنتىقىسى كىيىم — ئىنساننىڭ زىننىتى، ھايا — ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ تارازىسى ئىكەنلىكىنى، قىسقىسى پىنھانلىق ئىچىدە گۈزەل-لىك چاقناپ تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت.

دېمەكچىمىزكى، كىيىنىش مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى كى-شىلەرنىڭ گۈزەل ئىستىكىدە يېڭى سىلكىنىش پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى نىكاھتىن ئىبارەت بۇ ئۇزۇلمەس ھاياتلىق رىشتىسىگە باغلىدى ۋە ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنسانلىق قىممىتىگە ئىگە قىلدى. كىيىم مەدەنىيىتىنىڭ بۇ ئىككىلەمچى فۇنكسىيىسى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى

قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرغان زامان ۋە ماكاندا كىشىلىك ئەخلاق ۋە جەمـ-ئىيەت ئەخلاقى نۇرلىنىپ، سىجىل تەرەققىياتنىڭ ئاساسى بولدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان جايلاردا ئىجتىمائىي ئەخلاق بۇزۇلۇپ، هاياتلىق قىمـ-مىتىمىز ۋە تەقدىر ـ قىسمىتىمىز كەسكىن رىقابەت ـ خىرىسقا دۇچ كەلدى. كىيىم مەدەنىيىتىمىزنىڭ تۇتەكلىشىشىدىن روياپقا چىققان ئازغۇن ئىدىيە، چىركىن قىممەت قاراشلىرى زامانىنىڭ مەپتۇنكار ئېقىـ-مىغا ئايلىنىپ، ئېتىقادىمىزدا تېڭىرقاش تۇيغۇسىنى هاسىل قىلدى.

قايسىبىر پەيلاسوپ «كىيىم زۆرۈرىيىتى ئەخلاقىي زۆرۈرىيەتنىڭ ماددىيلىشىشى» دېگەن. مەنمۇ بۇ قاراشقا مايىل. كىيىنىش — ئەخلاقـ-نىڭ بىر مۇهىم مەزمۇنى سۈپىتىدە، پۈتكۈل مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدا يۇكسەك قىممەتكە ئىگە. دېمىسىمۇ تەننىڭ يالىڭاچ ياكى يېرىم يالىڭاچ هالەتتە بولۇشى ياكى كىيىملىرىمىزنىڭ هەددىدىن زىيادە تارىيىپ، ئۇ يەر ـ بۇ يەرنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى، يات جىنسلىقلار ئارىسىدا فىزىئو-نومىيىلىك غىدىقلىنىش ـ هاياجانلىنىشتەك بىنورمال شەهۋانىي هېسسىياتنى قوزغايدۇ. تەن ئايىنىسا، روهمۇ ئايىنىيدۇ، روه بۇلغانسا، تەنمۇ بۇلغىنىدۇ. مانا بۇ دىئالېكتىكىلىق قانۇنىيەت. كىيىملەر ئاساسەن دېگۈدەك ئېچىلغان، ئاتا ـ بالا ئېشەكتەك قىپيالىڭاچ بىر مۇنچىدا يۇرۇ-ۋېرىدىغان، هەتتا ئەكسىگە قايتىپ يالىڭاچ ياشاشنى تەشەببۇس قىلغان غەرب «ئىسيانكارلىرى» ئارىسىدا نىكاھ بوغۇچىنى بىكار قىلىش «شوئار»-نىڭ هىماتىدا ئىجتىمائىي ئەخلاق كرىزىسىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى، نىكاهسىز جىنسىي زوراۋانلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق جىنايەتلىرىنىڭ تىك سىزىق بويىچە ئۆرلەپ كېتىشى مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ. جەمئىـ-يەتكە چوڭقۇر نەزەر سالساق، كىيىم مەدەنىيىتىمىزنىڭ خىرەلىشىشى بىلەن روهىمىز ۋە جىسمىمىزنىڭ كۆنسېرى زەئىپلەشكەنلىكىگە دائىر پاجىئەلەرنى ماڭدامدا بىر ئۇچرىتىمىز. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ۋە بەدەن ئانتروپولوگىيىسى نۇقتىسىدىن ئۇنىڭ مەنبەسى ۋە ئاقىۋىتىنى ئىزدىسەك بىر كىتابقا ئۆل بولىدۇ. شۇڭا بۇ هەقتىكى يەشمىلەرنى كې-يىنكى سەهنىمىزگە ئامانەت قويىمىز.

دەرۋەقە، كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق تۈزۈلۈشىدىكى فۇنكسىيىلىك رولى بەھەيۋەتتۇر. بۇنىڭدىن شۇبھىلىنىش ھاجەتسىز. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ئىنسانلار ئارىسىدا يالىڭاچلىق تەكرارلىنىدۇ، ئىنسانىي مۇھەببەت، ھەۋەس سېزىمى قاشاڭلىشىپ، ھەممىگە پەرۋاسىز قارايدىغان ھايۋانىي مەخلۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە، ئەرلەردىكى جۇشقۇنلۇق، ئاياللاردىكى لاتاپەت، مېھىر، جەزبدارلىق خوراپ تۈگەيدۇ. ئەقەللىي ئادىمىيلىك ھېسسىياتى ئۆلگەن بۇنداق زەئىپ تەندىن ئۇلۇغۋار غايە ـ ئەخلاقىي قىممەت كۈتكىلى بولمايدۇ. ئەخلاق يىرتىلغان، پەردىشەپ تۈگىگەن يەردە ئىززەت، قىممەت، يېڭىچە گۈزەل تۇيغۇلار قالمايدۇ. كىيىنىشكە بولغان دۇرۇس ئەقىدە سۇنمىغان جايدا مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى نامايان قىلىپ، ئىككىلەمچى ئەخلاقىي قىممەت يارىتالايدۇ. ئەنئەنىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئائىلە، جەمئىيەتلەردىن ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىق ئەڭ كۆپ چىقىدۇ. شەھۋانىي ئوبيېكتلىرى يېپىلغان، يوشۇرۇلغان، غىدىقلىنىش سەزگۈلىرىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىنمىغان جەمئىيەت، مەدەنىيەتنىڭ مۇھىتى بىرقەدەر ساپ، جۇشقۇن، خاتىرجەم، مەنىۋى ھاۋاسى سۈزۈك، تېنى ھەر جەھەتتىن ساغلام بولىدۇ. روھىمىز تېنىمىزنى ئوراپ تۇرغان سىرتقى يېپىنچا بىلەن پاراللېل تۈز سىزىق بويىچە تەڭپۇڭ بولۇشى كېرەك. تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلسا، روھ بىلەن تەن توقۇنۇشۇپ، ئەخلاقىي دۇنيا زىددىيەتلەر جەڭگاھىغا ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە، ئەنئەنىۋى كىيىم مەدەنىيىتىمىز غەرب پىكىر ئېقىمىنىڭ غەيرىي تىپلىق بالىسىغا سېزىك بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش تەس.

كىيىنىش ئەخلاقىي ئېستېتىكىدىكى ناھايىتى نازۇك تېما، ئۇنىڭ نازۇكلىقىنىڭ ئۆزىلا ئىنسانىنىڭ شەرم ـ ھايالىق بولۇشىنى بەلگىلىگەن، يېپىنچاقلانغان بەدەن ھەقىقەتەن گۈزەللىككە، سېھرىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. مانا بۇ كىيىم مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىلەمچى فۇنكسىيىسىدىكى بىرىنچى نۇقتا.

2. كىيىم ـ كېچەك — مىللەتلەرنىڭ سىمۋوللۇق نۇسخىسىدۇر. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە مىللىي گەۋدە شەكىللىنىشكەندىن بۇيان

تەدرىجىي ھالدا كىيىم ـ كېچەكلەرمۇ مىللىيلىشىپ، شەكىل جەھەت-
تىن مىللەتلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۇرۇشنىڭ روشەن بەلگىسىگە
ئايلاندى. ئىقتىساد بىر قۇتۇپلىشىۋاتقان بۈگۈنكى ئېچىۋېتىلگەن دۇنيادا
كىيىم مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىشىشى مىللىي مەۋجۇتلۇقنىڭ
سەمەرىلىك ئىپادىسى سۈپىتىدە مىللەتلەرنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىدا تېخىمۇ
جۇلالىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت دۇنياسىدا مىللىي
روھقا ماس ئەنئەنىۋى كىيىنىش نۇسخىسىغا ئىگە بولمىغان مىللەت،
قوۋملارنى ئۇچراتقىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. گەرچە مىللەت
ئۇقۇمى بىلەن كىيىم ـ كېچەك ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك (=) بەلگىسى
قويۇشقا بولمىسىمۇ، كىيىم ئۆزىنىڭ ئىككىلەمچى فۇنكسىيىسى ئار-
قىلىق مىللەتنىڭ سىمۋوللۇق نۇسخىسى بولۇپ قالىدى. ئەنە قاراڭ،
ھەممىمىزنى زېرىكتۈرمەي ئىكران ئالدىدا رام قىلىۋالغان كورېيىنىڭ
«يەنە بىر كۆرسەم» (« 看了又看 ») ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە
فىلىمىنى كۆرگەندە، ھەممىدىن قىزىقارلىق، ھاياجانلاندۇرىدىغان ۋە
سۆيۈندۈرىدىغان كۆرۈنۈشلەر كورېيلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى توي، بايرام،
مۇراسىم پائالىيەتلىرىگە قاتناشقاندا كىيىنگەن مىللىي كىيىملىرىنىڭ
ھەيۋەتلىك ۋە سۇلكەتلىك كۆرۈنۈشى بولسا كېرەك. كورېيلىكلەرنىڭ
مىللىي روھىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ۋە ئىپتىخارلاندۇرىدىغان بۇ مىللىي
ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرى ئارقىلىق بىز ئۆزىمىزدىن يىراق تۇر-
غان بۇ مىللەتنى خېلى چوڭقۇر چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۇق.
ھەقىقەتەن، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىنى
مىللىي روھىنى قۇۋۋەتلىگۈچى ئەڭگۈشتەر سۈپىتىدە ئەتىۋارلايدىغانلىقى
بىزنى كۈچلۈك ئىلھاملاندۇرىدۇ ۋە تەسىرلەندۈرىدۇ ھەمدە ئۆزىمىز ھەق-
قىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. قاراڭلار، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان
رايونىدىكى دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ بىرەسمىي ئۇچرىشىش يىغىنى قايسى
دۆلەتتە ئېچىلسا، ئۇنىڭغا ئىشتىراك قىلغان ھەرقايسى دۆلەت باشلىقلى-
رى ساھىبخان دۆلەتنىڭ مىللىي فورمىسىدا كىيىنىش ئارقىلىق، ئۆز-
لىرىنىڭ شۇ ئەلگە بولغان ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە ئالىي ئېھتىرامىنى

ئىپادىلىگەن. بۇ يەردە  ئاددىيغىنا بىر يۈرۈش مىللىي كىيىم دۆلەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە دوستلۇقىنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى بولۇپ قالغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان بولسا كېرەك. ئېلىمىزنىڭ ساياھەتچىلىكنى ئاساس قىلغان 3 ـ كەسپى ئەڭ روناق تاپقان يۇننەن ئۆلكىسىدە 38 ئاز سانلىق مىللەت ياشايدۇ. بۇ مىللەتلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ نوپۇسى ھەتتا مىڭدىن ئاشمايدۇ. ئەمما بۇ تاغلىق ئۆلكىنىڭ قايسى كارىدورىغا كىرسىڭىز ئۆز ـ گىچە كىيىنىۋالغان خەلق توپىنى ئۇچرىتىسىز. ئۇلار بۇ ئىسسىق بەل ـ ۋاغنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىدىغان 30 گرادۇستىن يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق مۇھىتى ئىچىدىمۇ مەرۋايىتسىمان مارجانلار بىلەن زىننەتلەنگەن گۈمبەز شەكىلدىكى كۆركەم باش كىيىمىدىن تارتىپ بېلى مەھكەم باغلانغان جۇلالىق مىللىي كىيىملىرىنى رەتلىك كىيىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي روھىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئادەتلەنگەن. ئۇلارنىڭ كىيىم ئارقىلىق مىللىي ئەنئەنىسىنى قەدىرلەش ۋە قوغداش روھى ھەر قانداق كىشىنى ئىلھاملان ـ دۇرىدۇ ۋە سۆيۈندۈرىدۇ. بۇ مىللەتلەرنىڭ مىللىي  كىيىم ـ كېچەكلى ـ رىگە بولغان بۇنداق ھېرىسمەنلىكى زامان بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ئورتاق گۈللىنىشىگە قىلچە توسالغۇ بولمىدى، بەلكى دۇنيانى جەلپ قىلىپ ساياھەتچىلىك ئىگىلىكىنىڭ جانلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. دېمەك، ھەر قانداق مىللەت ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىنىش ئادىتى بىلەن قە ـ دىرلىك ۋە سۆيۈملۈك. مىللىي روھقا ئىگە ھەر قانداق كىشى ئەجدادلى ـ رىنىڭ تەۋەررۈكىگە ۋارىسلىق قىلالىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىشكە ۋە ئۇنىڭدىن ياتلىشىشنى «مۇناپىقلىق» دەپ ئەيىبلەشكە ھەقلىق.

ئۇنداقتا بىزنىڭمۇ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش مىللەت نۇسخىسى ـ دىكى ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىز بولغانمۇ؟ بۇ سوئالغا كەسكىن ھالدا «بولغان» دەپ ئېنىق جاۋاب بېرەلەيمىز. ئۇنداقتا ھازىر نېمىشقا بۇ ئەنئەنىۋى ئۇدۇمىمىزدىن ياتلىشىپ، غەربچە كىيىنىشكە مەپتۇنكار بولۇپ قالدۇق. بۇ ئىزتىراپلىق سوئال بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. باللىرىمىزنىڭ بۆشۈك تويى، خەتنە تويى، نىكاھ تويلىرى، ھەتتا بوۋاي ـ موماي لارنىڭ «كۈمۈش تويى»، «ئالتۇن تويى» لىرى ھەشەمەتلىك

سارايلاردا داغدۇغىلىق مۇراسىم شەكلىدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ. مىللىي ھېيت ـ بايراملىرىمىز تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدىن تارتىپ، يېزا ـ قىشلاق، شەھەرلەرگىچە ئومۇميۈزلۈك خاتىرىلىنىۋاتىدۇ. ھەتتا مىللىي ئادىتىمىزگە يات «مىلاد بايرىمى»، «ئاشىق ـ مەشۇقلار بايرىمى»... قاتارلىق بايراملارمۇ تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىردى. ئىش قىلىپ مىللىي تۇرمۇشىمىزدىكى ئاممىۋى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى كەلكۈندەك يامراپ كەتتى ـ يۇ، ئۇنىڭدا ئىپادىلىنىدىغان مىللىي روھىمىز قۇمغا سىڭگەندەك قۇرغاقلىشىشقا يۈزلەندى. مىللىي خاسلىق ئەڭ روشەن گەۋدىلىنىدىغان توي ـ تۆكۈن ۋە باشقا مىللىي مۇراسىملاردا كىيىدىغان كىيىملىرىمىز يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى نازىنىنلار ئىلاھى ۋېناسنىڭ يېرىم يالىڭاچ كىيىم فورمىسىدىن ئېشىپ كەتتى. تېخى ئۇيغۇر ئانىنىڭ سۈتى ئاغزىدىن تېمىپ تۇرىدىغان ئوغۇل ئۆزىنىڭ خەتنە تويىدىلا غەرب شاھزادىلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدا كىيىنىپ، چېركاۋ شامىنى كۆتۈرۈپ دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە « 生日快乐 » (Happy Birthday) نى ئىنگلىزچە خور قىلىپ توۋلايدىغان بولدى، ئۇنى ئاز دەپ بالىنىڭ ئانىسى ھۆسن تۈزەش «ساتىراشخانىسى» دا بىر كۈن ئۆچىرەت ساقلاپ چاچلىرىنى «ھولليۇۋود چولپانلىرى» دەك بۇدۇر قىلىپ، غەربنىڭ ئەڭ مودا كىيىملىرىدىن نەچچە قۇر ئالماشتۇرۇپ، مېھمانلارنىڭ كۆزىدىن «ئوت چاقنىتىۋېتىدىغان» بولدى (توۋا، خەتنە توي ئانىغا مەنسۇپمۇ ياكى بالىغىمۇ؟). بۇنداق كۈنسېرى غەربچە مودىلىشىپ كېتىۋاتقان يېرىم يالىڭاچ خېنىم، غوجاملار ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ بىردەك ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ، ھەممىمىز كۆڭلىمىزدە «چېكىدىن ئېشىپ كەتتى» دەپ ئىچىمىزدە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنساقمۇ، ئۇنى تۈزەشكە «داۋا» تاپالماي، ئاللادىن «ئىنساپ ـ تەۋپىق» تىلەۋاتىمىز. بەزى گېزىت ـ ژۇرناللاردا بۇنداق دورامچى «ئورانگوتان مايمۇن» لارغا نەشتەردەك سانجىلىدىغان ئۆتكۈر مۇلاھىزە ماقالىلىرىمۇ ئېلان قىلىندى، لېكىن كىشىنى تەسىرلەندۈرۈپ چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان بۇ شىپالىق «دورا» نىڭ كۈچى ئۇلارنىڭ ماگنىتلىشىپ قالغان ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كىرەلمىدى. مەن بۇنى يەنىلا قىسمەنلىك دەپ

قارايمەن. چۈنكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئۆزلۈك ئېڭىنى قوغداش يولىدا داۋاملىق بىلەن چۇقان سالغان «ماتا ساھىب» ① تەك ئەلسۆيەر ئوغلانلىرىنىڭ روھىنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى شۇكى، ئەل كۆڭلىگە ياقمىغان ئەخلەت ـ چاۋالار ھامان شاللىنىپ، دۇردانىلىرى تاللىنىدۇ. يېقىندا قۇمۇلدا ئېلىپ بارغان قىسقا مۇددەتلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش جەريانىدا قۇمۇلنىڭ توي ـ تۆكۈنلىرى ئەسلىدىكى ئەنئەنىسىگە قايتىپ، توي قىلغۇچى قىز ـ يىگىتلەر قۇمۇللۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىملىرىنى كىيىپ، ماشىنا بىلەن توي كۆچۈرۈشكە خاتىمە بەرگەنلىكىدىن ھەمدە بۇ ئەكسىگە قايتىش «ئۆزگىرىشى» دىن ئاۋام خەلق چەكسىز رازى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. بۇنداق روھىي ئۆزگىرىش باشقا رايونلاردىمۇ تەدرىجىي ئومۇملىشىۋاتقانلىقى مەلۇم. ئۈرۈمچىدە بىر ئۆمۈر كىيىم لايىھىلەش ۋە تىكىش بىلەن مەشغۇل بولغان ئاتاقلىق بىر تىككۈچى ئۇستامنىڭ ئوغلىنىڭ تويىدا توي ئىگىلىرى ئاتا ـ ئانىسىدىن مىراس قالغان نىلرەڭ بەقەسەم تونلىرىنى كىيىشىپ، تويغا كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى. كۆزگە سىڭىشلىك بۇ مىللىي تون ھەقىقەتەن ھەممىمىزنى قىزىقتۇردى، مېھمانلار بىردەك «ئەجەبمۇ يارىشىپتۇ، كېيىنەك تون بىلەن دوپپا» دەپ توي ئىگىلىرىنى مۇبارەكلەشتى ھەمدە شۇنداق سالاپەتلىك تونلارنى تىكىدىغان ۋە ساتىدىغان ئورۇنلارنىڭ كۆپرەك بولۇشىنى تىلەشتى. دېمەك، مىللىي روھقا موھتاج بولغان خەلقىمىز بىر مەزگىللىك گاڭگىراشتىن كېيىن ھامان توغرا يولنى تاپالايدۇ. شۇڭا ئومۇملۇق ئېچىدىكى قىسمەنلىككە قاراپلا «روھى ئۆچتى» دەپ مىللەتنى ئەيىبلەشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. بەزىلىرىمىز بۈگۈنكى كىيىم ـ

① «ماتا ساھىب» (1906 ـــ 1978) نىڭ ئەسلىي ئىسمى موللا مۇھەممەد ئوغۇز ھەمرايى بولۇپ، ئۇ قەشقەر كوناشەھەر تاشمىلىق يېزىسىدىن چىققان ئۇقۇمۇشلۇق ۋەتەنپەرۋەر زاتتۇر. ئۇ 1946 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە 3000 دەك ئىلغار پىكىرلىك كىشىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەجنەبىيلەرنىڭ مىللىي ئىگىلىكىمىزنى ۋەيران قىلىشقا ئورۇنۇشىدەك مەدەنىيەت باسمىچىلىقىغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزگەن. بۇ نامايىشچىلار ئاق چەكمەن، ئاق چوتادا بىر خىل كاستۇم ـ بۇرۇلكا، يوللۇق سۇلىمىدا گالستۇك تاقاپ، بېشىغا بادام دوپپا كىيگەن. شۇندىن باشلاپ «ماتا ساھىب» دېگەن لەقەم ئۇنىڭ ئىسمىغا ئايلىنىپ قالغان.

كېچەك مەدەنىيىتىمىزنىڭ توساتتىنلا غەربلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئاساسىدا يولغا قويۇلغان بازار ئىگىلىكىنىڭ «سوۋغىسى» دەپ قارايمىز. دەرۋەقە، ئوزاق مۇددەت بېكىنمىچىلىك ئىچىدە بۇرۇقتۇما بولغان خەلق روھىي جەھەتتىن ھەممە نەرسىگە بىر خىل قىزىقىش بىلەن قارايدۇ ـ دە، پسىخىكىسىدا يات نەرسىلەرگە ئاسانلا «ئەسىر» بولۇپ قالىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. لېكىن بۇنداق بىردەملىك قىزىقىشنىڭ سەۋەبكارى بازار ئىگىلىكى ئەمەس، ئەقلىي تەپەككۇرى نورمال كىشىلەر ھېچقاچان ئۇنداق دېمەس. شۇڭا ئۇنىڭ سەۋەبىنى يەنىلا مىللىي روھنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىن ئىزدىگەن تۈزۈك. بەرھەقكى، شەيئىلەر ئۆزگىرىشىدە سەۋەب بىرلەمچى ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق بولسا بىز بازار ئىگىلىكىنىڭ نىشانى ۋە تەلىپى بويىچە كىيىم مەدەنىيىتىمىزنى قانداق تەرتىپكە سېلىشىمىز كېرەك؟ بۇ نۆۋەتتە بىزنى تەقەززا قىلىۋاتقان جىددىي مەسىلە بولۇپ، ئاپتور تۆۋەندىكى تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى جامائەتچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچى:

1) بىز ماددىي بايلىق جەھەتتە ئۆتمۈشكە سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە قەد كۆتۈردۇق. ئىلىم ـ پەن، بولۇپمۇ سانائەت پەنلىرى مۆجىزىلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇ ماددىي مۆجىزىلەر روھىي مەدەنىيەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئەخلاقىي قىممەتلىرىنى پارچىلاپ تاشلىدى. بىزدە يېتەرلىك روھىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئاجىز بولغاچقا، ماددىي تەرەققىيات ئالدىدا ئېسەنكىرەپ، ئەنئەنىدىن ياتلىشىدىغان روھىي نامراتلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولدۇق. روھىي قۇۋۋىتىدىن ئايرىلغان مەدەنىيەت خۇددى ئامېرىكىلىق مەشھۇر پەيلاسوپ جون دىيو ئېيتقاندەك: «ئۆزىنى ئۆزى ۋەيران قىلىپ تاشلايدىغان مەدەنىيەتتۇر» ①. كەسكىن ئېيتالايمىزكى، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز (كىيىنىش مەدەنىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئۆزىنىڭ روھىيىتىنى قايتۇرۇپ ئەكەلمىسە، ماددىي تەرەپتىن ئۆزۈن داۋاملىشالمايدۇ. مىللىي ئېڭىمىزدا بىزگە كەمچىل

① نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن: «توپان باسقۇنى راستتىنلا ھاجەتمۇ؟» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىل 6 ـ سان).

بولۇۋاتقان نەرسە ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىشتىكى كۆچلۈك ۋە توغرا ئەقىدىدۇر. ئەقىدە بولمىسا نىجاسەتنىمۇ پەرقلەندۈرەلمەي مالتىلايدىغان چوشقىغا ئايلىنىپ قالىمىز ـ دە، نەپسىمىز ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايمىز. بۇ نۇقتىدا بىز ئەقىل ـ ھوشىمىزنى تاپقىدەك دەرىـ جىدە سىلكىنىشكە موھتاج. روھىي جەھەتتىكى بۇنداق ئىنقىلاب سىرتقى شەكلىمىزنى ئوراپ تۇرغان كىيىم مەدەنىيىتىمىزنى قېلىپلاشتۇرىدۇ ۋە تەرتىپكە سالىدۇ. مانا بۇ كىيىم مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى ئىچكى ئامىل. خۇددى ئىقتىدارلىق ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك، «ئىنسان جىسمانىي جەھەتتىن بىر ئات، مەنىۋى جەھەتتىن ئاتقا مىنگۈچى، ئەگەر ئاتقا مىنگۈچى دانا بولسا، ئاتنى كامالەتكە باشلايدۇ، نادان بولسا، ئات ئۇنى ئوقۇرىغا باشلايدۇ». ①

2) مىللىي كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىزنى قوغداش ۋە نۇرلاندـ دۇرۇش جەھەتتە روھىمىزنى قۇۋۋەتلەشتىن باشقا، يەنە زامانىنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا دادىل ئىزدىنىپ، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنى ماس قەدەمدە بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. بۇ ئېيتىشقا ئاسان، ئەمما ئەمەلىيلەشتۈرۈش قىيىن بولغان بىر كونكرېت مەسىلە، بىز ھازىر بىر قەدەر ئومۇملىشىپ قالغان كاستۇم ـ بۇرۇلكىلا بىلەن تار يوپكا ـ كوپتا ... لارنىڭ ئورنىغا «غېرىب ـ سەنەم» فىلىمىـ دىكى شاھ ئاباسخاندەك يوغان سەللە، رەڭدار بېزەكلىك شاھانە تونلارنى ياكى مىللىيلىكنى قوغلىشىپ ئاللىقاچان ئىستېمالدىن قالغان تارىخىي تېپىندىلار ئارىسىدىكى كۆلا ـ جەندىلەرنى كىيىپ يۈرۈشنى تەشەببۇس قىلمايمىز. ئۇنى زامانىۋى ئاق فورمىسىدىكى خەلقىمىزمۇ قوبۇل قىلالـ مايدۇ. شۇڭا ئەنئەنىۋى كىيىم مەدەنىيىتىمىز ھەققىدە تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خۇددى «كونا بوتۇلكىغا يېڭى مەي قاچىلاش» ئۇسۇلى بويىچە ئەخلاقىي زۆرۈرىيەتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك ئۆلچىمىدىكى مىللىي كىيىم فورمىسىنى تېپىپ

① نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن: «توپان باسقۇنى راستتىنلا ھاجەتمۇ؟» («شىنـ جاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىل 6 ـ سان).

چىقىشىمىز كېرەك. بۇنداق مىللىي كىيىم فورمىسىدا ياش پەرقى، جىنس پەرقى، پەسىل پەرقى، مۇراسىملار پەرقى، ئۆي ئىچى كىيىملىرى بىلەن تالالىق كىيىملەر پەرقى... نىسپىي مۇقىملىق ئىچىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈشى زۆرۈر. بىزدە بۇ مۇھىم ھالقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان « ئىلچى» ، «خانىش» قا ئوخشاش مىللىي كىيىم ـ كېچەك شىركەتلىرى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ رىقابەت كۈچى تېخى كۆلەملەشمىدى، ئۆزلىرىگە خاس مىللىي ئۇستىكارلار گۇرۇھى بىلەن تارىخىي ئىستېتىكا جەھەتلەردىن دەلىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىلمىي تەتقىقات قوشۇنىغا ئىگە بولالمىدى، ياكى سەھنە كىيىملىرىنى لايىھىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، كەڭ ئاممىۋى ئىستېمال قىممىتىنى يارىتالمىدى. ئەمما ، ئىقتىسادىي رىقابەت كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتنى قوغلاشماي، مىللىتىمىزنىڭ كىيىم ـ كېچەك جەھەتتىكى خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش يولىدىكى ئىزدىنىش روھىنى قەدىرلەشكە ۋە قوللاشقا ئەرزىيدۇ. «يول بىراۋنىڭ قەدەم ئىزى» بولغىنىدەك، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى ئاستىدا بۇ «يول» ھامان كېڭىيىدۇ ۋە ئومۇملىشىدۇ. بىز بىر تەرەپتىن، مىللىي كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىزنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ھەققىدە ھەر خىل تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق جامائەت پىكرىنى كۈچەيتىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق رايىغا ماس كېلىدىغان، ئەنئەنە بىلەن دەۋر روھى جىپسىلاشقان ئاددىي، ئەمما نەپىس، كۆركەم ۋە سىڭىشلىك، سىمۋول خاراكتېرى كۈچلۈك كىيىم ـ كېچەكلەرنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىشىمىز كېرەك. پەقەت روھىي ئىستېمال بىلەن ماددىي ئىستېمال ئىككى بىر گەۋدىلەشكەندىلا، ھەممىمىزنىڭ ساندۇقىدا توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ بايرام ۋە باشقا مۇراسىم كىيىملىرىمىز ئەتىۋارلىق تەۋەررۈك سۈپىتىدە ساقلىنىدىغان ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا ئۈچىمىزغا كىيىپ خاسلىقىمىزنى ۋە مەۋجۇتلىقىمىزنى نامايان قىلىدىغان مەنزىرە بارلىققا كېلىدۇ.

دەرۋەقە، فىرىئودچە «ئەركىنلىكنىلا تەكىتلەيدىغان، چەكلىمە

توسقى بولمىغان ئىدىيە ـ قاراش ھەرگىزمۇ ساغلام ئەمەس. يۈگەنسىز تۇلپارنىڭ ياۋا ئاتتىن پەرقى يوق، ھەتتا جەننەتمۇ قىلىچنىڭ سايىسىدا». ① شۇڭا مىللىي ئەخلاق فورمىسىنى بۇزۇپ، كىيىنىشتە مىللەتنىڭ ئار ـ نومۇسىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزىدىغان قىلىقلارغا كەڭ جامائەت پىكرى ئارقىلىق چەك قويۇش ئەجەبلەنگىدەك ئىش ئەمەس.

## §3 . ئولتۇراقلىشىش مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر

تۇرالغۇ جاي مەدەنىيىتى — يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىنىش ئادەتلىرىگە ئوخشاش، كىشىلىك ھايات تەلىپىدىن كېلىپ چىققان ماددىي ئېھتىيا بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش يولىدا ئېلىپ بارغان بىرىنچى تارىخىي پائالىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. تەبىئىيكى، تەبىئەتتىكى جانلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ۋە رەقىبلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن پاناھلىنىش مەقسىتىدە تۇرالغۇ جايغا موھتاج بولىدۇ. بۇ موھتاجلىق ھەتتا چۈمۈلىلەرنىمۇ تىنىمسىز ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ پاناھلىنىش ئۇۋۇلىرى (چۈمۈلە ئۆيى) نى قېزىشقا ئۈندىگەن. ئادەملەرمۇ دەسلەپكى ياۋايىلىق ـ ۋارۋارلىق دەۋرلىرىدە تاغ ـ ئېدىرلاردىكى تەبىئىي ئۆڭكۈرلەرنى، چەكسىز ئورمانلاردىكى دەرەخ كاۋاكلىرىنى ۋە دەرەخلەرنىڭ ئاچا شاخلىرىدىن كىرىشتۇرۇلگەن ساتمىلارنى ... ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇ جايى قىلغان. لېكىن بۇنداق پاناھلىنىش جايلىرى ئىنسان ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە قول ئەمگىكىنىڭ ئىجادىي مېۋىسى بولمىغاچقا، تېخى ئۇنىڭدا ئولتۇراقلىشىش مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر

---

① نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن: «توپان باسقۇنى راستىنلا ھاجەتمۇ؟» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 2005 ـ يىل 6 ـ سان).

يۇرۇش سەقافەتلىرى ① شەكىللەنمىگەن. ئىنسانلارنىڭ ھەقىقىي مەنە-دىكى ئولتۇراق ئۆي مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئىنسانىيەت جەمئى-يىتىنىڭ سىۋىلىزاتسىيە (Civilization —مەدەنىيەت) دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر، جۈم-لىدىن ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي شەكىلدىكى تۇراقسىز قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەرنى ماكان قىلىپ ياشاشتىن بۇگۈنكى ئېلېكترلەشكەن تۇراقلىق زامانىۋى تۇرالغۇ جايغا ئىگە بولغىچە نەچچە ئون مىڭ يىللىق تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى مەلۇم. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تۇرالغۇ جاي مەدەنى-يىتىنىڭ باشلىنىش ۋاقتىنى مۇئەييەن يىلنامە بىلەن ئېنىق كۆر-سىتىپ بەرگىلى بولمىسىمۇ، تۇرالغۇ ئۆي تەرەققىياتىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىغا كەلگەندە ھەقىقىي مەنىدىكى ئىجتىمائىيلاشقان ئولتۇراقلى-شىش ئادىتى شەكىللەندى. بۇ باسقۇچ ئۆزلۈك ئىككى ئىلكىدىكى مەلۇم گېئومېتىرىك شەكىلگە كىرگەن كۆچمە ئۆيلەر (كىگىز ئۆي ـ ئاق ئۆي) ۋە تام ـ تورۇسلۇق بىرىكمە ئۆيلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن خاراك-تېرلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتىكى ئولتۇراقلىشىش ئادىتىنىڭ ئىپادىلىرى تۆ-ۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ:

1) ئۇرۇق تۈپلىرى ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان ئىپتىدائىي كوممۇنا شەكلىدىكى تۇرالغۇ جايلار شەخسلىشىپ، ئۆزلۈك ئائىلىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. شەخسىي مەنپەئەتدارلىق ئۇستىگە قۇرۇلغان ئۆي ـ ئىمارەتلەر شەكىل جەھەتتىن كۆپ خىللىشىپ، سۈپەت جەھەتتىن كۆركەملىشىشكە باشلىدى.

2) جىنس (ئەر ـ ئايال) ۋە تۇر (ئادەم ۋە ئۆي ھايۋانلىرى) پەرقى ئاي-رىلماي تۈپ ياتىدىغان ھالەت ئۆزگىرىپ، ئائىلە ئىچىدىكى ئەر جىنسلىق ۋە ئايال جىنسلىقلارنىڭ ياتاق ئۆي ۋە ھايۋانلارنىڭ ئېغىل ـ قوتانلىرى ئايرىلىشقا باشلىدى.

3) ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئېڭى ئۆزگىرىپ، ئىلگىرىكى

① ياڭ شېڭمىن :«قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى، 245 ـ بەت.

پاناھلىنىشنىلا مەقسەت قىلىدىغان ھالەتتىن كۆنسېرى ئۆسىۋاتقان ئېستېتىكىلىق تەلەپكە ماسلىشىش ئېھتىياجى سۈردى. بۇ خىل ئويغارلىق ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىدا مۇھىت ئالاھىدىلىكى ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن مىللىي ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈردى.

4) پەقەت ئۆز ـ ئۆزىنى قوغداشنىلا شەرت قىلىپ قۇرۇلغان تارقاق، پىنھان تۇرالغۇ ئادىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، ئۇرۇق ـ جەمەتنى بىرلىك قىلغان ئاھالىلەر توپى — مەھەللە ـ كويلار بارلىققا كەلدى. تۇرالغۇ جاي جەھەتتىكى بۇ يېڭى سەكرەش كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى قويۇقلاشتۇرۇپ، يېڭىچە قوشنىدارچىلىق فۇنكسىيىسىنى شەكىللەندۈردى.

5) ئىنسانلاردىكى مەنپەئەتدارلىق قارىشى ۋە گۈزەللىك تەلىپىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلمىسىدا تاماق تەييارلاش، ئىسسىنىش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ۋە يورۇقلۇق ئەسلىھەلىرى بارلىققا كەلدى.

6) بۇ باسقۇچقا كەلگەندە، ئەمگەك ئىش تەقسىماتى ئىنچىكىلىشىپ، مەخسۇسلاشقان ئۆي قۇرۇلۇش ھۈنەر ـ تېخنىكىسى ۋە ئۇستىكارلار گۇرۇھى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تامچىلىق، ياغاچچىلىق، بېزەكچىلىك ۋە نەققاشچىلىق ئىش تۈرلىرى بىر ـ بىرىدىن بۆلۈنۈپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئېھتىياجى جەھەتتىكى ئۆزگىرىش ئولتۇراقلىشىش مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ھالقىلىق توپ ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى تەمىنلىگەن دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا، نېئولىت دەۋرى (يېڭى تاش قوراللار دەۋرى) دىن باشلاپ، ساپالچىلىق سەنئىتىگە ماس ھالدا گېئومېتىرىك شەكىلدىكى كېسەك ۋە ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر بارلىققا كەلگەن.

موڭغۇل دالاسىدا ھونلار مەزگىلىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ توپىدىن ياسالغان شەھەر ـ قەلئەلىرى ۋە ئاھالىلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتىغا ماسلاشقان تۇرالغۇ ئۆيلىرى بارلىققا كەلگەنىدى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تۇرالغۇ جايلار قۇرۇلمىسى تەرەققىي قىلىپ

سىستېمىلىشىشقا يۈزلەندى. ھەقىقىي رەۋىشتىكى چوڭ كۆلەملىك شەھەر ـ قەلئەلەر قۇرۇلۇپ، قارارگاھ (ئوردا) نى مۇقىم ھالدا قەلئەنىڭ ئىچىگە جايلاشتۇرۇش، سودا بازارلىرى، قول سانائەت ۋە ئاھالىلەر رايونلىرىنى ئايرىپ قۇرۇش روياپقا چىقتى. ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ شەھەر ـ قەلئەلىرى ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ زور، ئەڭ گۈللەنگەن، ئەڭ سەلتەنەتلىك بولغىنى ئورخۇن دەرياسى ساھىلىغا جايلاشقان پايتەخت شەھەر — قارابالغاسۇن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىككىنچى پايتەختى بولغان بايىن بۇق( «بازىن بۇلاق» ياكى «ئوردا بۇلاق»)، قۇرۇلۇن دەرياسى ساھىلىدىكى خاتون قەلئەلىرى قاتارلىقلار كۆركەم ۋە داڭلىق ئىدى. ئاشۇ مەزگىلدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختىگە بېرىپ ساياھەتتە بولغان ئەرەب سەيياھى تەمى بىننى بەھرال مۇتتاۋى مۇنداق ئۇچۇر بېرىدۇ: «مەن خاقانلىق قەلئەسىگە بەش پەرسەھ كېلىدىغان يەردە خاقانغا تەئەللۇق بىر چېدىرنى ئۇچراتتىم. ئۇ ئالتۇندىن ياسالغانىدى. بۇ چېدىر قارارگاھ (ئوردا) نىڭ ئۆگزىسىگە ياسالغان بولۇپ، 100 ئادەم بەھۇزۇر سىغاتتى. شەھەر قەلئەسىدە غايەت يوغان 12 تۆمۈر دەرۋازىسى بار، ئاھالىسى كۆپ، ئىنتايىن ئاۋات، ھەممە ئەتراپى بازار، سېتىلىدىغان نەرسىلەر ھەر خىل، ئاھالىسى مانى دىنىغا چوقۇنىدۇ». ① بۇنداق شەھەر قەلئەلىرىدىن يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا 15 ى بار بولۇپ، بۇ قەلئە ـ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى تۆت چاسا شەكىلدە تاش ـ تۇپراقلاردىن قوپۇرۇلغان، تۆت تەرىپى سېپىل بىلەن قورشالغان. سېپىل سىرتىدا چوڭقۇر خەندەكلەر بار ئىدى. بۇ قەلئەلەرنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئاساسلىقى سېغىز توپا ئىشلىتىلگەنىدى. قەلئە ئىچىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى خام كېسەك بىلەن سېلىنغان ياكى سېغىز توپىنى چىڭداپ قوپۇرۇلغانىدى. ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە خۇمداندا پىشۇرۇلغان كاھىشلار يېپىلغانىدى. بۇ شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى ۋە

---

① ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشرى، 254 ـ بەت.

ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن سوغدى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندى. بۇنى تۈرك يېزىقىدا پۈتۈلگەن «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دىكى «757 ـ يىلى مەن سوغدىلارغا ۋە تاڭ زېمىنىدىن كەلگەن ئادەملەرگە سېلىنگا دەرياسىنىڭ يېنىدا بايبالىق شەھىرى ياساشنى تاپىلىدىم» ① دېگەن بىر جۈملە خاتىرە ئىسپاتلايدۇ. ئەمما ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەھەر ـ قەلئەلىرىنىڭ توپا ـ ياغاچ، ياغاچ ـ تاش قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى چېدىرسىمان بارگاھ شەكلىدىكى ئوردا قۇرۇش ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغان. ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدا كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان «بالىق (baliq)» ئەينى دەۋردە سېپىللىق قەلئە ـ قورغانلارنىڭ نامى بولۇپ، ئۇنىڭ «شەھەر» دېگەن كېڭەيگەن مەنىسىمۇ بار.

تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر رايونلىرىدا بولسا شەھەرلەشىش بۇرۇنراق ئەمەلگە ئاشقان بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا بۇ جايدا قۇرۇلغان 36 بەگلىكنىڭ بىرقەدەر مۇقىملاشقان شەھەر ـ قەلئەلىرى بولغان.

ئەينى دەۋردە شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان يىپەك يولى لىنىيىسى ـــ مەشھۇر «يىپەك يولى» دەل مۇشۇ جايلاردىن كېسىپ ئۆتۈپ، شەھەر ـ قەلئەلەرنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. شۇڭا بۇ رايون «قاتار كەتكەن شەھەرلەر» مەنىسىدە «قۇرىغار» ② دەپ ئاتالغان. دەرۋەقە، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا «قۇرىغار» رايونىدا يارغول قاتارلىق 18 كىچىك قەلئەدىن تەركىب تاپقان قوچۇ شەھىرى، ئاگنى (قارا شەھەر)، كۈسەن (بۈگۈنكى كۇچا )، سۇلى (بۈگۈنكى قەشقەر)، ئۇدۇن (بۈگۈنكى خوتەن)، كىرورەن (مىرەن) قاتارلىق ئۆزىگە خاس قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىغا ئىگە ئاۋات شەھەرلەر بارلىققا كەلگەن.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ شەخسىي تۇرالغۇ

① ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشرى، 247 ـ بەت.

② «قۇرىغار» قەدىمكى تۈرك تىلى بولۇپ، «قۇر» سۆزى «قاتار، رەت ـ رەت» دېمەكتۇر. «غار» ساك تىلىدىكى «غاررى» دىن كەلگەن بولۇپ، « رايون، ئەل ، شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆيلىرىگە كەلسەك، ئۇلار شۇغۇللانغان ئىگىلىك شەكلىنىڭ ئوخشى-ماسلىقىغا ئاساسەن پەرقلىق بولغان. ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئېدىر ـ قىرلاردا ياشايدىغان ئاساسلىق ئاھالىلەر ئەجدادلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يۆت-كەشكە ئەپلىك بولغان ئاق ئۆي (كىگىز ئۆي) ۋە چېدىرلاردا ئولتۇراتتى. شەھەرلەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى تېرىقچىلىق ۋە قول ھۈنەر ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەر ئولتۇراق ھاياتقا ماس ھالدا تام ئۆيلەردە ئولتۇرغان. بۇنداق ئۆيلەر ئورخۇن ـ يەنسەي يادىكارلىقلىرىدا «Avbark» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق تۇرالغۇلارنى كۆرسەتكەن. توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ تاملىرى چوڭ خام كېسەكلەر بىلەن قوپۇرۇلۇپ، ئۆگزىسىگە قېلىن سامانلىق لاي سېلىنغان. باي تەبىقىدى-كىلەر ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىسىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن يۆتكەپ كېلىنى-گەن كاھىشلىق ساپال خىشلار بىلەن ياپقان. تۇرپان قاتارلىق كۆچلۈك ئىسسىق بولىدىغان رايونلاردا ئىسسىقتىن مۇداپىئەلىنىدىغان يەر ئاستى گەمە ئۆيلەر ياكى كېمىر ئۆيلەر بارلىققا كەلگەن. بۇنداق توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق مۇقىملاشقان تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ـ پەنجىرىلىرى، ئوچاق، سۇپا، پەگاھلىرى ۋە ياتاق ئۆي، مېھمانخانىلىرى ھازىرقى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ.

ئۇيغۇرلار مىلادىيە 840 ـ يىلدىن باشلاپ شىمالىي قۇملۇقتىن غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئېتىكى ۋە تارىم بوستان-لىقىدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان قېرىنداشلىرى ئارىسىغا سىڭىپ، تۇرالغۇ ئۆي جەھەتتىمۇ تېرىقچىلىق ھاياتىغا زىچ ماسلاشتى. بۇ دەۋردە ئاھالى-لەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچى-لىك ۋە باقمىچىلىق ئىگىلىكلىرىنىڭ بىر گەۋدىلىشىپ كېتىشتەك ئىشلەپچىقىرىش ـ تۇرمۇش ئادىتىگە ئاساسەن، قوشۇمچە ئىگىلىك مۇئەسسەسەلىرىگە ماس بولغان ھويلا ـ ئارامlıق ئۆي قۇرۇلۇشى شەكلى ئاساس قىلىنغان. ھەرقانداق تۇرالغۇ جاينىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخ-شىمىغان دائىرىدىكى ھويلىسى بولغان. كىشىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيى ئۆچ

ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئېغىزلىق بولۇپ، ئاشخانا، ياتاق ئۆي ۋە مېھمانخانا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغان. ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ھەم گېئومېتىرىك كۋادرات شەكلىدە، ھەم گۈمبەزلىك چېدىر شەكلىدە (بۇ شەكىل كۆپرەك ئالاھىدە كىلىماتلىق قوچۇ رايونىنى ئاساس قىلغان) بولۇپ، تاملىرى خىش ـ كېسەكتىن ياكى سوقمىلىق (سېغىز توپىلىق يەرنى يۇمشاق ئاغدۇرۇپ، سۇ قۇيۇپ نەمخۇش ھالەتكە كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى چاسا ـ چاسا قىلىپ كېسىپ ئېلىپ، ئۇستى ـ ئۇستىلەپ تىزىش ئارقى-لىق تام قوپۇرۇش ئۇسۇلى) قوپۇرۇلغان. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان خوتەن ۋە لوپنۇر رايونلىرىدا مۇشۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىغا ئاساسەن «قوشام» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئەپچىل ئۆي شەكلى ئىختىرا قىلىنغان. قوشاملىق ئۆيلەر قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، تامنىڭ ئۇلىغا زەگۇندە (ياغاچ لىم) قويۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تۈۋرۈك، تۈۋرۈك ئارىلىقىغا ئايرىش تۈۋرۈكى، ئايرىش تۈۋرۈكى ئارىلىقىغا چېتىق ۋە كەسمە چېتىق ئورنىتىلغان. چېتىق تۈۋرۈككە چېتىلغان بو-لۇپ، ئارىلىقىدىكى بوشلۇق قومۇش ۋە تال ـ چىۋىقلار بىلەن باغلىنىپ چېتىقلانغان. تام شەكلىگە كىرگەن بۇ چېتىقلارنىڭ ئىككى تەرىپى كاكىل لاي بىلەن تەخمىنەن 10 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا سۇۋالغان. لىم بىلەن تۈۋرۈكلەر ئۆزئارا تۇرۇملانغان. ئۆگزىسىمۇ زەگۇندە لىم بىلەن پاراللېل شەكىلدە گىرەلەشتۈرۈلۈپ خۇددى سەرەڭگە قېپىدەك ھالەت ھاسىل قىلىنغان. ئۇستۇنكى لىم ياغاچلار ۋاسا بىلەن يېپىلىپ، بورا سېلىنىپ، سامان ياكى تال ـ چىۋىقلار بىلەن چۇمكەلگەندىن كېيىن نەم توپا ياكى لاي سېلىنىپ، بىر قەۋەت سامانلىق لاي بىلەن تەكشى سۇۋاش ئارقىلىق يېپىلغان. بۇنداق قوشام ئۆيلەر پۇختا بولۇپ، يەر تەۋرەش خە-تىرىگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ ھەمدە تەننەرخىمۇ ئەرزان توختايدۇ. ئومۇمەن، بۇ باسقۇچقا كەلگەندە، ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى مەركەزلىشىپ، مەھەل-لە ـ كويلارنى شەكىللەندۇردى، شەھەر ـ بازارلىشىش قەدىمى تېخىمۇ تېزلەشتى. ئۆي قۇرۇلمىسى ھەم نەپىسلىككە، ھەم پۇختىلىققا قاراپ يۈزلەندى. ئۆيلەرنىڭ ئاستىغا ئاسان بۇزۇلۇپ كېتىشتىن ۋە

نەملىشىش ـ شورلىشىشتىن ساقلىنىش مەقسىتىدە تاش، كېسەك، ياغاچ، چىگە، قومۇش ياكى يۇلغۇن قاتارلىق ئەشيالاردىن ئۇل قويۇش ئومۇملاشتى. ئۆينىڭ ئىچكى تاملىرىغا چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە شەكلى ھەر خىل بولغان ئويۇق ـ تەكچە ۋە لىمتاق چىقىرىپ ياسىلىدىغان بولدى. شۇنىڭدەك قىش كۈنلىرى ئىسسىنىش ۋە تاماق ئېتىش ئۈچۈن مورىلىق ئوچاق، سەندەل قاتارلىق ئەسلىھەلەر ئۆي قۇرۇلمىسىنىڭ تەركىبىگە كىردى. ئۆيلەرگە ھاۋادان (تۈڭلۈك، پەنجىرە، روجەك ـ دېرىزە) ئېچىلدى. ئۆينىڭ ئىچى يۇمشاق سامانلىق لاي بىلەن زىل سۇۋاق قىلىنىدىغان ئادەت ئومۇملاشتى. شەھەرلەردىكى بىر قىسىم ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنىڭ تاملىرى ھاك بىلەن ئاقلىناتتى ياكى سېغىز توپا، توزغاق بىرىكمىسىدىن ھازىرلانغان لاي بىلەن سىلىق سۇۋىلاتتى. بۇنداق ئۆيلەرنىڭ كۆپچىلىكى ۋاسا جۈپلۈك يېپىلغان بولۇپ، لىم ـ تۈۋرۈكلىرى ئويما نەقىشلىنەتتى. بۇ باسقۇچتا يەنە ئۆيلەرنى پېشايۋانلىق قىلىپ سېلىش ئادىتى ئالدى بىلەن قەشقەر شەھىرى ئەتراپلىرىدا بارلىققا كەلگەنلىكى مەلۇم. ئۆينىڭ ئېگىزلىكى بىلەن باراۋەر ھالدا بىرقانچە تىك تۈۋرۈك بىلەن كۆتۈرمە شەكلىدە قۇرۇلغان بۇنداق پېشايۋانلار ئادەتتە ھويلىغا ياكى باغقا قارىتىلىپ، ئاستىغا سۇپا باغلانغان.

ئومۇمەن، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا تولۇق گېئومېتىرىك شەكىلدىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەر، گۈمبەزلىك ۋە مۇنارلىق ئۆي ـ ئىمارەتلەر ئاساس قىلىنغان بولۇپ، بۇنداق ئىمارەتلەرنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ئەگمىلىك ئىدى، ئاممىۋى قۇرۇلۇشلار، يەنى بۇتخانا ۋە ئىبادەت ئورۇنلىرى، شەھەر قەلئەلىرى ئالاھىدە ياسالغان. بۇ مۇنارلار تۆت چاسا، يۇمىلاق ۋە كۆپ قىرلىق شەكىللەردە ياسالغان. ھەممە چوڭ ئىمارەتلەرنىڭ بوغۇملۇق قۇببە شەكلىدىكى ئېگىز مۇنارلىرى بولغان. مۇنار ياساش ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇدۇن، كۇسەن شەھەرلىرىدە ھەتتا ئائىلىلەرگىچە ئومۇملاشقان.

ئاھالىلەر تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭ تەسۋىرىنى فون. گابائىن خانىمنىڭ تۆۋەندىكى مەلۇماتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: «قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ

ئۆي ـ ماكانلىرى تولىراق ئىككى قانات ئىشىكلىك بولۇپ، دەرۋازا ئۈستىدە مۇنارى بار ۋە تاملىرى يېرىم ئېگىزلىكتە قوپۇرۇلغان توسما تام ئىچىدىكى ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. بەزى ئۆيلەر يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتىكى خىش ئۇلنىڭ ئۈستىگە سېلىناتتى. ئالدى تېمىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن ياسالغان پەلەمپەيلىك ئىشىكى بولاتتى. ئۆيلەرنىڭ تولىسى بىر قەۋەت بولۇپ، تاملىرى مۇستەھكەم ئىدى. بايرام ـ مۇراسىم كۈنلىرىدە ئۆي سىرتىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە يېشىل پەردە تارتىلىپ، تامنىڭ بۇرجەك جايىدا تۇگۈچ تۇگۈپ قويۇلاتتى. بىر قىسىم كونۇس شەكىللىك ئۈستى كاھىشلىق ئۆيلەر خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشايتتى. ئۆگزىسى بېلىق سىرتى شەكىللىك بولۇپ، ئىككى ئۇچىغا قوشنىڭ شەكلى (ئېھتىمال سۇمۇرغ بولسا كېرەك) ئورنىتىلاتتى. ئۆگزىنىڭ ئوتتۇرىسىغىمۇ چوڭ مونچاق (بوغۇملۇق قوبىبە) قادىلاتتى. كاھىش ساپال ياتقۇزۇلغان ئۆگزىلەر كۆپىنچە قىزىل رەڭدە ھەشەمەتلىك سىرلىناتتى. بەزى ئۆيلەرنىڭ ئۈستىدە بالىخانا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا قالىق ‹qaliq› دېيىلىدۇ) بولۇپ، ھازىرقى ئۆزۈم قۇرۇتىدىغان ‹چۇنچە› ئۆيگە ئوخشايتتى ... بەزى ئۆيلەرنىڭ ئاستى تاختايلىق بولۇپ، گىلەم سېلىناتتى. كىشىلەر ئېگىزلىكى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئورۇندۇق ياكى سۇپىدا ئولتۇراتتى.» ①

بۇ دەۋرلەردىكى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كېسەك، خىش، تاش، ياغاچ، كاھىش، گەج، سىر، يىلىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ كىرىشكە باشلىغاندىن كېيىن، دىنىي ئېتىقادنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن بىللە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدىمۇ، جۈملىدىن بىناكارلىق مەدەنىيىتىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش ۋە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مەسچىت، مەدرىسە، مازار ۋە تاۋاپخانىلارنىڭ قۇرۇلما شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى ئۇسلۇبى قەدىمكى ئۇيغۇر

① فون. گابائىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە، 1980 ـ يىل 3 ـ سان.

بىناكارلىق ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرغان ھالدا، ئۆيلەردىكى بۇددا مۇنارلىرى ۋە بۇت تەكچىلىرىگە ئوخشاش ئىسلام ئېتىقادىغا ماس كەلمەيدىغان قۇرۇلمىلار ۋە نەقىش ـ بېزەكلىرى ئۆزگەرتىلىپ بەلگىلىك ئىسلاھ قىلىندى.

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ تۆپ ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى جەھەتتە پىششىق خىش ئىشلىتىش ئومۇملىشىشقا باشلىدى. ئۇ قۇرۇلۇشنىڭ پۇختىلىقى ۋە كۆركەملىكىنى ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. ئەمما بۇ دەۋردە تېخى سېمونت بارلىققا كەلمىگەچكە، پىششىق خىش دائىم خام خىش، ھاك بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان لاي بىلەن گىرەلەشتۇرۇلگەن.

ئىككىنچى، ئېگىز قوش قانات دەرۋازىلىق، گۈمبەز تورۇسلۇق ھەم كەڭ، ھەم ئېگىز قۇرۇلۇشلار بارلىققا كەلگەن. بولۇپمۇ مەسچىتلەر، مەدرىسە، ئوردا ـ سارايلار ۋە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ مازارلىرى گۈمبەز شەكىللىك بولۇپ، بۇنداق گۈمبەزلەرنىڭ تۆت بۇرجىكىگە ئېگىز مۇنار (قۇببە) ئورۇنلاشتۇرۇلغان. گۈمبەز ۋە مۇنارلار خىش بىلەن ئەگمە قىلىنغان. ھازىرغىچە ئاتۇش شەھىرىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سۇنتاغ يېزىسى مەشھەت كەنتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ 4 ـ ئەۋلاد خاقانى، ئۇلۇغ ئۆلىما ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مەقبەرىسى شىنجاڭدا تۇنجى ياسالغان ئىسلام قۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدا ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ياسالغان مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك گۈمبەز تورۇسلۇق مازارلاردىن تەخمىنەن 100 گە يېقىنى بولۇپ، بۇ مۇقەددەس جايلارنى كىشىلەر ھازىرغىچە تاۋاپ قىلىپ كەلمەكتە.

ئۈچىنچى، ھويلا ـ ئاراملىق ئۆي ـ ئىمارەت شەكلى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىلدى. ھويلا ـ ئارام خىش تام، سوقما تام ياكى قوشام تام (شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن چىتلاش) بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان بولۇپ، ھەربىر ھويلىغا دەرۋازا ئورنىتىلغان، ئۆيلەرنىڭ

ئىشىكى هويلىغا قارىتىلغان. هويلىنىڭ ئۆيگە ئۇدۇل قىسمى بىدىشلىك بولۇپ، بىدىشلار پېشايۋانغا تۇتاشتۇرۇلغان. بىدىش ئاستىغا تەك (ئۈزۈم تېلى) ياكى كاۋا ـ قاپاق تېرىلىپ، بىدىشكە ياماشتۇرۇلغان. هويلىنىڭ يان تەرىپىگە ئېغىل ـ قوتانلار ۋە هاجەتخانىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بىدىشنىڭ ئالدى قىسمىغا بىر مېتىر ئېگىزلىكتە كېسەكتىن كۆنگۈرىلىك تام قوپۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەشتەكلىك گۈل تىزىلغان. هويلىنىڭ ئەتراپى مېۋىلىك ياكى مېۋىسىز دەرەخلەر بىلەن قورشالغان. بەزى چوڭراق هويلىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەي ـ كۆكتات ئۆستۈرىدىغان ياكى هەر خىل سورتلۇق مېۋىلىك دەرەخلىرى بار كىچىك باغچىسى بولغان. ئومۇمەن، ئۇيغۇرلاردا ئۆي سېلىشتىن ئىلگىرى ئۆي ئورنىنىڭ ئەتراپىغا دەل ـ دەرەخ تىكىپ كۆكەرتىش ئومۇمىيۈزلۈك ئادەتكە ئايلانغان.

تۆتىنچى، ئاهالىلەر تۇرالغۇلىرى ۋە ئاممىۋى چوڭ قۇرۇلۇشلار تەركىبىگە كۆل، ساپالدىن ياسالغان سۇ تۇرۇبىسى، پاسكىنا سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەۋرەز ۋە يۇيۇنىدىغان هامام (سەراپ — بۇگۇنكى دەۋردىكى ساۋنا) لار قوشۇلغان. بۇلارنىڭ هەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىقنى ياقلاش ئەقىدىسى بىلەن زىچ باغلانغان.

ئىسلام شەرىئىتىدە مۇسۇلمانلارنىڭ هەر قېتىملىق نامازدىن بۇرۇن تاهارەت ئېلىپ ئۆزىنى پاكلىشى، ناماز ئوقۇلىدىغان جاينىڭ پاكىز بولۇشى تەلەپ قىلىنغان. مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاتائالا پاكتۇر، ئۇ پاكلىقنى ياقتۇرىدۇ، ئاللاتائالا پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى سۆيىدۇ ...، هويلا ـ ئارامىڭلارنى پاكىز تۇتۇڭلار».① ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى مۇشۇ ئەقىدە بويىچە «ئاللانىڭ ئۆيى» دەپ تەرىپلىنىدىغان مەسچىتلەر، جۈملىدىن ئولتۇراق ئۆيلەرگە پاكىزلىك ئەسلىهەلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئالاهىدە ئەهمىيەت بەرگەن. شىنجاڭدىكى چوڭ جامائە ۋە تىلاۋەتخانىلارنىڭ هەممىسىدە ئاشۇنداق يۇرۇشلەشكەن تازىلىق ئەسلىهەلىرى بولغان. قەشقەر شەهىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان مەشهۇر هېيتگاه

---

① «قۇرئان كەرىم، ۋە هەدىسلەردىن تاللانما»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 294 ـ بەت.

جامائەسى، قەشقەر شەھىرى قوغان يېزىسىنىڭ ھەزرەت كەنتىگە جايلاش-قان ئاپپاق خوجا مازىرى، قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئەس-كىھىسار قەلئەسىگە جايلاشقان بۈيۈك مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، يەكەن كونا شەھىرىدىكى يەكەن جامائەسى، ئالتۇن مەس-چىت (ئالتۇنلۇقۇم) قاتارلىق يۈزلىگەن مەسچىت ۋە ئىبادەتخانىلارنىڭ ھەممىسى مەسچىت، مەدرىسە، كۆل، ئېرىق، ئەۋرەز، ھامام قاتارلىق بۆ-لەكلەردىن تەركىب تاپقان.

بەشىنچى، تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ تاشقى مۇھىتى ۋە ئىچكى قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى ۋە كۆركەملەشتى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈر-كىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە:

*بولسا كىمىن ئالتۇن ـ كۇمۇش ئەۋلە ئەتەر،*
*ئاندا بولۇپ تەڭرىگە رۇ تاغىن ئۆتەر.*
*(كىمنىڭ ئالتۇن ـ كۇمۇشى بولسا، ئۆي ـ جاي سالار، ئاندىن خا-تىرجەم بولۇپ خۇداغا سېغىنار) ①*

دېگەن تەمسىل ئۇچرايدۇ. دەرۋەقە، بۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى «ئۇيغۇرلار تاپقان پۇلنى تامغا چاپلايدۇ» دېگەن تەمسىل بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. بۇ ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئولتۇراق ئۆي مۇھىتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئەنئەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەندەك، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى بىر يۈرۈش ئىچكىرى ـ تاشقىرى قىلىپ ياسالغان ۋە ھويلا، باغ، كۆل، قوتان، بالىخانا، چايخانا، پېشايۋان ياكى شىپاڭ، گۈللۈك قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئالغاندا، قاچا ـ قۇچا ۋە باشقا ئۆي جابدۇقلىرى قويۇلىدىغان تەكچە ـ تاختىبېشى («دىۋان» دا «seru» دېيىلگەن)، ئۇستىگە كىيىم ـ كېچەك ۋە يوتقان ـ كۆرپىلەرنى

① م. قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى، 3 ـ توم، 344 ـ ، 345 ـ بەتلەر.

تىزىپ قويىدىغان مېھراب ياكى لىمتاق («دىۋان» دا «yudruq» دېيىلگەن)، ئويۇق (oyuq)، سۇپا، تۈڭلۈك، ئوچاق، كات ياكى ساندۇق، زەدىۋال (تامغا تارتىلىدىغان گۈللۈك چارچاپ)، پەنجىرە (دېرىزە)، كىگىز، شىرداق، گىلەم، پالاس، تاق ياكى قوش قاناتلىق ئىشىك، قات ياكى قازناق، ئەۋرەز (كۆپىنچە قازناق ئۆينىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان) قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپقان. ئۆيلەرنىڭ ئالدى كۆپىنچە كۈن پېتىش (جەنۇب) تەرەپكە قارىتىلغان. بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «كۈن ئۇلۇغ، مۇقەددەس، كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكتىن چىقىپلا مۇقەددەس كۈنگە دۇچ كەلسە ياكى كۈنگە قاراپ تۇكۇرسە، ئەخلەتلەرنى كۈن تەرەپكە سۈپۈرسە يامان بولىدۇ» دېگەن ئەقىدە بەلگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن (ئەمما ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، قەبرىگە كۆمۈلگەن جەسەتلەرنىڭ بېشى شەرق — كۈن چىقىشقا، پۇتى غەربكە، يۈزى كۆككە قارىتىپ قويۇلغان. جۈملىدىن خان ـ پادىشاهلار توي ـ مۇراسىملاردا راۋاقتا شەرققە قاراپ ئولتۇرىدىغانلىقى مەلۇم).

ئالتىنچى، كاھىشچىلىق ۋە بېزەكچىلىك يېڭىچە ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇشىدا كەڭ ئومۇملىشىپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنى بېيىتتى ۋە شەھەر مۇھىتىنى ھەيۋەتلەشتۇردى. كاھىشچىلىق ۋە بېزەكچىلىك يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك، بۇددىزم دەۋرىدىكى مۇنارچىلىق ۋە مىڭئۆي سەنئىتىدە خېلى كامالەت تاپقان. ئىسلامىيەتتىن كېيىن بۇ ئەنئەنە تېخىمۇ جانلىنىپ يېڭى تۈس ئالدى، بولۇپمۇ مەسچىت ـ مەدرىسە ۋە ئوردا ـ سارايلار قۇرۇلۇشىدا گۈمبەزلەرنىڭ ئۈستى چىدام‌لىق يېشىل كاھىشلار بىلەن قاپلىنىپ، گۈمبەز مۇنارلىرىنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن ھەللىك ھىلال ئاي شەكلىنى ئورنىتىش ئومۇملاشتى. گۈمبەزلەرنىڭ ئاستىنقى بۆلىكى ۋە ئىسلام مۇنارلىرى خىلمۇ خىل نۇسخىدا قىرىپ ئىشلەنگەن نەقىشلىك پىششىق خىش بىلەن گېئومېتىرىك شەكىلدە گىرەلەشتۈرۈپ، كىشىلەرگە بىر خىل ستېرېئولۇق تۇيغۇ بېرىدىغان ھالەتتە ياسالدى. ئوردا ـ سارايلار ۋە يۇقىرى

تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىمۇ بۇ ئۇسلۇب قوللىنىلدى. ئىمارەتلەرنىڭ ئىچكى ياكى تاشقى تاملىرىغا، جۇملىدىن نەقىشلىك ئىشلەنگەن ئۆي لىملىرى ۋە ئىشىك ـ پەنجىرىلەرگە «قۇرئان كەرىم»، ھەدىسلەردىن پار-چىلار تاللىنىپ، ئەرەبچە خۇشخەت شەكلىدە ئويۇپ نەقىشلەش بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆي ـ ئىمارەتلەر تېخىمۇ ھەشەمەتلىك ۋە سىرلىق تۇسكە كىردى.

ئىسلام ئەقىدىسىدە جانلىقلارنىڭ رەسىمىنى سىزىش گۇناھ ھېسابلانغاچقا، ئۆي ـ ئىمارەت بېزەكچىلىكىدە ھەر خىل گۈل ـ گىياھ-لارنى سىزىش، خۇشخەت ئويۇش ئومۇملاشتى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈشتەك گۈزەللىك ئېڭى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ شەكلى ۋە ئىچكى ـ تاشقى بېزەكلىرى-نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك ۋە كىشىلەرنىڭ گۈزەللىكتىن زوقلىنىش ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. جۇغ-راپىيىلىك مۇھىت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭ زېمىنىنىڭ 90% تىن ئارتۇقراق قىسمى چۆل ـ قۇملۇقلاردىن ئىبارەت. 10% كە يەتمەيدىغان بوستانلىقلارنى ماكان قىلغان ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تەبىئەتتىدە گۈزەللىككە ھېرىسمەنلىك تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرگەن. بۇنداق ھېرىس-مەنلىك ئۆي ـ ماكانلىرىنىڭ ئەتراپىنى يېشىللاشتۇرۇش، باغۇ بوستان-لاشتۇرۇش ئادىتى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «بېغى يوقنىڭ جېنى يوق»، «ئاۋۋال باغ ئەت، ئاندىن تام ئەت»، «بېغى بارنىڭ تېغى بار»، «يەر زىننىتى دەرەخ»، «باغنى باقساڭ باغ بولار، پاتمان ـ پاتمان ياغ بولار، بېقمىسىز باغ تاغ بولار، يۈرەك ـ باغرىڭ داغ بولار»، «بىرنى كەسسەڭ مىڭنى تىك» ... قاتارلىق ماقال ـ تەمسىللەر كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆينىڭ ئىچكى بېزەكلىرىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇيغۇرلار ناھايىتى يىراق دەۋرلەردىن تارتىپ خىلمۇخىل نۇس-خىلىق گىلەم، رەڭدار كىگىز، يۇڭ ياكى يۇڭ ـ پاختا ئارىلاش توقۇلغان رەڭدار پالاسلارنى ھەم يېتىپ ـ قوپۇش ئۈچۈن يەرگە سېلىشقا، ھەم ئۆي تېمىغا ئېسىپ ئۆينى زىننەتلەشكە ئادەتلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا باي ياكى

كەمبەغەل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆيلىرىنىڭ تېمىغا گۈللۈك رەختلەردىن «چارچاپ» دېيىلىدىغان زەدىۋال تاقاش ئومۇملاشقان ئادەتلەر- نىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا يەنە ئورۇن ـ كۆرپىگە ئالاھىدە ئەھمى- يەت بېرىدۇ. ئاز ـ تولا شارائىتى بارلىكى ئائىلىلەردە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەربىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم يوتقان ـ كۆرپە تەييارلىنىشتىن باشقا، ئادەتتە ئىشلىتىلمەيدىغان «مېھمان يوتقان ـ كۆرپىسى» بولىدۇ. يەنە ئۆيگە كەل- گەن مېھمانلارنىڭ ئاستىغا «يېكەنداز» سېلىش ئادىتى كەڭ ئومۇملاشقان. بۇنداق يېكەندازلار كۆركەم گۈللۈك رەختلەردىن تىكىلىپ، چۆرىسىگە يىپەك ۋە زىغزىق تۇتۇلىدۇ. ئورۇن ـ كۆرپىلەر ئۆينىڭ قىبلە تېمىغا ئويۇلغان مېھراب (لىمتاق) قا رەتلىك تىزىلىپ، ئۈستىگە چىرايلىق ياپقۇچ يېپىلىدۇ. مېھراب ياپقۇچنىڭ ئۈستىگە رېشلىيە ئىشلەنگەن ما- مۇق ياكى توزغاقلىق ياستۇقلار تىزىلىدۇ. مېھمانخانىنىڭ تەكچىلىرىگە ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرى، فارفور چىنە ـ تەخسىلەر، ئەتىۋارلىق چەينەكلەر قويۇلىدۇ. پەگا تەرەپتىكى تەكچىدە مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىلىدىغان ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا بولۇپ، ئۆيگە كىرگەن مېھمانلار قولىنى يۇغان ـ يۇمىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، داستىخان سېلىشتىن بۇرۇن ئۆي ئىگىسى ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىنى كۆتۈرۈپ مېھمانلارنىڭ قولىغا ئۈچ قېتىمدىن سۇ بېرىش تېپىك ئادەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىسى ياپقۇ ئېغىزلىق قىلىپ لايىھىلەنگەن بولۇپ، قول يۇغاندا سۇ چاچرىمايدۇ، شۇنداقلا ئىچىدىكى يۇندىلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن ئۇيغۇرلارنىڭ پاكىزلىقنى سۆيۈش ئېڭىنىڭ مەھسۇلى.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئۇزاق ئەسىرلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ مۇشۇ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.

20 ـ ئەسىر ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتىدىكى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەرنى مۇنداق ئىككى چوڭ باسقۇچقا بۆلۈپ شەرھلەش مۇمكىن:

1 ـ باسقۇچ: 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى، يەنى ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئەھۋال

20 ـ ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرى پۈتكۈل دۇنيانى يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە ئېلىپ كىرگەن ھالقىلىق بۇرۇلۇش يىللىرىدا، سىرت بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان بېكىنمە ھالەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئىقتىسادىي نامراتلىق تۈپەيلىدىن چوڭقۇر دەرىجىدىكى روھىي غېرىبلىق ئازابى ئىچىدە ھالسىز تىنىقى بىلەن 20 ـ ئەسىرگە جور بولدى. شۇڭا 20 ـ يىللارغىچە ئۇيغۇر مۇھىتىدا تىلغا ئالغۇدەك بىرەر يېڭى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى بايقاش تەس. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 20 ـ ئەسىر ـ نىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىق خۇددى چوقان چىنگىز ئوغلى ۋەلىخا ـ نوف (1835 — 1865)، تاتار ئالىمى نوشىرۋان يائوشوف، ئۆزىگە «ئۇيغۇر با ـ لىسى» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوف (1887 — 1951) قاتارلىق ئۈچ نەپەر سەيياھنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدىكى يىغانلىق خاتىرىسىگە ئوخشاش پەقىرلىك ۋە ھەقىرلىك ھالىتىدە ئىدى.

مەدەنىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇشى ـ نىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى قىياپىتىنى ئابدۇسەمەتوف ـ نىڭ 1913 ـ يىلى يازغان «ئالتە شەھەرگە سەپەر» ناملىق خاتىرىسىدىكى مۇنۇ قۇرلار ئارقىلىق قىياسلاش مۇمكىن: «بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بۇ ـ نىڭدىن مىڭ يىل ئاۋۋال قانداق ياشىغان بولسا ھازىرمۇ شۇنداق ياشاپ تۇرۇپتۇ ... كوچىلىرى مۇنتىزىم، تەرتىپلىك ئەمەس، ھەممىسى بىر تۇر ـ لۇك تارقاقلىقتىن ئىبارەت. شەھەرلىرىدە گۈزەل ياسالغان بىرمۇ ئىمارەت يوق. گەمىگە ئوخشاش خانىلاردا كىشىلەر روھسىز، چۈشكۈن، نامرات ۋە مىسكىنلىك ئىچىدە ياشايدىكەن ، يېڭىچە ھۇنەر ـ سەنئەت يوق ... ». ①

دەرۋەقە، ئۇزاق ئەسىرلىك ئۇيغۇر بىناكارلىق ئەمەلىيىتى جەريانىدا زور بىر تۈركۈم بىناكارلىق ئۇستىلىرى يېتىشىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىقتىسادىي قالاقلىق ۋە تۇرمۇش خاتىرجەمسىزلىكى تۈپەيلىدىن، بىناكارلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكىدىن ھالقىپ كېتەلمىدى. ئەگەر ئاز ـ تولا تەرەق ـ قىيات بار دېيىلسە، 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن چەتنىڭ

① نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف: «يورۇق ساھىللار»، 94 ـ ، 95 ـ بەتلەر.

تەسىرى بىلەن يېڭىدىن بىنا بولغان ئاز ساندىكى قەۋەتلىك قۇرۇلۇشلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. مەسىلەن، رۇسىيە بىناكارلىق ئۇسلۇبى گەۋدىلەنگەن ئىلى، ئۈرۈمچى، قەشقەر، چۆچەك قاتارلىق شەھەرلەردە قۇرۇلغان رۇسىيە كونسۇلخانا بىنالىرى، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدىكى «قىزىل بىنا»، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسى بىناسى، دۇبەن مەھكىمىسى بىناسى، «8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى» بىناسى، شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسى بىناسى، ئۈرۈمچى دوستلۇق دوختۇرخانىسى بىناسى، ئۈرۈمچى ئۇن زاۋۇدى بىناسى، غۇلجا ئايرودروم بىناسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىلال ئاي دوختۇرخانا بىناسى، قەشقەر چىنىباغ بىناسى، قەشقەر كېرەمباغ دوختۇرخانا بىناسى، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنى ئوقۇتۇش بىناسى، ھېيتگاھ كۇلۇبى، قەشقەر سوۋېت كونسۇلخانىسى بىناسى ... قاتارلىق نەچچە ئونلىغان رۇس ئۇسلۇبىدىكى قەۋەتلىك بىنالارنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ بىنالارنىڭ كۆپچىلىكى 30ــ40 ـ يىللاردا قۇرۇلغان بولۇپ، ئەڭ ئېگىزى 3 قەۋەتتىن ئاشمايتتى. چەتنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى پاسوندىكى بۇنداق بىنالارنىڭ ئىچى تاختايلىق بولۇپ، ئۆگزىسى كەڭ ئۇچ بۇلۇڭ شەكلىدە كۆك ياكى قىزىل سىرلانغان قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان. ئۆينىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنىڭ ئۈستى تەرىپى بۆرەكچە شەكلىدە چىقىرىلىپ، ئىشىكنىڭ يۈزىگە ياغاچتىن قاپارتما نەقىش ئويۇلغان ۋە مۇۋاپىق سىر بىلەن سىرلانغان. بۇنداق بىنالار كارىدورلۇق بولۇپ، ئۆينىڭ كارىدورغا تۇتاشقان بۇلۇڭىغا تورۇس بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتە يۇمىلاق شەكىللىك قاڭالتىر تام مەش ئورنىتىلغان. تام مەشنىڭ ئوت ياقىدىغان ئېغىزى كارىدور تەرەپتە بولۇپ، مورىسى تامنىڭ ئارىسىغا لايىھىلەنگەن. مەشنىڭ ئىچى كېسەك ۋە لاي بىلەن بىر قەۋەت پەردە ھاسىل قىلىپ ئوتتۇرىسى مورا رولىنى ئوينىغان. بۇنداق بىنالار پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇلغان. ئۆيلەر لايىھەپىلىك بولۇپ، ئاپئاق ئاقارتىلغان. ئەينى دەۋرلەردە بىرقەدەر تەرەققىي تاپقان مەركىزىي شەھەر ـ بازارلاردىكى ئاز ساندىكى سودىگەر بايلار ۋە ئەمەلدارلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ

تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى يېڭىلاپ، ھەشەمەتلىك ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى بىنا قىلـ-
غان. مەسىلەن، قەشقەر شەھىرىنىڭ قاتمۇقات كوچىلىرى ئىچىدە سىر-
تىدىن ئاددىي كۆرۈنىدىغان، ئەمما ئىچىگە كىرسە كۆزنى چاقنىتىدىغان
كۆركەم ۋە ئازادە ئۆيلەرنىڭ كۆپچىلىكى 30 — 40 ـ يىللاردا بىنا بولـ-
غانلىقى مەلۇم. شەھەر ئىچىدىكى يەنە بىر قىسىم نوپۇزلۇق بايلارنىڭ
شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردا داچا شەكىللىك ھويلا ـ ئارام، باغۋارانلىرى
بولۇپ، ياز پەسلىدە ئۇلار يازلىق ئۆيگە كۆچۈپ چىقىپ دەم ئېلىشقا ئا-
دەتلەنگەن. بۇ خۇددى تارىختا ئۆتكەن ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ قوش پايتەخت
قۇرۇش ئەنئەنىسىگە ئوخشايدۇ.

ئەمما يېزا ـ قىشلاقلاردىكى كەڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئۆي ـ
ماكانلىرى تولىمۇ ئاددىي ۋە نامرات چىراي ھالەتتە يېڭى دەۋرگە ئۇلاشتى.

2 ـ باسقۇچ: 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلانغان ئۆز-
گىرىشلەر

ئازادلىقتىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مە-
دەنىيەت ساھەلىرىدىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر
بىناكارلىق قۇرۇلۇشىمۇ خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىلىرى-
دەك يېڭىدىن قەد كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن باشلانغان سوت-
سىيالىستىك قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش روھى
شەھەر قىياپىتىنى يېڭىلاپ، ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇشىدا تەسەۋۋۇرىمىز-
دىن ئارتۇق يېڭى جانلىنىش مەنزىرىسىنى پەيدا قىلدى.

شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ نەچچە ئەسىرلەر مابەينىدە ماكان قىلىپ
كەلگەن ھۆل ـ يېغىنغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان تار، قاراڭغۇ ئۆيلىرى
ئومۇمىيۈزلۈك بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئازادە، يورۇق ۋە بىخەتەر بىنا ئۆي-
لەر قۇرۇلدى. چوڭ شەھەرلەردىكى مۇتلەق كۆپچىلىك ئاھالىلەر ئوچاققا
ئوت قالاپ تاماق ئېتىدىغان ۋە ئىسسىنىدىغان، ئېلېكتر نۇرىنى كۆرەلـ-
مەيدىغان قالاق ھالەتكە خاتىمە بەردى. شەھەر قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك
تەرتىپكە سېلىنىپ يوللىرى ئاسفالتلاشتى. كۆككە تاقاشقان 30 ـ 40

قەۋەتلىك بىنالار توپى قەد كۆتۈرۈپ، نيۇيورك، شياڭگاڭ ... ھەيۋەتتى بىزنىڭ بۇ تۇپرىقىمىزدىمۇ بىنا بولدى. ئاسفالت يوللار يېزا ـ قىشلاق-لارغىچە تۇتىشىپ، بۇرۇنقى ئۆتەڭلەر يېڭى شەھەرلەرگە ئايلاندى. دېھ-قان ـ چارۋىچىلارنىڭ سوقما تاملىق تارقاق كۇلبىلىرى ئورنىدا ھۆل ـ يېغىن ۋە يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان پىششىق خىشلىق، ھويلا ـ ئاراملىق، ئېلېكترلەشكەن يېڭى ئۆيلەر قەد كۆتۈردى. ھازىر چەت ـ يىراق قىشلاقلاردىمۇ ئالدىن بېيىغان دېھقانلارنىڭ قەۋەتلىك تۇ-رالغۇ ئۆيلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ھازىر شەھەرلەردىن يېزىلارغىچە بىر قانچە ئەۋلاد بىر قورۇدا قىستاڭچىلىق ئىچىدە ياشايدىغان كونا ئەن-ئەنىگە خاتىمە بېرىلىپ، بالا ـ چاقىلار توي قىلغاندىن كېيىنلا يېڭى ئۆي سېلىپ ئايرىم ياشايدىغان ھالەت شەكىللەندى. تۆت پەسىلنىڭ ھەممى-سىدە تىنىق كۆل ياكى ئېرىق ـ ئۆستەڭنىڭ بۇلغانغان سۈيىنى ئىچىد-غان ھالەت تارىخقا ئايلىنىپ، ھەممە ئائىلىلەر سۇ تۇرۇبىسى ئارقىلىق پاكىز سۇ ئىچىش مۇھىتىغا ئېرىشتى. شەھەرلەردە ئاساسىي جەھەتتىن پاكىز سۇ تۇرۇبىسى، ئېلېكتر، پار، گاز لىنىيىلىرى تورلاشتى. ئۆي بېزەكچىلىك سەنئىتى نەپىسلىشىپ، بۇرۇنقى تەكچە، مېھرابلارنىڭ ئورنىنى ئەينەكلىك ياسالغان تام ئىشكاپلىرى ئىگىلىدى. ئۇيغۇر بىنا-كارلىق ۋە نەققاشلىق سەنئىتى ئائىلىلەردىن رېستورانلارغىچە، شىنجاڭ-دىن ئىچكى ئۆلكىلەر، ھەتتا چەت ئەللەرگىچە كېڭىيىشكە باشلىدى. قىسقىسى، ئۆي ـ ئىمارەتتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي مەدەنىيەتنىڭ بۇ يار-قىن كۆزنىكى ئارقىلىق 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلانغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

# ئونىنچى باب

# يولچىلىق (قاتناش ـ ترانسپورت) مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر

## *§1 . ئەنئەنىۋى يولچىلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى*

بۈگۈنكى رېئاللىقتا ئەسلىدە مەدەنىيەتنىڭ ئۇچلەمچى ئاساسى بولۇپ كەلگەن قاتناش ـ ئالاقە يوللىرى تەرەققىياتى ئەجدادلىرىمىزنىڭ «ئۇچار ئات»، «ئۇچار گىلەم» تەسەۋۋۇرىدىن ئېشىپ كەتتى. قۇرۇقلۇق، هاۋا، سۇ يوللىرى بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ، دۇنيانىڭ چېگرا ـ پاسىللىرىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇردى. «بارسا كەلمەس» يوللار مەڭگۈلۈك تارىخقا ئايلاندى. ئامېرىكىلىق ئالىم ئالۋىن توفلېر ئۆزىنىڭ «كېلەچەك بىلەن توقۇنۇشۇش» ناملىق ئەسىرىدە ئېيتقاندەك، «مىلادىيىدىن 6000 يىل بۇرۇنقى دەۋرلەردە تۆگە كارۋانلىرى ئەڭ تېز ماڭىدىغان قاتناش ۋاستىسى بولغان. ئۇلار سائىتىگە 8 مىل ① تېزلىك بىلەن يول يۈرگەن. مىلادىيىدىن تەخمىنەن 1600 يىل ئاۋۋال يېنىك ئۇرۇش هارۋىلىرى كەشىپ قىلىنغاندىن كېيىن قاتناش تېزلىكى 20 مىلغا يەتكۈزۈلدى. ئارىدىن 3500 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1784 ـ يىلى ئەنگلىيىدە تۇنجى قېتىم پوچتا هارۋىلىرى مەيدانغا كەلگەندىمۇ ئۇلارنىڭ تېزلىكى سائىتىگە 10 مىلدىن ئاشمىدى. 1825 ـ يىلى مەيدانغا كەلگەن تۇنجى پاراۋوزنىڭ ئەڭ زور تېزلىكى سائىتىگە 13 مىلدىن ئاشقان ئەمەس.

پەقەت ئۆتكەن ئەسىرنىڭ (19 ـ ئەسىرنى كۆرسىتىدۇ. — ئاپتور)

① بىر ئىنگلىز مىلى تەخمىنەن 1.5 كىلومېتىر ئارىلىققا تەڭ.

80 ـ يىللىرىغا كەلگەندىلا پاراۋوزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئاساسىدا سا-
ئەتلىك تېزلىك 100 مىلغا يەتكۈزۈلدى. ئەنە شۇ رېكورتنى يارىتىش
ئۈچۈن 4 مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت كەتتى. ئەمما بۇ رېكورتنى 4 ھەسسىگە
يەتكۈزۈش ئۈچۈن 58 يىللا ۋاقىت كەتتى: 1934 ـ يىلغا كەلگەندە ئادەملەر
ئاسماندا 400 مىل تېزلىك بىلەن ئۇچۇشقا باشلىدى. ئارىدىن بارى ـ يوق
25 يىل ئۆتە ـ ئۆتمەي، يەنى 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بولسا،
رېئاكتىپ ماتورغا ئىگە ئايروپىلانلارنىڭ سائەتلىك تېزلىكى 4 مىڭ مىلغا
يېقىنلاشتى. ھالبۇكى، شۇ ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە، يەنى ئالەم ئۇچقۇچىلىرى
ئالەم كېمىلىرىدە سائىتىگە 18 مىڭ مىل تېزلىك بىلەن يەر شارىنى
ئايلىنىشقا باشلىدى» ① .

دەرۋەقە ، بۈگۈنكى ئېچىۋېتىلگەن دۇنيادا تېخى تۈنۈگۈنلا زاۋۇتتىن
چىققان فرانسىيىنىڭ «MONTAGUT» ماركىلىق كىيىم ـ كېچەكلە-
رى، ئامېرىكىنىڭ «ئالياسكا» ماركىلىق يېشىل دورا ـ دەرمەكلىرى،
ئوتتۇرا شەرقنىڭ خورمىلىرى، گېرمانىيىنىڭ «بېنتس» ۋە «ئاۋدى»
ماشىنىلىرى ... ئەتىسىلا بىزنىڭ بازارلىرىمىزغا كىرەلەيدۇ. مال
ئالماشتۇرۇشتىكى بۇنداق تېزلىكنى قاتناش يوللىرىنىڭ ئىنتايىن را-
ۋانلاشقانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى،
ھازىرقى زامان قاتناش تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى باشقا ھەر قانداق ساھە-
نىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇنداق تەرەققىيات ئىن-
سانلارنىڭ ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىشى ۋە جاپالىق ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەن.

بوستانلىقلىرى چەكلىك، ئەتراپى تاغ ـ دەشتلەر بىلەن قاپلانغان،
كىلىماتى ئۆزگىرىشچان بولۇشتەك ناچار جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا ما-
كانلاشقان ئۇيغۇرلارمۇ قەدىمدىن تارتىپ قاتناش يوللىرىنى ئېچىشقا نا-
ھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار ئاتنى ئۆزىگە سىمۋول قىلغان «يايلاق
مەدەنىيىتى» چەمبىرى ئىچىدە ياشاۋاتقان مەزگىللىرىدىلا ئوت ـ سۇ مەن-
بەلىرىنى قوغلىشىپ، قۇيۇندەك ئۇچقۇر ئاتلىرىغا تايىنىپ، ئاسىيا ـ

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىل 5 ـ ، 6 ـ سانى.

ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى بىر ـ بىرىگە باغلىغان دۇنياۋى مەدەنىيەت ـ سودا ئالاقە يولى — «يىپەك يولى» نى ئېچىشتا سەركەردىلىك رول ئوي- نىغان. شۇنىڭ بىلەن «يىپەك يولى» خاسىيىتى تارىم ئويمانلىقىدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق بالىياتقۇنى مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن تاكى 15 ـ ئەسىرلەرگىچە (قۇرۇقلۇق «يىپەك يولى» چۆلدەرەپ قالغان مەز- گىلگىچە) «تۆت تەرەپكە قارىتىپ، دېرىزىسى ئېچىۋېتىلگەن ئۆيگە، گۈل- لەرنىڭ رەڭ ـ پۇرىقىغا قارىماي شىرنە يىغىدىغان ھەسەل ھەرىسىگە» ① ئايلاندۇرغانىدى. ئۇيغۇرلار شىمالىي چۆللۈكتە ياشاۋاتقان مەزگىللىرىدىلا ئەتراپىدىكى رايونلار ئارا تەرەپ ـ تەرەپكە تۇتىشىدىغان قاتناش تورىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ قاتناش تورى ئىچىدە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كېلىدىغان سودا كارۋانلىرى، ساياھەتچىلەر، يىلنىڭ تۆت پەسلىدە ئوتلاق قوغلىشىپ تىنىمسىز كۆچۈپ يۈرىدىغان چارۋىچىلار، جەڭگە ماڭغان قوشۇنلار، ئەلچىلەر ۋە باشقا يولۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇت بولغان بۇ يوللارنى باشقۇرۇشقا ۋە قوغداشقا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، مەخسۇس يول باشقۇرۇش قورۇقچىبەگ مەھكىمىلىرىنى تەسىس قىلغانىدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇننى مەركەز قىلغان بۇ قاتناش تورى تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە تازا ئاۋاتلاشقان بولۇپ، شىمالىي يايلاقتىكى بۇ يول تارىختا «ئۇيغۇرلار يولى» دەپمۇ ئاتالغان. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئورۇش ۋەھىمىسى ئىچىدە خېشى كارىدورى بىلەن تارىم ئويمانلىقىدىكى ئەنئەنىۋى «يىپەك يولى» بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش لىنىيىسى موڭغۇل دالاسىدىن ئۆتىدىغان ئەنە شۇ «ئۇيغۇرلار يولى» بولۇپ قالغانىدى. بۇ يول ئەينى دەۋردە بەش لىنىيىدىن تەركىب تاپقان:

بىرىنچى لىنىيە — ئۇيغۇرلارنىڭ قارارگاھى — قارابالغاسۇندىن چاڭئەنگە بارىدىغان جەنۇبىي يول بولۇپ، 66 ئورۇندا پوچتا ئۆتەڭلىرى

---

① مىڭ چېبى، لولۇ: «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش»، «تارىم» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىل 11 ـ سان.

تەسىس قىلىنغان. ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئات، يىپەك سو-
دىسى مۇشۇ يول بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. مىلادىيە 756 ـ يىلى ئۇيغۇر
ئاتلىق قوشۇنلىرى چاڭئەنده يۈز بەرگەن «ئەنلۇشەن ـ شىسىمىڭ» توپىلى-
ڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسىغا ياردەمگە كەلگەندىمۇ مۇشۇ يول
ئارقىلىق سەددىچىندىن ئۆتۈپ چاڭئەنگە كىرگەنىدى. 840 ـ يىلى ئۇيغۇر
خاقانلىقى يىمىرىلگەندە، جەنۇبقا كۆچكەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارمۇ دەل
مۇشۇ يول بىلەن يۈرگەنىدى. بۇ ناھايىتى قەدىمىي يول بولۇپ، مىلادى-
يىدىن ئىلگىرىلا ھونلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئاتلانغان غەربىي خەن قو-
شۇنلىرىمۇ مۇشۇ يول بىلەن ماڭغان. بۇ يول ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايون-
لىرى بىلەن شىمالىي قۇملۇق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىدا نا-
ھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ئىككىنچى لىنىيە — ئۇيغۇرلارنىڭ قارارگاھىدىن پامىرنىڭ غەر-
بىدىكى چۇ دەرياسى ۋادىلىرى (سۇياپ شەھىرى) غا بارىدىغان يول. بۇ
غەربىي يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5220 چاقىرىم بولۇپ، ئارىلىقتا
كېسىپ ئۆتىدىغان ئەڭ مۇھىم شەھەر — بېشبالىق ئىدى. بۇ ئىنتايىن
راۋان ۋە ئوچۇق يول بولۇپ، ئۇ ھازىرقى شىنجاڭدىكى چاڭبالىق (سانجى
شەھىرى)، ماناس، شىخو، جىڭ، ئىلى ۋادىسى قاتارلىق جايلاردىن ئۆتەتتى.
بۇ يولنىڭ يەنە بىر تارمىقى ئېۋىرغول ئايمىقى، كىنگىت (قارا شەھەر)،
كۇسەنلەردىن ئۆتۈپ، ئىسسىق كۆل ئارقىلىق سۇياپقا تۇتىشاتتى.

ئۈچىنچى لىنىيە — ئۇيغۇرلارنىڭ قارارگاھىدىن جەنۇبقا قاراپ
سوزۇلغان بۇ يول ئۇدۇل خېشى كارىدورىدىكى جاڭيې بازىرىغا تۇتىشاتتى.
قەدىمكى زامانلاردا بۇ يول چۇغاي (تېلى) تاغلىرىدىن باشلىنىدىغان ئەر-
گىنە قۇن دەرياسى ئېتىكىدىكى تەبىئىي يېشىل كارىدورنى كېسىپ ئۆ-
تىدىغان بولغاچقا، «ئەرگىنە قۇن يولى» دېيىلەتتى. بۇ يول خەن سۇلالىسى
پۈتۈكلىرىدە «لوڭچېڭ قەدىمكى يولى» دېيىلگەن.

تۆتىنچى لىنىيە — ئۇيغۇر خاقانلىقى زېمىنىدىكى ئارشاڭ ئې-
گىزلىكىدە خېشى كارىدورى بىلەن پاراللېل يەنە بىر يول بولۇپ، بۇ
لىنىيە غەربتە قۇمۇل ئارقىلىق بېشبالىققا تۇتىشاتتى. شەرقىي تەرىپى

تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمال تەرەپتىكى مۇھىم بازىلىرىدىن بىرى بولغان تيەندى لاگېرى (بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئوجياخې دەرياسى قىرغە-قىدا) ئارقىلىق لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ چاۋياڭ شەھىرىدىن ئايلىنىپ چاڭئەنگە تۇتىشاتتى.

بەشىنچى لىنىيە — شىمالىي يول بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ قارارگاھىدىن يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ياشايدىغان قىرغىز-لارنىڭ يۇرتىغا سوزۇلغانىدى. بۇ يول نۇرغۇن دەريالاردىن، قويۇق ئور-مانلار ۋە ئېگىز تاغلاردىن ھالقىپ سىبىرىيىگە تۇتىشاتتى. مىلادىيە 840 ـ يىلى ئۇيغۇر سەركەردىسى كۆلۈگ باغا قىرغىزلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ 100 مىڭ كىشىلىك قىرغىز ئاتلىق قوشۇنلىرى بىلەن ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ پايتەختىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندا مۇشۇ يول بىلەن كەلگەنىدى.

ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدە يۇقىرىقى بەش چوڭ لىنىيىلىك يوللار بىر تۇتاش باشقۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسلىق يوللارنىڭ ھەممىسىگە خانلىق تەرىپىدىن ئۆتەڭلەر ياسىتىلغان. بۇ يوللار «شىمالىي يايلاق يە-پەك يولى» سۇپىتىدە، ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسى-دىكى قويۇق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدا ئاكتىپ رول ئوينىغانىدى. بۇ مەزگىلدىكى قاتناش قورالى ئاساسەن تۆگە، ئات ۋە چاقى ئېگىز، كۆپ شادىلىق كالا ھارۋىلىرى ئىدى. بۇنداق كالا ھارۋىلى-رىنىڭ ئۈستىگە كىگىز ئۆي ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، «چېدىر ھارۋا» دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلار يۇرتىدىن چاڭئەنگە قايتقان مەلىكە تەيخې (مىلا-دىيە 843 ـ يىلى) ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى نەچچە ئونلىغان «چېدىر ھارۋا» غا ئولتۇرۇپ كەلگەنىدى. ①

بىز يۇقىرىدا ئىزاھلىغان يوللار مەشھۇر «يىپەك يولى» نىڭ ئەڭ قەدىمكى شىمالىي يايلاق لىنىيىسى بولۇپ، ئۇ «يىپەك يولى» نىڭ تۇغۇنى چاڭئەن ئارقىلىق ئاساسىي غول يوللارغا تۇتاشقان. بۇ يوللار كېيىنرەك ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن تەدرىجىي

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 247 ـ جىلد.

خارابلىشىپ، چاڭئەندىن غەربكە سوزۇلغان ئانا يوللارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. مانا شۇ ئانا يوللار تارىختا ھەقىقىي مەنىدىكى «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان. بۇ «يىپەك يولى» نىڭ ئاساسلىق ئۆتەڭلىرىنىڭ ئورنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇ يوللارمۇ چاڭئەندىن باشلىنىپ خېشى كارىدورىدىكى قاشقوۋۇق (玉门关 — يۈمېنگۈەن) قا كەلگەندە جەنۇب ۋە شىمالىي لىنىيىگە ئايرىلغان. بۇ لىنىيىلەر غەرب، شەرق، جەنۇبقا قاراپ داۋاملىق سوزۇلغان، شەرقىي لىنىيە چاڭئەن، لوياڭلار ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرغان. شىمالىي لىنىيە قاشقوۋۇقتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىلى ۋادىسىغا سوزۇلۇپ، يەتتىسۇ رايونى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغىچە تۇتاشقان. جەنۇبىي يول قەشقەر، يەكەن، خوتەننى بېسىپ ئۆتۈپ، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ھالقىپ ھىندىستانغا تۇتاشقان. بۇ ئۈچ چوڭ غول لىنىيە نۇرغۇن تارماق يوللارغا ئايرىلىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنى چەمبەر قىلغان ھالدا تورلىشىپ كەتكەن. بۇ يوللاردا نۇرغۇنلىغان رابات ـ ئۆتەڭلەر بولۇپ، ئۆتەڭلەر ئارا ئۇچۇر ـ خەۋەر يەتكۈزىدىغان ئۇچقۇر پوچتا ئاتلىرى سەپلەپ بېرىلگەن. بۇ يوللاردا كارۋانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. بۇ دەۋرلەردە كارۋانلار ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكتىكى ئاساسلىق ئالاقە ۋاسىتىسى بولغاچقا، كارۋانغا بېشى ناھايىتى ئۇلۇغلىنىپ، «كارۋانلار پىرى»، «سودىگەرلەر پىرى» دەپ ئاتالغان. بۇ «يىپەك يوللىرى» بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ناھايىتى گۈللەنگەن. سۇڭ دەۋرى (مىلادىيە 960 — 1279) گە كەلگەندە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن بىر مەزگىل خارابلاشقان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 1279 — 1368) گە كەلگەندە يەنە قايتىدىن ئاۋاتلىشىپ، نۇرغۇن چەت ئەللىك سەيياھلار مۇشۇ «يىپەك يولى» ئارقىلىق جۇڭگوغا كەلگەن. يۈەن سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا، يەنى غەربىي رايوندىكى بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر ئارىسىدىكى تىنىمسىز ئۇرۇش مالىمانچىلىقى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتلەردىكى بېكىنمىچىلىك — «ۋاكۇئۇملۇق» نىڭ ئەۋج ئېلىشى، دېڭىز يولىنىڭ كەڭ ئېچىلىشى، ياۋروپادا كۆتۈرۈلگەن مەدەنىيەت ئويغىنىشى قاتارلىق

سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن، 15 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرغان بۇ دۇنياۋى قۇرۇقلۇق «يىپەك يولى» يەنە خارابىلىشىشقا يۈزلەندى. «يىپەك يولى» ئەڭ كەم ھېسابلانغاندىمۇ ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 329 ـ يىلدىن 327 ـ يىلىغىچە) ۋە خەن ۋۇدى زامانىسىدىكى مەشھۇر دىپلومات جاڭ چيەن (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138 ـ يىللىرى) ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ غەربكە سەپەر قىلىشىدىن تاكى ۋېنتسىيىلىك سەيياھ ماركوپولونىڭ جۇڭگوغا قۇرۇقلۇق ئارقىلىق قىلغان ساياھىتىگىچە تەخمىنەن 1700 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلدى. بۇ يول تارىختا نوقۇل سودا يولى بولۇپلا قالماستىن ، ئەڭ مۇھىمى شەرق بىلەن غەرب دۇنياسى ئارد-سىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار «يىپەك يولى» نىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقتەك ئەۋزەللىكى بىلەن غەربىي رايوننىڭ تارىخىي سەلتەنىتىدە سەركەردىلىك رول ئوينىغان. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ قاتلاملىق، ئارىلاشمىلىق ئالاھىدىلىكى ئەنە شۇ «يىپەك يولى» خاسىيىتى ئارقىلىق شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلار تارىختا كۆپ خىل دىن (شامان، زارو ئاستىر، مانى، بۇددا، نېستورىئان، ئىسلام) غا ئېتىقاد قىلغان، كۆپ خىل تىل ـ يېزىق قوللانغان (شىنجاڭ ئارخېئو-لوگىيىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ رايوندا 27 خىل تىل ـ يېزىق ئىشد-لىتىلگەنلىكى مەلۇم). كۆپ قېتىم تارىخىي كۆچۈشلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن. بۇنداق قىسمەتلەرنىڭ ھەممىسى دەرۋەقە «يىپەك يولى» ئار-قىلىق روياپقا چىققان. بولۇپمۇ بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئارقد-لىق شەرققە تارقىلىشىدا «يىپەك يولى» نىڭ تارىخىي رولى ناھايىتى چوڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن سودا كارۋانلىرىدىن باشقا، دۇنيانىڭ ۋە ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرى، دىن تارقاتقۇچىلار، ئارخېئولوگلار، گېد-ئوگرافلار، تارىخچىلار، تىلشۇناسلار، ئېتنوگرافلار ... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىڭلىغان سەيياھلارنىڭ بۇ يولدا قەدەم ئىزى بار. تارىختا بۇ يول بىلەن جاھان كېزىپ شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن سەيياھلار-نىڭ ئۇلگىلىرىنى مۇنداق سىخېمىلاش مۇمكىن («م . ب» مىلادىيىدىن بۇرۇن دېگەننى كۆرسىتىدۇ):

## «يىپەك يولى» سەيياھلىرىنىڭ ئۆلگىلىرى

| ئىسمى | دۆلەت تەۋەلىكى | سەپەر مەزگىلى | يول لىنىيىسى، ئاساسلىق خىزمىتى |
|---|---|---|---|
| جاڭ چيەن | غەربىي خەن سۇلالىسى | 1 ـ قېتىم م. ب 138 ـ يىلى 2 ـ قېتىم م. ب 119 ـ يىلى | چاڭئەندىن غەربىي يۇرتقا كەلگەن ئەلچى، غەربىي رايوننى ئېچىپ ئەلگە تونۇلغان |
| فۇ جىزى | غەربىي خەن سۇلالىسى | م. ب 77 ـ يىللار | كروران، كۇسەن خانلىقلىرىغا بېرىپ بۆلۈنمە هاكىمىيەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەن |
| جى پىڭجى | غەربىي خەن سۇلالىسى | م. ب 60 ـ يىللار | بۇگۇرگە كېلىپ «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» نى قۇرغان |
| چېن تاڭ | غەربىي خەن سۇلالىسى | م. ب 36 ـ يىللار | «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى»گە باشلىق بولۇپ، بەگلىكلەرنى بىرلەشتۈرۈشتە تۆھپە ياراتقان |
| ۋاڭ جاۋجۈن | غەربىي خەن سۇلالىسى | | هون تەڭرىقۇتى قوغشارغا ياتلىق قىلىنغان، خەن سۇلالىسى بىلەن هونلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى يۇمشاتقان |
| مەلىكە جى يۇ | غەربىي خەن سۇلالىسى | م. ب 65 ـــ 60 ـ يىللار | ئۇيسۇن خانلىقىغا ياتلىق قىلىنىپ، غەربىي يۇرت بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرگەن |

| | | | |
|---|---|---|---|
| فېڭ لياۋ | غەربىي خەن سۇلالىسى | م. ب 60 ـ يىللار | خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا ئەۋەتكەن تۇنجى دىپلوماتى |
| ۋاڭ جىڭ | شەرقىي خەن سۇلالىسى | مىلادىيە 152 ـ يىللى | تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا بارغان. ئۇدۇن خانلىقىنى ئەل قىلغان |
| بەن چاۋ | شەرقىي خەن سۇلالىسى | مىلادىيە 72— 102 ـ يىللار | «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى»گە باشلىق بولۇپ، زور خىزمەت كۆرسەتكەن |
| بەن يۇڭ | شەرقىي خەن سۇلالىسى | مىلادىيە 103 ـ يىللار | بەن چاۋنىڭ ئوغلى، غەربىي يۇرتنىڭ دورغاب بېگى بولۇپ، ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن |
| فاشيەن | شەرقىي جىن سۇلالىسى | مىلادىيە 399 ـ يىللار | چاڭئەندىن غەربىي يۇرتقا، ئاندىن ھىندىستانغا بېرىپ، دېڭىز يولى ئارقىلىق قايتىپ كەلگەن |
| سۇڭ يۈن | شىمالىي ۋېي سۇلالىسى | مىلادىيە 518 ـ يىللار | غەربىي يۇرت ئارقىلىق ھىندىستانغا بېرىپ، 170 جىلدلىق بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ قايتقان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| راهىب خۇيشاڭ | شىمالىي ۋېي سۇلالىسى | مىلادىيە 518 ـ يىللار | سۇڭ يۈن بىلەن بىللە سەپەر قىلغان |
| ۋېي جيې | سۈي سۇلالىسى | مىلادىيە 605 ـ يىللار | غەربىي يۇرتقا بېرىپ، تۈركلەر بىلەن سىياسىي مۇناسىۋەت ئورناتقان |
| شۈەنزاڭ | تاڭ سۇلالىسى | 626 — 645 ـ يىللار | يىپەك يولىنى بويلاپ 19 يىل سەپەر قىلىپ، 520 جىلد بۇددا نومىغا ئېرىشكەن |
| كۇمراجىۋا | كۇسەن | مىلادىيە 401 ـ يىلى جەنۇبىي يىپەك يولى ئارقىلىق چاڭئەنگە بارغان | چاڭئەندە 30 يىل ياشاپ، 98 پارچە 425 جىلدلىق بۇددا نوم سۇترالىرىنى تەرجىمە قىلغان |
| سۇجۇپ | كۇسەن | مىلادىيە 517 ـ يىللار | چاڭئەنگە كېلىپ غەربىي يۇرتنىڭ 12 تېمپېراتسىيىلىك كۈي قانۇنىنى تارقاتقان |
| كىچىك نىڭگو مەلىكە | تاڭ سۇلالىسى | مىلادىيە 758 — 791 ـ يىللار | تاڭ شۈەنزاڭنىڭ نەۋرىسى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا ياتلىق قىلىنىپ، 33 يىل ياشاپ، شۇ جايدا ۋاپات بولغان |
| شيەن ئەن مەلىكە | تاڭ سۇلالىسى | مىلادىيە 789 ـ يىللار | تاڭ دېزۇڭنىڭ 8 ـ قىزى، ئۇيغۇر خانلىقىغا ياتلىق قىلىنىپ، 21 يىل ياشاپ، شۇ جايدا ۋاپات بولغان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| تەيخې مەلىكە | تاڭ سۇلالىسى | مىلادىيە 822 ـ يىلى | تاڭ شۆەنزۇڭنىڭ قىزى، ئۇيغۇر خانلىقىغا ياتلىق قىلىنىپ 21 يىلدىن كېيىن چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەن |
| دۇخۇەن | تاڭ سۇلالىسى | 751 ـ يىللار | ئەرەب قوشۇنلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن |
| ۋاڭ يەندى | سۇڭ سۇلالىسى | 981—984 ـ يىللار | چاڭئەندىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا كەلگەن، «ۋاڭ يەندى ساياھەت خاتىرىسى» نى يازغان |
| مەھمۇد قەشقەرى | قەشقەر | 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى | قەشقەردىن «يىپەك يولى» ئارقىلىق ئىراقنىڭ باغداد شەھىرىگە بارغان ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نى يازغان |
| ئاقارى ماندا (بەي خىدا) | كۇسەن | مىلادىيە 517 ـ يىللار | سۇجۇپ بىلەن بىللە كۇسەندىن چاڭئەنگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان كۇيشۇناس |
| راھىب خۇەساڭ | تاڭ سۇلالىسى | مىلادىيە 603 ـ 684 ـ يىللار ئارىلىقىدا ياشىغان | چاڭئەنگە غەربىي يۇرت، ھىندىستانلاردىن بۇددا نوملىرى ۋە بۇددا ھەيكەللىرىنى ئېلىپ قايتقان |
| مىي جىڭ | تاڭ سۇلالىسى | مىلادىيە 635—713 ـ يىللار ئارىلىقىدا ياشىغان | چاڭئەندىن غەربىي يۇرت ئارقىلىق ھىندىستانغىچە بېرىپ بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ قايتقان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| گاۋجۇخۇي | سۇڭ سۇلالىسى | 938 ـــ 940 ـ يىللار | خوتەنگە كېلىپ، خوتەن ھەققىدە خاتىرىلەرنى قالدۇرغان |
| جې يى | سۇڭ سۇلالىسى | مىلادىيە 964ـــ 974 ـ يىللار | بېيجىڭ ئارقىلىق غەربىي يۇرتقا كەلگەن تۇنجى سەيياھ |
| چاڭچۇن جىنرېن | يۈەن سۇلالىسى | 1220 ـ يىللىرى | غەربىي يۇرتقا كېلىپ «چاڭچۇن جىنرېننىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» نى يېزىپ قالدۇرغان |
| چېن چىڭ | مىڭ سۇلالىسى | 1413 ـ يىللىرى | «غەربىي يۇرتتىكى ئەللەر تەزكىرىسى» نى يېزىپ قالدۇرغان |
| مالنوس | گرېتسىيە | مىلادىيە 150 ـ يىللىرى | غەربىي يۇرتقا كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلغان |
| راھىب ھىرودىن | پېرسىيە | 631 ـ يىللىرى | «يىپەك يولى» نى بويلاپ دىن تارقىتىپ غەربىي يۇرت ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگەن |
| ساللام | ئەرەب | 845 ـ يىللىرى | تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان |
| ئىنى مۇخلىل | پېرسىيە | 941 ـ يىللىرى | ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەلچىلىرىگە ئەگىشىپ غەربىي يۇرتقا كەلگەن. «شەرققە ساياھەت خاتىرىسى» نى يېزىپ قالدۇرغان |
| ياروسلوف | رۇسىيە | 1246 ـ يىللىرى | تارباغاتاي رايونلىرىدا تەكشۈرۈشتە بولغان |
| بىندىكت | پولشا | 1246 ـ يىللىرى | تارباغاتاي رايونلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قىممەتلىك قوليازمىلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن |

| | | | |
|---|---|---|---|
| روبروك، مائۇس گوسىل نىكولاس | رۇسىيە | 1253 ـ يىللىرى | غەربىي يۇرتقا كېلىپ، «سېرىس» دېگەن نامنىڭ جۇڭگو ئىكەنلىكىدىن مەلۇمات بەرگەن |
| خايتون | يەمەن | 1254 ـ يىللىرى | تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ، سەمەرقەنت، بۇخارا قاتارلىق جايلارغا بارغان |
| ماركوپولو | ئىتالىيە | 1271 ـ يىللىرى | يىپەك يولىنى بويلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەربىي يۇرتقا كەلگەن سەيياھ |
| فىگولوتتى | فلورېنسىيە | 1327 ـ يىللىرى | سودا ئەترىتىنى باشلاپ غەربىي يۇرتقا كەلگەن، 63 پارچە ساياھەت خاتىرىسى يېزىپ قالدۇرغان |
| شادى خوجا، مىرزا باي ساڭار، سۇلتان ئەھمەد | پېرسىيە | 1419 ـ يىللىرى | قۇمۇل، تۇرپان، گەنسۇ رايونلىرىدا تەكشۈرۈشتە بولغان |
| فىيوتىر زاكىۋىچ | رۇسىيە | 1654 ـ يىللىرى | جۇڭغار ئويمانلىقىدا تەكشۈرۈشتە بولغان |
| ماداتوف | رۇسىيە | 1710 ـ يىللىرى | ئىسسىقكۆل ، تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ، ھىندىستانغىچە بارغان سەيياھ |
| ئۇرۇسوف ساموف | رۇسىيە | 1719 ـ يىللىرى | زەيسان كۆلى ۋە جىرجىس دەرياسى بويىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان |
| لىخاروف | رۇسىيە | 1720 ـ يىللىرى | جىرجىس دەرياسى بويىدا تەكشۈرۈشتە بولغان |
| سۋىرىس | رۇسىيە | 1793 ـ يىللىرى | تارباغاتايدا تەكشۈرۈشتە بولغان |
| ئېفرانموف | رۇسىيە | 1798 ـ يىللىرى | ئىلى ئارقىلىق قەشقەر، يەكەنگە سەپەر قىلىپ، ئۇرغۇنلىغان خاتىرىلەرنى قالدۇرغان |
| بوبىنوف | رۇسىيە | 1821 ـ يىللىرى | قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولغان |
| پوتشېف | رۇسىيە | 1811 ـ يىللىرى | ئىلىنى زىيارەت قىلىپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى تارماق ئېقىنلار توغرىسىدا دوكلات يازغان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| موركروخت | ئەنگلىيە | 1824 ـ يىللىرى | كەشمىردىن غەربىي يۇرتقا كېلىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا تەپسىلىي دوكلات يازغان |
| خۇممبۇلىدت، روموتوف | رۇسىيە | 1829 ـ يىللىرى | جۇڭغار ئويمانلىقىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئاسيانىڭ مەركىزى تەڭرىتاغقا يېقىن دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان |
| هېنزى سىچاردچېي، تومپسون | ئەنگلىيە | 1847 ـ يىللىرى | يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن |
| خومنستوفنوۋىچ، سىدلوۋىر خېلىم | رۇسىيە | 1856 ـ يىللىرى | ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا تەكشۈرۈشتە بولغان |
| سىمنوف | رۇسىيە | 1856 ـ يىللىرى | تەڭرىتاغ ئەتراپىدا تەكشۈرۈشتە بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ ھەرخىل ھاۋارايى ئۆزگىرىشلىرى توغرۇلۇق تەپسىلىي خاتىرىلەرنى قالدۇرغان |
| هېنرىك | رۇسىيە | 1856 ـ يىللىرى | تارباغاتايدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قىممەتلىك ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىگە ئېرىشكەن |
| ئانكىسنون | رۇسىيىلىك مۇھاجىر (ئەنگلىيىدىن) | 1856 ـ يىللىرى | ئىلى رايونىدىكى سۇ مەنبەلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان |
| ئادلوف، هېرمان، روبېرت | پولشا | 1857 ـ يىللىرى | قاراقۇرۇمدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يەكەن، خوتەن، قەشقەر قاتارلىق رايونلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان |
| گىلوبىك | رۇسىيە | 1858 ـ يىللىرى | بالقاش كۆلىدىن ئۆتۈپ، ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق رايونلاردا تەكشۈرۈشتە بولۇپ، ئىسسىقكۆلنىڭ ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ چىققان |
| چوقان ۋەلىخانوف | رۇسىيە | 1897 ـ يىللىرى | بىر ئەترەتنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەن، قولىيازما ۋە ھەرخىل يادىكارلىقلارنى توپلىغان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| مونتېگومېرىي | ئەنگلىيە | 1863 ـ يىللىرى | باشقىلار بىلەن بىرلىكتە يە. كەندە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى قەدىمىي شە. ھەرلەرنىڭ قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان |
| جونسون | ئەنگلىيە | 1867 ـ يىللىرى | قاراقاش، خوتەن قاتارلىق رايونلاردا ئۆلچەش، تەكشۈرۈش ئېلىپ بې. رىپ، مۆرەككەپ يەر قاتلىمىنى تەتقىق قىلغان ۋە ئۆلگە ئالغان |
| سۆىرتوف | رۇسىيە | 1867 ـ يىللىرى | قەشقەر رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، شۇ رايونلاردىكى دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان |
| ئوستېن زاكېن | رۇسىيە | 1867 ـ يىللىرى | تەڭرىتاغدا جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان |
| پورتراتىسكى | رۇسىيە | 1868 ـ يىللىرى | تەڭرىتاغدىكى مۇزارت داۋىنىدا تەك. شۈرۈش ئېلىپ بارغان |
| بونياكوفىسكى | رۇسىيە | 1868 ـ يىللىرى | قەشقەر رايونىدا ھاۋارايىدىن تەك. شۈرۈش ئېلىپ بارغان |
| رېيىنتال | ئەنگلىيە | 1868 ـ يىللىرى | قەشقەرگە كېلىپ قەشقەرنىڭ دېڭىز يۈز. دىن 4017 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە ئىكەنلىكىنى ئۆلچەپ چىققان |
| روبېرت شاۋ | ئەنگلىيە | 1868 ـ يىللىرى | سودىگەر قىياپىتىدە قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان |
| مىرزا | ئەنگلىيە | 1868 ـ يىللىرى | قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولۇپ، بۇ رايوننىڭ خە. رىتىسىنى سىزىپ چىقىشقا ھەسسە قوشقان |
| خايۋارد | ئەنگلىيە | 1868 ـ يىللىرى | جەنۇبىي شىنجاڭدا جۇغراپىيىلىك تەك. شۈرۈشتە بولۇپ، قەشقەر بىلەن يەكەننىڭ جۇغراپىيىلىك ماسلىقىنى ئۆلچەپ چىققان |
| كايلېي | ئەنگلىيە | 1868 ـ يىللىرى | پامىر ۋە قەشقەر رايونىدا تەكشۈ. رۈشتە بولغان |
| فۇرسىي | ئەنگلىيە | 1869 ـ يىللىرى | ئەلچىلەرنى باشلاپ، لاداختىن يولغا چىقىپ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا تەكشۈرۈشتە بولغان |
| كائۇلبارس ۋە سكناخوست | رۇسىيە | 1872 ـ يىللىرى | يەتتىسۇ، توقماق، قەشقەر رايونلىرىدا تەكشۈرۈشتە بولغان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ماتوسوفىچ | رۇسىيە | 1872 ـ يىللىرى | زەيسان كۆلىدىن يولغا چىقىپ تارباغاتايغىچە كېلىپ تەكشۈ-رۈشتە بولغان |
| ئېلياس | ئەنگلىيە | 1872 ـ يىللىرى | گەنسۇ، قۇمۇلدىن ئۆتۈپ، ئىلى قاتارلىق رايونلاردا ئاسترونومىيە-لىك تەكشۈرۈشتە بولغان |
| بېرزىنسىي | ۋېنگرىيە | 1873 ـ يىللىرى | توقماق، قەشقەر، قاراقۇرۇم، يەكەن قاتارلىق رايونلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان |
| گوردون | ئەنگلىيە | 1873 ـ يىللىرى | قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەر ئەتراپىدىكى سۇ يوللىرى-نىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئەھۋالىنى ئۆلچەپ چىققان |
| بېدولوف | ئەنگلىيە | 1873 ـ يىللىرى | يامانيار دەرياسىنى بايقاپ چىققان |
| تېروتتېر | ئەنگلىيە | 1873 ـ يىللىرى | جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا جۇغرا-پىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولغان |
| پوئىل | ۋېنگرىيە | 1873 ـ يىللىرى | قەشقەرگە كېلىپ، ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە ۋېنگرىيىلىكلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان |
| سىكلېر | ئامېرىكا | 1873 ـ يىللىرى | ئىلى رايونىدا ساياھەت تەكشۈرۈشىدە بولغان |
| سۇسنوۋىچ، ماسسو-ۋىچ، بوياسسۇۋىچ | رۇسىيە | 1875 ـ يىللىرى | بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ، قۇمۇلغا كېلىپ ئۆزگىچىلىكى مەلۇم بولغان ئۇسۇملۇك ئۆزگىچىلىكلىرى ۋە قارقۇر بويۇملارنى يىغقان |
| موسكېتوف | رۇسىيە | 1875 ـ يىللىرى | پامىر ۋە تارباغاتايدىن ئۆتۈپ، ئىلى ۋە تەڭ-رىتاغ ئارىسىدىكى تاغ غوللىرىدا تەكشۈ-رۈش ئېلىپ بارغان |
| كېروپاتكىن | رۇسىيە | 1876 ـ يىللىرى | جەنۇبىي شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولۇپ، «قەشقەرىيە» ناملىق ئەسىرىنى يازغان |
| ۋ. گېرىگورىف | رۇسىيە | 1869 — 1873 ـ يىللىرى | شىنجاڭغا كېلىپ «تارىخىي ئىزاھلار» نى يازغان |
| پوتانىن | رۇسىيە | 1876 ـ يىللىرى | قۇمۇل، ئۇلاستاي، ئالتاي تاغلىرىدا ئۆسۈملۈك تەتقىقاتى بويىچە تەكشۈ-رۈشتە بولغان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| سكافىلىف | رۇسىيە | 1876 ـ يىللىرى | ئىلى، پامىر، قىزىلسۇ ئەتراپلىرىدا تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان |
| كىسىجاك | رۇسىيە | 1876 ـ يىللىرى | پامىر ئەتراپىدا جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولغان |
| رىگىل | رۇسىيە | 1876 — 1879 ـ يىللىرى | تۇرپانغا كەلگەن ۋە يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان |
| بېختوف | رۇسىيە | 1878 ـ يىللىرى | ئالتاي رايونى ئەتراپلىرىدا ساياھەتچىلىك ۋە دەريا ـ ئېقىنلار تەكشۈرۈشىدە بولغان |
| مۇكېتوف | رۇسىيە | 1876 ـ يىللىرى | ئىلى رايونى ئەتراپىدا دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ جايلىشىشى بويىچە نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان |
| مورگان | ئەنگلىيە | 1880 ـ يىللىرى | تاشكەنتتىن ئىلىغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغان ۋە 1880 ـ يىلى «يەتتىسۇدىن ئىلىغا سەپەر» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىققان |
| پرژېۋالىسكى | رۇسىيە | 1876—1889 ـ يىللىرى | شىنجاڭغا بەش قېتىم كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان |
| مەجنوۋېچ | رۇسىيە | 1882 ـ يىللىرى | تەڭرىتاغ ۋە ئىلى رايونىدىكى چېگرا بويىدا، مۇزارت ۋە ئاقسۇ ئەتراپلىرىدا نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان |
| داگلىش | ئەنگلىيە | 1883 ـ يىللىرى | يەكەندە 10 ئايدىن كۆپرەك تۇرۇپ، سودا پائالىيىتى ئېلىپ بارغان |
| كەررى | ئەنگلىيە | 1885 ـ يىللىرى | تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «جۇڭگو شىنجاڭ ساياھەت خاتىرىلىرى» نى يېزىپ قالدۇرغان |
| گرىمبېچېيفچ | رۇسىيە | 1885 ـ يىللىرى | قەشقەرنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن قەشقەرگە بارىدىغان يول خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان |
| خىروتىف | رۇسىيە | 1886 ـ يىللىرى | مۇزارت مۇزلۇقىنى تەكشۈرۈپ، بۇ مۇزلۇقنىڭ مۇز قاتلىمىنى ئۆلچەپ چىققان |
| كىراسنىف | رۇسىيە | 1886 ـ يىللىرى | تارىم دەرياسى بويىدا جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولغان |
| سېلاند | رۇسىيە | 1886 ـ يىللىرى | قەشقەرگە كېلىپ قەشقەر، ئاقسۇ رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن |

| | | | |
|---|---|---|---|
| پېياشكىچ | رۇسىيە | 1886 ـ يىللىرى | قەشقەردىن شىنزاڭغا قاراپ ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولغان |
| بونۋالوت، كاپۇس، پاپىن | فىرانسىيە | 1886 ـ يىللىرى | قەشقەردىن ھىندىستانغا قاراپ ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولغان |
| ياڭ خازمەند | ئەنگلىيە | 1886 ـ يىللىرى | تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان |
| كارىم ـ گىرىژمالوف | رۇسىيە | 1886 ـ يىللىرى | تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان ھايۋانات ئەۋرىشكىلىرىنى يىغقان |
| بېل | ئەنگلىيە | 1887 ـ يىللىرى | ئۈرۈمچى، تۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەر رايونلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان ھايۋانات ئەۋرىشكىلىرىنى يىغقان |
| گىگىر | ئەنگلىيە | 1888 ـ يىللىرى | شىنجاڭ رايونىدا نۇرغۇنلىغان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئەۋرىشكىلىرىگە ئېرىشكەن |
| ھېنرى دورلىن | فىرانسىيە | 1889 ـ يىللىرى | پارىژدىن يولغا چىقىپ، ئىلىدىن ئۆتۈپ، كورلا، ئاقسۇ رايونلىرىدا نۇرغۇنلىغان ھايۋانات ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىپ ئېلىپ كەتكەن |
| داۋۆرگىن | فىرانسىيە | 1889 ـ يىللىرى | شىنجاڭ رايونىدا دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلغان |
| بوۋېر | ئەنگلىيە | 1889 ـ يىللىرى | ئاقسۇ، كۇچا، قەشقەر رايونلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان سانسكرىتچە ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن |
| روك ھىل | ئامېرىكا | 1890 ـ يىللىرى | شىزاڭ، موڭغۇل، شىنجاڭ رايونلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان |
| پىلانىك | فىرانسىيە | 1890 ـ يىللىرى | شىنجاڭدا سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان |
| دوترېئىل | فىرانسىيە | 1890 ـ يىللىرى | شىنجاڭدا نۇرغۇنلىغان قوليازمىلارغا ئېرىشكەن ھەم جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولغان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| لېتىل دېئىل (ئەر ـ خوتۇن) | ئەنگلىيە | 1892 ـ يىللار | قەشقەر، شىزاڭ رايونلىرىدا هايۋانات ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىش، هايۋانلارنى كۆزىتىش تەكشۈرۈشىدە بولغان |
| ئېرل | ئەنگلىيە | 1893 ـ يىللار | شىنجاڭدىكى تاغلارنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلغان |
| روبروف ۋە كازلوف | رۇسىيە | 1893 ـ يىللار | ئىسسىقكۆلدىن يولغا چىقىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان هايۋانات ئەۋرىشكىلىرىگە، مۇھىم ئاسترونومىيىلىك بايقاشلارغا ئېرىشكەن |
| ئوبروچېخ | رۇسىيە | 1894 ـ يىللار | تەڭرىتاغنىڭ شەرقى ۋە شىزاڭ چېگرالىرىدا تەكشۈرۈشتە بولۇپ، نۇرغۇنلىغان يەر پوستى ماتېرىياللىرىغا ئېرىشكەن |
| ماسسىئو | فرانسىيە | 1894 ـ يىللار | شىنجاڭدا كەڭ كۆلەمدە ئېكىسپېدىتسىيە پائالىيىتى ئېلىپ بارغان، «ئاسىيا بوستانلىقىدىن كېسىپ ئۆتۈش»، «ئاسىيا قوملۇق خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابلارنى يازغان |
| بېگهام | ئەنگلىيە | 1895 ـ يىللار | ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونلىرىدا كەڭ كۆلەملىك سودا ئىشلىرى ۋە مۇخبىرلىق بىلەن شۇغۇللانغان |
| كېرمنىس | رۇسىيە | 1896 ـ يىللىرى | ئالتاي چۆللۈكى ۋە نۇريان رايونلىرىدا تەكشۈرۈشتە بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرى، تام رەسىملىرى، سانسكرىتچە قولىيازمىلارغا ئېرىشكەن |
| چافىد فانيون | فرانسىيە | 1896 ـ يىللىرى | ئالتاي، تارباغاتاي، ئۇلاستاي قاتارلىق رايونلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان |
| دىزى | ئەنگلىيە | 1896 ـ يىللىرى | شىنجاڭ ۋە شىزاڭ رايونىدا هاۋا رايى كۆزىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان |
| فوتتېرېر، فولدېرېر | رۇسىيە | 1898 ـ يىللىرى | ئايرىم ـ ئايرىم هالدا شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا 700 پارچىدىن ئارتۇق رەسىم تارتىپ، قەشقەرنىڭ تارىخى، تاڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى بوستانلىقلار توغرىسىدا ئۇچۇر بەرگەن |
| پروچېك باۋېر | ئەنگلىيە | 1889—1891 ـ يىللار | كۇچاغا كەلگەن، سانسكرىتچە يازما پۈتۈكلەرگە ئېرىشكەن |

| | | | |
|---|---|---|---|
| دوسىر. دى. رد- نىس | فىرانسىيە | 1892 ـ يىللار | خوتەنگە كېلىپ بىر قىسىم قەدىمكى قولىيازمىلارغا ئېرىشكەن |
| ئاكا ـ ئۇكا گىرىم گىرژىنايلو | گېرمانىيە | 1888 — 1890 ـ يىللار | شىنجاڭغا كېلىپ مول نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن |
| كىلىمىنتس | رۇسىيە | 1858—1859 ـ يىللار | بىر ئەترەتنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەن، قولىيازما ۋە ھەرخىل يادىكارلىقلارنى توپلىغان |
| O. تاننىر | فىنلاندىيە | 1898 ـ يىللار | ئورپاغا كەلگەن |
| رادلوف | رۇسىيە | 1899 ـ يىللار | تارىم ئويمانلىقىنى ئېكسپېدىتسىيە قىلغان، ئورغۇن تىل ماتېرىياللىرىنى توپلىغان |
| شىلمان | رۇسىيە | 1899 ـ يىللار | رادلوف بىلەن بىللە كەلگەن |
| ۋىس | ئەنگلىيە | 1899 ـ يىللار | شىنجاڭ ۋە پامىر ئەتراپلىرىدا تاغلارنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى بويىچە تەك. شۈرۈش ئېلىپ بارغان |
| ئالماسى ۋە ستومىر | ۋېنگرىيە | 1900 ـ يىللار | يەتتىسۇ، بالقاش كۆلى، ئىلى دەرياسى بويلىرىدا دەريا ـ ئېقىنلار تەكشۈرۈشىدە بولغان |
| A. گىروندىۋىل | گېرمانىيە | 1902 ـ يىللار | تۇرپاندا تۆت ئاي ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ بېرىپ، ئىدىقۇت خارابىسى ۋە سىڭگىم مىڭئۆيلىرىنى تەكشۈرگەن |
| مىرىز باچىر | گېرمانىيە | 1902 — 1903 ـ يىللار | قەشقەر ۋە ئاتۇش ئەتراپلىرىدا تەكشۈرۈشتە بولۇپ، بىر يوسۇنى قاتلىمى ۋە قەدىمكى جانلىقلار ئۆزگىچە. كىلىرىنى يىغقان |
| پامپىلىلى، خانتىڭتون | ئامېرىكا | 1903 ـ يىللار | پامىر، تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا جۇغراپىيە ۋە ھاۋا رايى تەكشۈرۈشىدە بولغان |
| جورجى خوس | گېرمانىيە | 1902 ـ يىللار | گېرمانىيە 1 ـ قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ مۇھىم ئەزاسى |
| كىنەز ئوتانى | ياپونىيە | 1902 — 1912 ـ يىللار | تارىم ئويمانلىقىدا كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈشتە بولغان، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك بۇددا دىنى يادىكارلىق. لىرى ۋە قولىيازمىلىرىغا ئېرىشكەن |
| كىروسىسى ۋە ئانگىنيور | ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە | 1903 ـ يىللار | بىرلىكتە قەشقەردىن ئۆتۈپ، خوتەن، يەكەن رايونلىرىدا سایاھەت ۋە تەك. شۈرۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| لىكوك | گېرمانىيە | 1904—1905 ـ يىللار | تۇرپاننى ئوقتىلىق تەكشۈرگەن ۋە تۇرپاندىكى بۇددا خارابىلىرىنىڭ خە- رىتىسىنى بېكىتكەن |
| گىرۈنۋېدېل، پورت باتۇس، لىكوك | گېرمانىيە | 1906 — 1907 ـ يىل- لار | تۇرپان، كۇچا مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىم- لىرىنى سويۇپ، بىرلىكتە ئېلىپ كەتكەن |
| ئولدېنبۇرگ | رۇسىيە | 1905 ـ يىللار | تۇرپان يېپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيە- سىنى بويلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان |
| لىنچۆشيەن سىلاڭ | ياپونىيە | 1905 ـ يىللار | ئىلى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كې- لىپ، شىنجاڭنىڭ تەزكىرىچە- لىك ئىشلىرىنى تەكشۈرگەن |
| بىرونس | گېرمانىيە | 1905 ـ يىللار | شىنجاڭغا كېلىپ تاشلىنىۋېتىل- گەن ئىمارەتلەر، شەھەرلەرنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان |
| ئوبورچېف | رۇسىيە | 1905 ـ يىللار | جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەت- راپىدىكى تاغلىق رايونلاردا تەك- شۈرۈش ئېلىپ بارغان |
| P. پېللىئوت | فرانسىيە | 1906—1907 ـ يىللار | قەشقەر، تۇمشۇق، كۇچالارنى تەكشۈرۈپ، بۇددا خارابىلىرىنى رەسىمگە ئالغان |
| فىرازىر | ئەنگلىيە | 1906 ـ يىللار | خوتەن، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق را- يونلاردا ساياھەتتە بولغان |
| زوگمايىر | ئاۋستىرىيە | 1906 ـ يىللار | قەشقەر، خوتەن رايونلىرىدا ئۆلچەش ـ سىزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان، ھاۋا- رايى ئەھۋالىنى ئىگىلىگەن |
| W. گىرىگو- رىيېف | رۇسىيە | 1869—1873 ـ يىل- لار | غەربىي رايونغا كېلىپ، «تارىخىي ئىزاھلار» نى يازغان |
| د. پۆزنىيېف | رۇسىيە | 1899 ـ يىللار | شىنجاڭغا كەلگەن، «ئۇيغۇر تارى- خىغا ئائىت ئۆچېركلار» نى يازغان |
| سوسنوۋىسكى | رۇسىيە | 1874 — 1875 ـ يىل- لار | ماتوسوۋىسكى، پېلياسكىلار بى- لەن بىللە شىنجاڭدا ئېكسپې- دىتسىيە ئېلىپ بارغان |
| م. ۋ. پېۋتسە- سوف | رۇسىيە | 1875 ـ 1876 ـ يىللار | شىنجاڭ ۋە يەتتىسۇ رايونلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| كانانوف | رۇسىيە | 1891 ـ 1892 ـ يىللار | ئۇيغۇر رايونلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان |
| ن. ن. پېتروۋىسكى | رۇسىيە | | قەشقەردە كونسۇل بولۇپ تۇرغان |
| م. يادرىنتسېن | رۇسىيە | 1889 ـ يىللار | ئورخۇن بويىدىن ئىككى مەڭگۈ تاشنى تاپقان |
| م. بېرېزوۋىسكى | رۇسىيە | 1906 ـ يىللار | شىنجاڭغا كېلىپ تۇرپاندىكى مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ كۆپىيىسىنى ئالغان |
| س. ي. مالوف | رۇسىيە | 1909 — 1911، 1913—1914 ـ يىللار | شەرقىي شىنجاڭدا بىر قانچە قېتىم ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان |
| ئارنولف | گېرمانىيە | 1907 ـ يىللار | ئىلى رايونىدا تاغ ـ دەريالار ئۈستىدە ئوقتىسلىق تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈشتە بولغان |
| كىلمىنت | ئەنگلىيە | 1907 ـ يىللار | شىنجاڭدا سىياھەت ۋە تەكشۈرۈشتە بولغان ھەم بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئەھۋالى ئۈستىدە دوكلات يازغان |
| مانىنېرھېيم | ئەنگلىيە | 1908 ـ يىللار | قەشقەر ۋە شىزاڭ رايونلىرىدا ئانتروپولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولغان |
| لائوفېر | ئامېرىكا | 1908 ـ يىللار | شىزاڭ ۋە شىنجاڭ رايونىدا تەكشۈرۈشتە بولۇپ، نۇرغۇنلىغان سەنئەت بۇيۇملىرىنى قولغا چۈشۈرگەن |
| دۇجىن | رۇسىيە | 1909 ـ يىللار | جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تەكشۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان ھەيكەل ۋە تام رەسىملىرىنى ئېلىپ كەتكەن |
| ئېسرتون | ئەنگلىيە | 1909 ـ يىللار | قەشقەرگە كېلىپ، ئىلى ئارقىلىق سىبىرىيىگە چىقىپ كەتكەن، يېڭى بايقاشقا ئېرىشەلمىگەن |
| زۇيچۇ تاچىبانا | ياپونىيە | 1909 ـ يىللار | بېيجىڭدىن دۇنخۇاڭ ئارقىلىق تۇرپانغا، ئاندىن خوتەن، قەشقەرگە بارغان |
| سۋېن. ھېدىن | شۋېتسىيە | 1895 — 1897 ـ يىللار | تارىم ئويمانلىقىنى تەكشۈرگەن ۋە بىرىنچى قېتىم خەرىتىگە ئالغان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| مىللېر | فرانسىيە | 1910 ـ يىللار | قومۇل ئارقىلىق ئىلى، ماناس رايونلىرىغا بېرىپ، شۇ رايونلاردىن ئورغۇنلىغان ماتېرىياللارنى ئېلىپ كەتكەن |
| ئولدېنبۇرگ ئەترىتى | رۇسىيە | 1914—1915 ـ يىللار | تۇرپان، قۇمۇل، دۇنخۇاڭلارنى تەكشۈرۈپ، بىر قىسىم خەنزۇچە قولىيازمىلارغا ئېرىشكەن |
| بارون مانتېرھېيم | فىنلاندىيە | 1907—1909 ـ يىللار | لەنجۇدىن تارتىپ شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغىچە بولغان رايونلارنى تەكشۈرگەن |
| ئولدېنبۇرگ ئەترىتى | رۇسىيە | 1909—1910 ـ يىللار | تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان |
| لىكوك ئەترىتى | گېرمانىيە | 1913—1914 ـ يىللار | 4 ـ قېتىم تۇرپان ۋە كۇچا مىڭئۆيلىرىنى تەكشۈرگەن |
| ئۆكمىر (ئەرخوتۇن) | ئامېرىكا | 1911 ـ يىللار | شىنجاڭغا كېلىپ قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ مۇز قاتلىمىنى نۇقتىلىق تەكشۈرگەن |
| فىللىپ | ئىتالىيە | 1912 ـ يىللار | شىنجاڭغا كېلىپ مەخسۇس ئاسترونومىيە ۋە يەر قاتلىمى تەتقىقاتى بويىچە تەكشۈرۈشتە بولغان |
| نوشىرۋان يائوشۇف | رۇسىيە | 1914 ـ يىللار | قەشقەر ۋە كۇچادا ئۈچ يىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان |
| ستەيىن | ئەنگلىيە | 1913 — 1915 ـ يىللار | ئۈچ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىدە بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسى ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا كەلگەن |
| س. ف. ئولدېنبۇرگ | رۇسىيە | 1927—1930 ـ يىللار | شىنجاڭدا ئۈچ قېتىم ئېكسپېدىتسىيىدە بولغان |
| خېنوتىسوتو | ياپونىيە | 1906—1908 ـ يىللار | لەنجۇدىن يولغا چىقىپ شىنجاڭنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدا ئېكسپېدىتسىيىدە بولغان |
| بارتولد | رۇسىيە | 1893 — 1894 ـ يىللار | ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغان |
| سكىنىرىك | ئەنگلىيە | 1927 ـ يىللار | تەڭرىتاغقا ساياھەت قىلىپ، خېلى كۆپ ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ۋىسىر | ئەنگلىيە | 1929 ـ يىللار | مەخسۇس قاراقورۇمدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان |
| روزوۋېلت ۋە كېرمىت | ئامېرىكا | 1925 ـ يىللار | شىنجاڭدا ھايۋانات تەكشۈرۈشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇنلىغان ھايۋانات ئەۋرىشكىلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن |
| مايىللارت ۋە فىلىمىڭ | شۋېتسارىيە | 1935 ـ يىللار | مەخسۇس شىنجاڭغا زىيارەتكە كېلىپ، چەرچەن، كېرىيە، خوتەن، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇنلىغان ئاخباراتقا ئېرىشكەن |
| نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف | رۇسىيە | 1913 ـ يىللار | جەنۇبىي شىنجاڭنى تەكشۈرۈپ، «ئالتە شەھەرگە سەپەر» ناملىق تەكشۈرۈش خاتىرىسىنى يازغان |
| گۇننار ياررىڭ | شۋېتسىيە | 1928 ـ يىللار | قەشقەرگە كېلىپ بىر يىل تۇرغان ۋە ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللارنى توپلىغان |
| فىلچىر | ئەنگلىيە | 1937 ـ يىللار | شىنجاڭدا يەر قاتلىمىنىڭ ماگنىتلىق خۇسۇسىيىتىنى مەخسۇس كۆزەتكەن |
| ئىسرىڭتون سىمىس | ئەنگلىيە | 1945 ـ يىللار | قەشقەردە كونسۇل بولۇپ تۇرغان |
| پاكىستون | ئامېرىكا | 1946 ـ يىللار | ئايالى بىلەن بىللە جەنۇبىي شىنجاڭدا مەخسۇس زىيارەتتە بولغان |
| فرانىك، شور | ئامېرىكا | 1948 ـ يىللار | شىنجاڭدا بوغدا كۆلىنى تەكشۈرگەن |
| روبېرت سون | ئىتالىيە | 1948 ـ يىللار | ئۈرۈمچىگە كېلىپ يازماقچى بولغان ئەسىرى ئۈچۈن ماتېرىيال توپلىغان |
| تېلمان | ئەنگلىيە | 1949 ـ يىللار | قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولغان |
| بىلەكىر | ئەنگلىيە | 1914 ـ يىللار | شىنجاڭدا دەريا ـ ئېقىنلار تەكشۈرۈشى بىلەن شۇغۇللانغان |
| نازاروف | رۇسىيە | 1920 ـ يىللار | قەشقەردە كان بايلىقلىرى تەكشۈرۈشى بىلەن شۇغۇللانغان |
| سىكىرىن | ئەنگلىيە | 1922 ـ يىللار | قەشقەر رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، مەخسۇس ئۆلچەش، سىزىش تەكشۈرۈشى بىلەن شۇغۇللانغان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| لاتمور | ئامېرىكا | 1926 ـ يىللىرى | تەڭرىتاغىنىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا مەخسۇس تاغ ئېغىزلىرىنى تەك. شۈرگەن ۋە «تەڭرىتاغقا كىرىش»، «ئىچكى ئاسىيادىكى چېگرا رايون» ناملىق كىتابلارنى يازغان |
| موردىن ۋە كىلارك | ئامېرىكا | 1926 ـ يىللىرى | شىنجاڭدا مەخسۇس تاغ ئۆتكىمىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغان |
| تىرىنكىر | گېرمانىيە | 1927 ـ يىللىرى | شىنجاڭدا يەر قاتلىمىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ بۇرۇن چوڭ كۆل بو. لۇش ئېھتىماللىقىنى ئوتتۇرىغا قوي. غان |

دېمەك، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغىچە نەچچە يۈزلىگەن سەيياھلار ۋە ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى قەدىمكى «يىپەك يولى» ئىزىنى بويلاپ، «يىپەك يولى» بويىدىكى قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى خالىغانچە تۇپلاپ، چەت ئەللەرگە ئېلىپ كەتكەن. ھازىر رۇسىيە، گېرمانىيە، شۋېتسارىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە، فىنلاندىيە قاتارلىق غەرب ۋە شەرق دۆلەتلىرىنىڭ تارىخ مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان نەچچە ئون مىڭ پارچە قەدىمكى قولىيازما ۋەسىقىلىرى، مىڭئۆي تام رەسىملىرى ۋە ماددىي مەدەنىيەت يالدامىلىرى ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدۇر.

شۇنداق قىلىپ شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان «يىپەك يولى»دىن ئىبارەت بۇ مەدەنىيەت كارىدورى 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، بەزىلىرى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئىزىنى يوقاتتى، بەزىلىرى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قەدەم ئىزىدا تېخىمۇ كېڭىيىپ ۋە راۋاجلىنىپ يېڭى ئەسىرگە ئۇلاشتى.

## 2 § . 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى يولچىلىق ھالىتى

20 ـ ئەسىر دۇنيانىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىدا يېڭىچە بۇرۇلۇش ياسىغان بىر ئەسىر بولسىمۇ، بېكىنمىچىلىك ئازابىدا روھى پۈكلەنگەن ئۇيغۇرجەمئىيىتى يەنىلا كونا مۇقام بىلەن بۇ ئەسىرگە ئۇلاشتى. بۇ مەنـ ـزىرىنى ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مۇنداق سۈرەتلىگەنىدى:

*ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەغرىبى ـ مەشرىق تامام،*
*مەن تېخى سۈت ئۇيقۇدا چۈش كۆرۈپ ياتارىمەن.*
*باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،*
*مەن مىسالى يالاڭ ئاياغ، دەسسەپ تىكەن ماڭارىمەن.*

دەرۋەقە ، 1921 ـ يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا بىرمۇ ئاپتوموبىل يوق ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇر يولچىلىق مەدەنىيىتى بۇرۇنقى ھالىتى بويىچە كالا ھارۋىسى، ئات ھارۋىسى، ئات، تۆگە، ئېشەك قاتارلىق قوراللارغا تايانغان. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئۈچ مۇھىم ئانا يول بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، خوتەن ياكى قەشقەردىن يولغا چىقىپ، ئاقسۇ ئارقىلىق مۇز داۋاندىن ئارتىلىپ، غۇلجىغا بارىدىغان كارۋان يولى؛ يەنە بىرى، قەشـ ـقەردىن يولغا چىقىپ، كورلا ۋە توقسۇننى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە باـ ـرىدىغان يول؛ ئۈچىنچىسى، ئۈرۈمچىدىن شىخو، جىڭلارنى بېسىپ ئۆتۈپ غۇلجىغا بارىدىغان يول. كېيىنكى ئىككىسى كېيىنرەك ئېچىلغان بولۇپ، بۇ يوللارنىڭ ھەممىسى تەڭرىتاغ جىلغىلىرى ۋە قاقاس چۆل ـ جەزىرىلەرنى بېسىپ ئۆتەتتى. تېخى تاش ياتقۇزۇپ چىڭدالمىغان بۇ چىـ ـغىر توپا يوللاردا سەپەر قىلىش ناھايىتى جاپالىق ۋە خەتەرلىك بولغاچقا، يول بويلىرىدا نۇرغۇن قونالغۇ ئۆتەڭلىرى قۇرۇلغان. خەلق ھېكايىلىرىدە

تەسۋىرلەنگەن بۇ «بارسا كەلمەس» يوللاردا سەپەر قىلغۇچىلار ھامان خېيىمخەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى سەپەر خاتىرىسىنى ئەسلەپ ئۆتۈش كۇپايە:

*قەشقەر دېگەن ئۆزى پەستە،*
*ئوتتۇرىسى رەستە ـ تەستە.*
*قەشقەردىمۇ بار، مۇشتى يوغانلار،*
*شۇڭا ئۆز يۇرتىغا سىغمىدى نى ـ نى ئوغۇللار.*
*باي ـ غوجاملار چىقىدۇ ئىلىغا سەيلە ـ ھەۋەستە،*
*يېتىمچىلار پاناھ ئىزدەپ چىقار بەس ـ بەستە.*
*قەشقەردىن چىقساڭ يېڭىشەھەر،*
*لويىلىرى دارىنلارغا ئېڭىشەر،*
*ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ياندۇرما ،*
*خۇدا ساقلا! ئاتا ـ ئانىدىن تاندۇرما.*
*ئۇ يەردىن ئۆتسە قىزىللىق،*
*خۇرجۇن، خالتاڭ مۇرىلىرىڭگە ئېسىقلىق.*
*ئۆيدىن ئايرىلىپ باشتى سېنى خىجىللىق.*
*ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ شاپتۇللۇق،*
*خۇرجۇنىڭدىكى زاغراڭنى غاجاپ ماڭىسەن ئۇدۇللۇق.*
*ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ پەيزاۋات،*
*پەيزاۋاتنىڭ قوغۇنلىرى قەنت ـ ناۋات.*
*پۇلى بارلار قوغۇن يەيدۇ، پۇلى يوقلار پەندىيات.*
*ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ داش،*
*«بۇ چۆلدىن قانداق چىقارمىز» دەپ قاتتى باش.*
*ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ لوڭكو،*
*ئاتا ـ ئانا ، يۇرت ـ ماكاندىن،*
*بىزنى ئايرىغان سىڭكو.*
*ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ جاڭزا،*

جاڭزىغا بىرىپ قونار يىرىلاڭ ئەسكى پاڭزا.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ غولتوغراق،
بۇ يەرگە چىقىپ غەم يىدىڭ يۇرتۇڭدىكىدىنمۇ ئارتۇقراق.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئوردەكلىك،
يۇرتتىن ئايرىلغان بەكمۇ گۆدەكلىك.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ قارا قىلچىلاڭ،
ئىلىخودىمۇ پۇل چىلاڭ.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ مارالبېشى ،
ھەركىمشى ئۆز جېنى بىلەن
كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى.
ئىست، ئانامنىڭ ئېتىپ بەرگەن ئۇگرە ئېشى،
ئالدىرىماڭ بۇ تېخى، دەردىنىڭ بېشى.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تۇمشۇق،
مۇساپىرلارنىڭ ئالدىنى توسقان چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇششۇق.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ چارباغ،
تەرىڭنى سۇرتۇشكە ئەسقاتتى بېلىڭدىكى بەلۋاغ.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئوي قوتان،
ئەجەبمۇ كۆپ ئىكەن بۇ يەردە ئوتان (ئوتۇن).
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئوقۇمازىرى،
بېشىڭدا قاينايدۇ قىيامەتنىڭ بازىرى.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تەڭتوغراق،
پۇشايمان قىلغىچە، مەشەدىن قايتقىنىڭ ياخشىراق.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ كەلپىنىنىڭ ئاچىلى،
بۇ يەر بەك چوڭ ئىكەن، دەرھال قاچىلى.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ يانقۇدۇق،
بۇ يەرگە كەچ بېرىپ ھەممە ئىشىككە بىر قېتىمدىن دوقۇردۇق.
ئۇيەردىن ئۆتسەڭ پايدا،
كېچىسى مېڭىۋال بۇ يولنى، ئۆزۈڭگە پايدا.

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ چىلان،
نەلەردە قالدى، ئۆيدە توقۇغان پىلان.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ شوتا قۇدۇق،
ئالدىمىزنى توسقان ئىككى ئوغرىنى تۇتۇۋېلىپ راسا ئۇردۇق.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ خاڭگوڭ،
ماڭگوڭلۇق كۆرۈپ دېدى بىزنى: قەشقەرلىك سىيىت گاڭگوڭ.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ساي ئېرىق
ئۇزۇن يولنى پىيادە مېڭىپ تاپانلىرىمىز تامام يېرىق.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئايكۆل،
ھەر مەھەللىدە بار ئىكەن بىردىن چوڭ كۆل.
ئۇيەردىن ئۆتسەڭ ئاسۇق،
باش يېرىلدى، بولدى تۇتۇق.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئاقسۇ،
پۇلۇڭ بولمىسا تېپىلمايدىكەن بىر چىنە قايناقسۇ.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ كېلىسەن جامغا،
جامدا زار بولدۇق بىر چىشلەم نانغا،
ئەجەب پاتتىغۇ يول ئازابى جانغا.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ قارا يۇلغۇن،
خېيىمخەتەر ئالدىڭدا تېخى نۇرغۇن.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تۇڭگان مازار،
ساڭمۇ كەپتىغۇ مۇشۇ چۆلدە قازا،
ئۆلۈكۈڭ چۆلدە قاپتۇ كىم تۇتقاندۇر ھازا.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ كېلىسەن زىلغا،
يانارسەنمۇ كېلەر يىلغا.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ چۇشۇرگە،
پۇل يوقلۇقىدىن بولىسەن سۇپۇرگە.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تالاشور،
قانداق قىلىسەن بېشىڭغا كەلگەن بالاشۇ!

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ يېڭىئاۋات،
ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەنگە سۇيى ئىككەن قەنت ـ ناۋات.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ قىزىلبۇلاق،
يول ئازابىدا ئاناسۇتى بولدى بۇرنىمىزدىن بۇلاق.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ قۇغان،
قۇغاننىڭ لويىسى «قەرزنى تۆلە» دەپ ئالدىمىزنى تورىغان.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ قېيىنلىق،
يېتىمچى باللار قولىغا ئالدى بىردىن تېيىنلىق (ھاسا مەنىسىدە).
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تامغۇ تاش،
مۇزداۋاننى كۆرۈپ قاتتى باش.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ «مۇزات» دەپ داۋان بار،
ئۆتەلەمدۇق ـ ئۆتەلمەمدۇق، كۆڭلىمىزدە گۇمان بار.
قەدەم قويدۇق مۇزاتقا تاڭدا،
سىيرىلىپ ئۆلگەن ئات ـ ئۇلاغ كۆرۈنۈپ تۇردۇ ھاڭدا.
داۋاندىن چۈشسەك شىپالىق
كۆتۈرۈلدى كۆڭۈلدىكى دىشۋارلىق .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئايىم ئالدى،
ئات ـ ئېشەك ھاڭدا قالدى، خۇرجۇن ـ قاچاڭنى ئوغرى ئالدى.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ توغرا سۇ،
كىمنىڭ چاپىنى كونا بولسا ئوغرى شۇ.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ پالاس قارىغاي،
يالغۇز يولۇچى بارمىكىن دەپ ئوغرى مارىغاي.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ كېلىسەن شوتىغا،
تېز كەتمىسەڭ لويىنىڭ توقمىقى تېگەر يوتىغا.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تېكەس،
ھەممە يېرىدە ئېگىز ئۆسكەن ئوت ـ خەس.
تېكەس دېگەن بىر تۈز،
يۇرتۇڭ يىراقتا قالدى ئۇمىدىڭنى ئۈز.

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئىلى دەريا،
تۆت تەڭگە بەرسەڭ ئۆتكۈزىدىغان سالچىلار تەييار.
دەريادىن ئۆتسەڭ پايتىما زەڭگە،
بىر چىلىمغا ئولىشىپتۇ بەش ـ ئالتە بەڭگە.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ كۈرە،
ئىلىغا كەلدۇق دەپ بەزىلىرى يىغلاپ، بەزىلىرى كۈلە.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئۆرۈكلۈك ،
نېنى تۈگەپ خۇرجۇن ئاغزى پۈرۈكلۈك.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ كېلىسەن كانغا،
خۇرجۇن ـ خالتاڭ يېڭى بولسا تېگىشىپ يەيسەن نانغا.
بولمىسا ئەزرائىل تىكىلىدىكەن شېرىن جانغا.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ چىغلاڭ،
چىغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ مۇڭلىنىپ يىغلاڭ.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تاشلەپكە،
جان هايات قالدى، بازارغا بېرىپ نان تېپىپ كە (ل)،
ياكى گېلىمىزغا نان بېرىپ ئىشقا سالىدىغان ئادەم بولسا باشلاپ كە (ل).
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ خەنزۇ بازىرى،
كۆرۈۋال يېتىمچى باللار، مۇشۇ ئىلىخونىڭ ئاۋات بازىرى.
تېنەپ يۈرگەن مۇساپىرلىغا ھەممىسىنىڭ چۈشىدىكەن نەزەرى،
شۇ ئەسنادا بىر تارانچى كېلىپ دەيدۇ:
— «ھەي ئالتە شەلىك بۇياققا ئۆت — ،
نەگە بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت.
چىقىپ ئىشلىسەڭ بولمامدۇ خاڭدا،
ئۇمىدىڭ بارمۇ يوقمۇ جاندا؟
يېتىۋېرەمسەن ئىشلىمەي جاقاڭدا»،
دېدى ـ يۇ، كەتتى.
بۇ گېپى جېنىمىزدىن ئۆتتى،
خۇرجۇنى ئالدۇق،

*ئۆشنىمىزگە سالدۇق.*
*چىقتۇق خاڭغا،*
*خاڭدىكىلەرمۇ زار ئىكەن بىر بوردا نانغا .*
*خاڭدا ئىشلەيمىز دەپ چۈشۈپتۇق، بىر چوڭقۇر هاڭغا،*
*ساق چىقساق يۇرتقا كېتىۋالارمىز،*
*قازا قىلساق سالام دەڭلار.*
*— «چىقماڭ بالام ئىلىغا » دەپ توسقان ئاتام بىلەن ئانامغا،*
*يۇرتتا قالغان مۇساپىر بالا ـ چاقامغا.*
..............................

مانا بۇ تۇرمۇش هەلەكچىلىكىدە پاناھ ئىزدەپ قەشقەردىن ئىلىغا سەپەر قىلغان «يېتىمچى» لارنىڭ يول سەرگۈزەشتىسى. بىز بۇ سەپەر خاتىرىسىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى يولچىلىق كارتىنىسىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ خاتىرىدە تىلغا ئېلىنغان «سىيىت گاڭگوڭ» 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە ياشىغان رېئال شەخس «سىيىت نوچى» نى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ «سەپەر خاتىرىسى» ئاشۇ يىللاردىكى قاتناش ئالاقە ئىشلىرىنىڭ رېئال مەنزىرىسىدىن ئىبارەت.

دەرۋەقە، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە، قەدىمكى كارۋان يول- لىرى ئىزىدا شەكىللەنگەن تاشيوللارمۇ ئۈزۈلۈپ، يولچىلىق ئىشلىرى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

شىنجاڭدا جىن شۇرېن هاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ئىككى يۇزلى- مىچى شېڭ شىسەي هاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ تاشيول ترانسپورت ئىشلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە قايتا تۈزەشكە كىرىش- تى. بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىدىن جىمىسار، مورى، قۇمۇل ئارقىلىق شىڭ- شىڭشياغا تۇتىشىدىغان بۇرۇنقى هارۋا يوللىرى ئۆزگەرتىلىپ ماشىنا قاتنىيالايدىغان تاشيول بارلىققا كەلدى. 1934 ـ يىلى تۇرپان ـ پىچان كونا كارۋان يولى ئاساسىدا ئۈرۈمچىدىن يەتتىقۇدۇققا بارىدىغان تاشيول ياسال- دى. 1935 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدىن ئىلىغا بارىدىغان تاشيول ياسىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچى ـ ئارا يۇلتۇز،

ئۈرۈمچى ـ قورغاس، شىخو ـ ئالتاي، شىخو ـ چۆچەك ۋە ئۈرۈمچى ـ ئاقسۇ ـ قەشقەر ـ خوتەنگىچە بولغان ئۇزاق لىنىيىلىك ئاساسلىق تاشيوللار ياسىلىپ، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق چوڭ شەھەرلەر بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ئات ـ ئۇلاغقا تايانغان كارۋانلارغا ھەمراھ بولۇپ، يولۇچى ۋە يۈك توشۇيدىغان ماشىنا ـ ئاپتوموبىللار بارلىققا كەلدى.

شىنجاڭغا كىرگەن تۇنجى ماشىنا 1921 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك فىلدىمىن باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ «پاكارت» ماركىلىق بىر كىچىك ئاپتوموبىلى بولۇپ، ماتورى 12 سىلىندىرلىق بۇ ئاپتوموبىل تيەنجىندىن سۈيييۈەن، باۋتۇ، موڭغۇل يايلىقى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن 1922 ـ يىلى ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسى چەتئەلدىن 4 سىلىندىرلىق كىچىك ئاپتوموبىلدىن بىرنى سېتىۋالغان، يەنە شۇ يىلى چار رۇسىيىنىڭ ئانكوف، باكىچ ئىسىملىك ئىككى گېنېرالى ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن «لومىنىڭ»، «لورلەي» ماركىلىق ئاككۇمۇلياتورسىز ئىككى كىچىك ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭغا قېچىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئاپتوموبىل قاتنىشى بولماسلىقتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى.

1926 ـ يىلى ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسىدا تۇنجى قېتىم شوپۇر تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، ئۇيغۇر، قازاق، تاتار، ئۆزبېك، خەنزۇ ۋە خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن 30 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇرھان شەھىدى تەشكىللاتچىلىق قىلغان بۇ كۇرس شىنجاڭدا تۇنجى ئەۋلاد شوپۇرلارنى يېتىشتۈردى.

1927 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى تيەنجىندىن ئۈچ يېرىم توننىلىق، تۆت سىلىندىرلىق ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن «داۋج ـ گرخام» ماركىلىق ئاپتوموبىلدىن 15 نى سېتىۋېلىپ، شەرقىي شىمالدىن سىبىرىيە تۆمۈريولى ئارقىلىق چۆچەككە ئېلىپ كەلدى. 1927 ـ يىلى مۇشۇ 15 ئاپتوموبىل ئاساسىدا ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئۈرۈمچى ئاپتوموبىل ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1928 ـ يىلى

بۇ ئاپتوموبىل ئىدارىسى تىيەنجىندىن يېڭى تىپتىكى «داۋج ـ گىرخام» ماركىلىق ئاپتوموبىلدىن يەنە 15 نى سېتىۋالدى. 1928 ـ يىلى بۇ ئىدارە موسكۋادىن بىر «فىئات» ۋە تۆت دانە «شاللىر» ماركىلىق كىچىك ئاپتوموبىل سېتىۋالدى. 1931 ـ يىلى فرانسىيىنىڭ «سترايىن» ماركىلىق ئېكسپېدىتسىيە ئاپتوموبىلىدىن 10 ى قۇمۇل ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كىردى. 1932 ـ يىلى گېرمانىيىنىڭ «ۋوماگ» ماركىلىق چوڭ تىپتىكى ئاپتوموبىلى كەلدى. شۇنداق قىلىپ چەت ئەل ئاپتوموبىللىرى شىنجاڭدا ئارقا ـ ئارقىدىن پەيدا بولۇشقا باشلىدى. لېكىن شىنجاڭنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى ناھايىتى ناچار بولغاچقا، يولچىلىق ۋە يۈك توشۇش ئىشلىرىدا يەنىلا هارۋا ۋە ئات ـ ئۇلاغ ئاساس قىلىناتتى. بۇنى نەزەردە تۇتۇپ 1932 ـ يىلى بۇرهان شەھىدى گېرمانىيىدىن «مايفىل» ماركىلىق يول چېگداش ماشىنىسىدىن تۆتنى سېتىۋېلىپ، شىنجاڭغا ئېلىپ كەلدى. بۇ ماشىنىلارنىڭ ياردىمىدە ئاساسلىق تاشيوللار چېگدىلىپ، ماشىنا قاتنىشىغا قولاي شارائىت يارىتىلدى. ئۈرۈمچىدەك مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ پاتقاق كوچىلىرى بىرقەدەر تەرتىپكە سېلىنىپ تاش ياتقۇزۇلدى. دەريا ـ ئېقىنلارغا ماشىنا يۈرەلەيدىغان ياغاچ كۆۋرۈكلەر سېلىندى. 1940 ـ يىللاردىن كېيىن، شىنجاڭدا قاتناش ۋە تاشيول ئىدارىسى قۇرۇلدى ۋە بۇ ئىدارە قارىمىقىدا ھەرقايسى شەھەرلەردە تاشيول ئۆچاستىكىلىرى قۇرۇلۇپ، يول ياساش ۋە ئاسراش خىزمەتلىرى تەرتىپكە سېلىندى. گەرچە، شىنجاڭدا 30 ـ يىللاردىن كېيىن ماشىنا قاتنىشى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدىغان دېهقان ـ چارۋىچىلار تاكى ئازادلىققىچە قاتناش ـ ئالاقە ئىشلىرىدا يەنىلا ئات ـ ئۇلاغ، هارۋىلارغا تايانغان. سانى ئىنتايىن چەكلىك بولغان ماشىنىلار ھەربىي ئىشلار ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتلىرىگە ئىشلىتىلگەن.

## 3§ . 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى يولچىلىق ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر

20 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق «ئۇچار ئات»، «ئۇچار گىلەم» تەسەۋۋۇرلىرى رېئاللىققا ئايلاندى. بۇنداق گۈللىنىش مەنزىرىسىنى تۆۋەندىكى سان ـ سىپىرلار ئارقىلىق دەلىللەش مۇمكىن:

ئازادلىققىچە شىنجاڭدا بىرەر مېتىرمۇ سېمونت يول يوق ئىدى. پەقەت قەدىمكى «يىپەك يولى» ئىزىنى بويلاپ سوزۇلغان چىغىر توپا يوللار ۋە شۇ يوللار ئاساسىدا چىڭدالغان بەزى تاشيوللار بار بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ئاران 3361 كىلومېتىرغا يېتەتتى. بۇ يوللاردا قاتنايدىغان يەرلىك هارۋا، ئات ـ ئۇلاغلاردىن باشقا، هەر خىل تىپتىكى ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن كونا ماشىنىلاردىن پەقەت 317 سى بار ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى مۇهىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى يول ياساش، قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە تورلاشتۇرۇش بولدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدىكى تاشيوللارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 28611 كىلومېتىرغا يېتىپ، 50 ـ يىللارغا سېلىشتۇرغاندا 8.5 هەسسە ئاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يوللار ئاسفالتلىنىپ، ناهىيە، يېزا ـ مەهەللىلەرگىچە ماي يوللىرى تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئىشىك ئالدىغىچە ماشىنا بارالايدىغان هالەت شەكىللەندى. شىنجاڭدا ئاسفالتلاشقان دۆلەت يولىدىن 7 چوڭ لىنىيە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 8533 كىلومېتىر، ئۆلكە دەرىجىلىك لىنىيىدىن 62 يول بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6797 كىلومېتىر، ناهىيە دەرىجىلىك لىنىيىدىن 591 يول بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 10223 كىلومېتىر، يېزا دەرىجىلىك لىنىيىدىن 842 يول بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 8253 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدا جەمئىي 401 كۆۋرۈك (ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5557 مېتىر) بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا قاتنىشىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ياغاچ

قۇرۇلمىلىق چوڭ دەريا كۆۋرۈكلىرىدىن پەقەت 19 ىلا بار ئىدى. 1994 ـ
يىلغا كەلگەندە پولات ۋە سېمونت بىرىكتۈرۈپ ياسالغان، ھەر خىل ئاپەت-
لەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كۆۋرۈكلەرنىڭ سانى 2046 گە (ئومۇمىي
ئۇزۇنلۇقى 59595 مېتىرگە) يەتتى. بۇ يوللاردا پەقەت پۇقرالار ئۇچۇن
ئىشلىتىلىدىغان كىرا ئاپتوموبىللىرىنىڭ سانى 220 مىڭ بولۇپ، ئازاد-
لىقتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا 630 ھەسسە ئاشقان. ھازىر شىنجاڭدىكى 15
ۋىلايەت ـ ئوبلاست، 85 شەھەر ـ ناھىيە، 839 يېزا ـ بازار، 159 دۆلەت ئى-
گىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ... بىردەك ئاس-
فالت ياكى ماي ياتقۇزۇلغان يوللار بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئېگىز چاقلىق
ھارۋا ئورنىنى ھەر خىل ماركىلىق چوڭ ـ كىچىك تىپتىكى ماشىنىلار
ئىگىلىدى. شىنجاڭدىن چەت ئەللەرگە تۇتاشتۇرۇلغان خەلقئارا پاسازىر
يولى 10 لىنىيە، يۈك توشۇيدىغان خەلقئارا يولدىن 9 لىنىيە ئېچىلدى.
شەھەر، ناھىيە بازارلىرىدا كوچا ئاپتوبۇسلىرى ، تاكسى ( TAXI ) لار
قەيەردە ئىشارەت قىلسا شۇ يەردە توختاپ، خېرىدارلارنىڭ نىشانلىغان
مەنزىلىگە بارىدىغان ھالەت شەكىللەندى. خېلى كۆپ ھاللىق تۇرمۇش
سەۋىيىسىگە ئېرىشكەن شەخسلەرنىڭ ئائىلە ماشىنىلىرى بۇرۇنقى خادەك
ھارۋىلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن قاتناش ئالاقە ئىشلىرى
ئاسانلىشىپ، قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە كېلىشتىكى ئۈچ ئايلىق كارۋان
سەپىرى بىر سوتكىغا قىسقاردى. ئازادلىقتىن كېيىن گۈللەنگەن تاشيول
قاتنىشىغا ھەمراھ بولۇپ، شىنجاڭدا مۆجىزە سۈپىتىدە پويىز قاتنىشى
بارلىققا كەلدى. شىنجاڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشى 1952 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ
28 ـ كۈنى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى
ئۇچۇن ئۇزلۇكسىز تىرىشىش» توغرىسىدىكى يوليورۇقى بىلەن باشلان-
غاندى. مۇشۇ يوليورۇقنىڭ تۇرتكىسىدە 1958 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ
23 ـ كۈنى بۇ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى غەربىي يۇرت دەرۋازىسى — ياڭگۇەن
قوۋۇقى (قاشقوۋۇق) دىن ئېشىپ شىنجاڭ تېررىتورىيىسىگە ئىز سالدى.
1962 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولى شىن-
جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ،

شىنجاڭدا تۆمۈريول بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بەردى. 1973 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جۇڭيۈەنلەي زۇڭلى لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا تۇتاشتۇرۇش پىلانىغا تەستىق سالدى. شۇنىڭ بىلەن 1984 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تۆمۈر يول كورلىغا قەدەر يېتىپ باردى. 1990 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شىمالىي شىنجاڭغا قاراپ سوزۇلغان تۆمۈر يول قازاقىستان بىلەن شىنجاڭنىڭ چېگرا ئېغىزى ئالاتاۋغا يېتىپ بېرىپ، ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرغان ئىككىنچى چوڭ كۆۋرۈك بولۇپ قالدى. 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا بۇ تۆمۈريول جەنۇبتىكى «يېشىل مەرۋايىت» دەپ ئاتالغان قەشقەر شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا چوڭ تۆمۈريول قوشۇنى بارلىققا كېلىپ، تۆمۈريول ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ سانى 160 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

قۇرۇقلۇق يوللىرىنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھاۋا قاتنىشىمۇ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. ئەسلىدە 1933 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جۇڭخۇا مىنگو ـ گېرمانىيە شېرىكچىلىكىدىكى ياۋروپا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ پوچتا نۆۋەتچى ئايروپىلانى رەسمىي ھالدا شاڭخەيدىن ئۈرۈمچىگە قاتناپ، شىنجاڭنىڭ تۇنجى ھاۋا يولىنى ئاچقانىدى. شۇنداق قىلىپ ئازادلىقنىڭ ھارپىسىغىچە قۇمۇل، ئۈرۈمچى، غۇلجا شەھەرلىرىدە ئاددىي ئايرودروم بولۇپ، بۇ ئۈچ بېكەتتە بىر لىنىيىلىك ھاۋا يولى قاتنىشى بار ئىدى. ئەمما شىنجاڭنىڭ يەرلىك پاسازىرلار ھاۋا يولى تېخى يولغا قويۇلمىغانىدى. 1950 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو ـ سوۋېت شېرىكچىلىكىدىكى ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا ئۈرۈمچىدە لەنجۇ ـ ئالمۇتا ھاۋا يولى لىنىيىسىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن 5 پاسازىر ئايروپىلان لەنجۇ ـ جيۇچۈەن، قۇمۇل ـ ئۈرۈمچى، غۇلجا ـ ئالمۇتا ھاۋا يولى بېكەتلىرىدە قاتناشنى باشلىدى. 1953 ـ يىلى يېڭىدىن كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر ئايرودروملىرى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى بۇ لىنىيىدە رەسمىي

ئايروپىلان قاتنىدى. جۇڭگو ـ سوۋېت ئاۋىئاتسىيە ھەمكارلىق شىركىتى 1954 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئەمەلدىن قالغىچە بولغان تۆت يىل ئىچىدە شىنجاڭدا جەمئىي 6 ئايرودروم قۇرۇلغان.

1955 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسىنىڭ غەربىي شىمال شۆبىسى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شۆبە باشقارمىسى پۈتۈن مەملىكەت ئاۋىئاتسىيە تورى ئىچىگە كىردى. 1956 ـ يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شۆبە باشقارمىسى چوڭ تىپ-تىكى «14 ـ EI» ئايروپىلاندىن 3 نى سېتىۋالدى. ئاۋىئاتسىيە لىنىيە-سى كېڭىيىپ بېيجىڭ ـ باۋتۇ، جيۇچۇەن ـ ئۈرۈمچى، ئۈرۈمچى ـ كۇ-چا ـ ئاقسۇ ـ خوتەن، ئۈرۈمچى ـ قەشقەر، ئۈرۈمچى ـ غۇلجا، ئۈرۈمچى ـ قاراماي قاتارلىق بەش ھاۋا يولى لىنىيىسى يېڭىدىن ئېچىلدى.

1958 ـ يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1965 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئايروپىلانلار 11 گە يەتتى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئاۋىئاتسىيە تەرەققىياتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈل-دى. 1985 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بويىچە دۆ-لەت ئىگىلىكىدىكى جۇڭگو شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى رەسمىي قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ شىركەت ئاۋىئاتسىيە ساھەسىدە بازار ئىگى-لىكىگە قەدەم قويدى. يېڭىدىن چوڭ تىپتىكى «TU ـ 154»ناملىق ئايروپىلاندىن 5 نى سېتىۋالدى. 1994 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ شىركەتنىڭ باشقۇرۇشىدا «EI ـ 86» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئايروپىلاندىن 3 دانە، «TU — 154» ناملىق ئايروپىلاندىن 7 دانە، «BOEN 737 ـ 300» نام-لىق ئايروپىلاندىن 2 دانە، «AN ـ 24» ناملىق پاسازىر ئايروپىلاندىن 3 دانە، «AU ـ 5» ناملىق يۈك ئايروپىلانىدىن 7 دانە بارئىدى (ھەربىي ئاي-روپىلان، ئېكسپېدىتسىيە ۋە دورا چېچىش ئايروپىلانلىرى بۇنىڭ سىر-تىدا). ئەنە شۇ يىللاردا شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ھاۋا يولى لىنىيىسى كېڭىيىپ ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، چېڭدۇ، دۇنخۇاڭ، لەنجۇ، شىئەن، شىنىڭ، جېڭجۇ، دالىيەن، شېنياڭ، خاربىن،

خاڭجۇ، فۇجو، شيامېن، ۋېنجۇ، گۇيلىن، نەنىنىڭ، چاڭشا، شېنجېن، جىنەن، چۇڭچىڭ، تيەنجىن، چىڭداۋ، كۇنمىڭ قاتارلىق مەملىكەت ئىچىدىكى 25 چوڭ شەھەر ۋە ئۇرۇمچىدىن ئالمۇتا، تاشكەنت، بىشكەك، موسكۋا، ئىركۇتىسكى (يېڭى سىبىرىيە)، ئىسلامئابات، دۇبەي، جىددە، باكۇ، ئىستانبۇل قاتارلىق خەلقئارا هاۋا يوللىرىنى ئاچتى.

قۇربان تۇلۇمنىڭ خوتەندىن ئېشەك مىنىپ ئاستانىنى تاۋاپ قىلىپ كېلىش تەسەۋۋۇرى قايتا تەكرارلانمايدىغان ئەپسانە خەزىنىسىگە كىرىپ كەتتى، ئوغۇزخانىنىڭ ھەربىي يۈرۈشىدىكى دۈپۈر ـ دۈپۈر ئاتلارنىڭ تۇياق ئىزلىرىدىن داغدام ئاسفالت يوللار هاسىل بولۇپ، يىللاپ ـ يىللاپ يول يۈرۈپمۇ مەنزىلگە يېتەلمىگەن «ئوغۇز سەپىرى» سائىتىگە 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول باسالايدىغان «پولات ئات» لارنىڭ تۇيىقى ئاستىدا بىر نەچچە سوتكا ئىچىدە، بەلكى سائىتىگە مىڭلاپ كىلومېتىر يول باسالايدىغان «پولات لاچىن» لارنىڭ كۆكتىكى كۆرۈنمەس ئىزى ئاستىدا بىر نەچچە سائەت ئىچىدىلا مەنزىلگە يېتەلەيدىغان ئەمەلىيەت خىيالىي چۆشنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق كارۋان يولچىلىق مەدەنىيىتى 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ دۇنيانىڭ ئېلېكترونلۇق يولچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، بوۋىلىرىمىز ئېيتقان «كارۋان ناخشىسى» تارىخقا ئايلاندى.

# خاتىمە

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا، 20 ـ ئەسىردەك كىشىنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنى قايتا سىلكىنىشكە سالغان ۋە ئەجدادلار تەسەۋۋۇرىدىكى گۈزەل كېلەچەككە يول ھازىرلىغان بۇنداق ئەسىر بولمىسا كېرەك. چۈنكى بۇ ئەسىر ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ زور قىرغىنچىلىقتا پىلتە ياققان ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارقىلىق دۇنيانى ئىككى چوڭ لاگېرغا ئايرىپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى، يەر شارى مىقياسىدا ئۇچۇر ئىنقىلابى پارتلاپ، بىلىم ئىگىلىكىنىڭ قۇدرىتى ئۆز كۈچىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەت ئۇستىگە قۇرۇلغان بۇ يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى دۇنيانىڭ يېڭىدىن كۆپ قۇتۇپلىشىشىغا ئاساس يا-راتتى. بۇ ئىنقىلابنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقانلار تېز تەرەققىي قىلىپ، ئە-دىيە ئەركىنلىكىنىڭ زەپەر مارشىنى ياڭراتتى، ئىقتىسادىي قالاقلىق، سىياسىي داۋالغۇش، تەركىدۇنياچىلىق ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى تۇپەيلىدىن مەستخۇش بولغانلار تېخىمۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچ كەلدى. 20 ـ ئەسىر-نىڭ تاڭ نۇرى پۈتكۈل دۇنيانى يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە ئېلىپ كىرگەن چاغدا، سىرت بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان تارىم ئويى-مانلىقى ئەنە شۇنداق چوڭقۇر دەرىجىدىكى روھىي غېرىبلىق ئازابىنى چەكمەكتە ئىدى. ھالسىز تىنىقى بىلەن 20 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي ھالىتىنى 1914 ـ يىلى قەشقەر ۋە كۇچانى زىيارەت قىلغان تاتار ئالىمى نوشىرۋان يائوشوۋ مۇنداق يازىدۇ: «مەن كوچىدا ئۇچرىغان بۇ ئادەمگە سالام بېرىپ ‹تەقسىر، مىللىتىڭىز نېمە؟› دەپ سورىسام، ئۇ كىشى ئىككىلەنمەيلا، ‹ئەلھەمدۇلىللا، ئىبراھىم خەلىيۇل-لانىڭ ئەۋلادىمىز› دەپ جاۋاب بەردى. مەن بۇ جاۋابتىن ھەيران بولدۇم ۋە ئېچىندىم.

ئېھ، بىچارە خەلق! نادانلىق، قالاقلىقنىڭ كاساپىتىدىن ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، مىللىتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەن، دەپ ئېچىندىم

ھەمدە بۇ كىشىگە مىللىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، بۇ مىللەتنىڭ تولىمۇ قەدىمىي مىللەت بولۇپ، تارىختا مەدەنىيىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان خەلق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم».[1] بۇ خاتىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىر ھارپىسىدا ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان جاھالەتلىك تەقدىرگە دۇچ كەلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

20 ـ ئەسىر روھى بىلەن قوزغالغان بىر مەيدان يېڭى پىكىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى تارىم ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېقىنقى زامان روھىي مەھكۇملۇقىدىن ھازىرقى زامان ئەقلىي تەپەككۇرىغا سەكرىشىگە زور تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەنىۋى دۇنياسى تەكلىماكان قۇملۇقىغا سىڭىپ كەتكەن بۇ تىمتاس ماكاندا مەدەنىيەت ئويغىنىشى ۋە ئىسلاھات ھەرىكىتى ۋۇلقاندەك پارتلاشقا باشلىدى. بۇنداق ئويغىنىشنى ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئىچكى ئامىل جەھەتتىن ئالغاندا، ئەزەلدىن جۇڭخۇا مىللەتلىرى بىلەن تارىخىي تەقدىرداش بولغان ئۇيغۇرلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قوزغالغان «4 ـ ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە ئېلىمىزنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىغا جور بولدى.

تاشقى ئامىل جەھەتتىن ئالغاندا، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان مەھەللىۋى مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى ئىگىلىك تىكلەش يولىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئەللىرىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇلار ئالدى بىلەن تاتارىستاندا بىخلىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيانى قاپلىغان دىنىي «يېڭىلاش» ۋە «دەۋرگە ماسلاشتۇرۇش» مەزمۇن قىلىنغان ئىلغار پىكىر ئېقىمى — «جەدىتىزم» دىن كۈچلۈك ئىلھاملىنىپ، شىنجاڭدىمۇ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ۋە «ئۇسۇلى جەدىت» مەكتەپلىرىنى بەرپا قىلىش ئىستىكىدە بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلارنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىمۇ يېڭىچە مائارىپ يولغا قويۇلۇپ، مەرىپەت ـ ئويغىنىش ھەرىكىتى باشلاندى.

---

[1] ھ . ئەبەيدۇللا: «نوشىرۋان يائوشۇف ئۇيغۇرلار ھەققىدە»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 4 ـ سان.

دەرۋەقە، مائارىپ كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى يارىتىدۇ، ئۇ ئەقىل ۋە ئېتىقادنى يېتىلدۈرىدىغان مۇنبەت تۇپراق. مەدەنىيەت ئاشۇ تۇپراقنىڭ تۈنجى پەرزەنتى. شۇڭا گېرمانلار «ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان مىللەت ھامان بىر كۈنى باش كۆتۈرىدۇ، لېكىن مائارىپتا مەغلۇپ بولغان مىللەت مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيدۇ» دەپ توغرا ئېيتقان. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي قىسمەتلىرىمۇ بۇ پىكىرنى دەلىللەيدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى 50 يىلىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى مىسلىسىز گۈللىنىشلەر، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۇستقۇرۇلما جەھەتتىكى تۈپ ئۆزگىرىشكە ماس ھالدا بارلىققا كەلگەن سوتسىيالىستىك مائارىپنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدىن ھاسىل بولغانلىقى شۈبھىسىزدۇر.

بۇ ئەسەر دەل مۇشۇ مەسىلىنى تېما قىلغان. ئېنىقراق ئېيتقاندا، 20 ـ ئەسىر ئەڭ زور ۋەقەلەرگە، ئەڭ كۈچلۈك ئىجادىيەت روھىغا ۋە ئەڭ چوڭقۇر ئازابلارغا تولغان خاسىيەتلىك بىر ئەسىر ئىكەنلىكىنى فولكلور مەدەنىيەتشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن شەرھلەپ بېرىشكە بېغىشلانغان. ئەگەر مۇشۇ ئارقىلىق 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىنى مەلۇم نۇقتىدىن سىزىپ بېرەلىگەن بولسام، ھاياتىمنىڭ چەكلىك دەقىقىلىرىنى خۇشاللىق ئىچىدە ھېس قىلىمەن.

«ئەجدادلىرىمىزنىڭ باي ۋە بىباھا مەدەنىيەت مىراسى — نەچچە مىڭ يىللىق تەپەككۇر، ئىجاد ۋە زاكاۋەت مەھسۇلى. ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ جانلىق تارىخى، ئەقلىي تەپەككۇر دۇردانىلىرى، تىنىمسىز ئىزدىنىشتىن ھاسىل قىلغان ھېكمەتلىك ۋە ئىبرەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى، گۈللىنىش ۋە غېرىبسىنىشتىن تۇغۇلغان خۇشاللىقى ۋە قايغۇسى ئەكس ئەتكەن.» مانا بۇ، ئەسىرىمنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە خاتىمىسى.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى » 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ تومـلىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ ، 1983 ـ يىل.

2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل.

3. ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

4. سەيمىل خانتىڭتون (ئامېرىكا): «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل.

5. ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل ئۇيغۇرچە.

6. لىن گەن، گاۋزىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل ئۇيغۇرچە.

7. ئا . مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى.

8. « 中国古代服饰研究 »، شاڭخەي كىتابخانا نەشرىياتى، 2002 ـ يىل.

9 . ساۋخۇڭ: « 维吾尔生活方式 »، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى.

10. « 民族服饰研究 »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل.

11. « 人类服饰文化学 »، تيەنجىن خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل.

12. ئالىمجان مەخسۇت: « ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل.

13 . ئىسمايىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل.

14. ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1989 ـ يىل.

15. د. تىخونوف: « ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى.

16. ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل.

17. راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇر مازارلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىل.

18. ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل.

19. ئادىل مۇھەممەد تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمكى ئىزلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىل.

20. مۇھەممەتئىمىن ئابلىمىت: «ئۇيغۇر چاي دورىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل.

21 . ليۇيىڭشىڭ: «يىپەك يولى مەدەنىيىتى» (يايلاق تومى)، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل.

22. «غەربىي رايون مەدەنىيىتى»، لياۋنىڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1998 ـ يىل.

23. «شىنجاڭنىڭ 40 يىلى»، جۇڭگو ستاتىستىكا نەشرىياتى، 1994 ـ يىل.

24. ئابدۇكېرىم رەھمان: «يىپەك يولى مىللەتلىرى مەدەنىيىتىگە نەزەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىل.

25. «شىنجاڭنىڭ 2000 يىلى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشـ ـرىياتى.

26. كىلىم كېيت (گېرمانىيە): «قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيەـ ـتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل.

27. « شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (45)، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 2003 ـ يىل.

28. «خەلق قوشاقلىرى»، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئۆچ توپلام ئىشخانىسى، 1989 ـ يىل.

29. ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل.

30. «يېقىنقى زامان چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2001 ـ يىل.

31. ۋېي چاڭخۇڭ: «چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ غەربىي رايونغا قىلغان ساياھەت خاتىرىسى »،شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىل.

32. « 文化研究导论 »، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 2004 ـ يىل.

33. مۇھەممەتئىمىن سابىر: «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2002 ـ يىل.

34. «شىنجاڭدا مىللىي سودا ـ سانائەت»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (44)، 2001 ـ يىل.

35. موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى:«تەۋارىخى مۇسىقىييۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىل.

36. يۇ تيەنخېڭ (ياپونىيە): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل.

37. ئابدۇكېرىم رەھمان: «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل.

38. مۇھەممەت يۇسۇپ: «شىنجاڭ تارىخىدىكى پۇللار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل.

39. ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئالمۇتا زىيارىتىدىن تۇغۇلغان ھېسلار»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2000 ـ يىل 3 ـ سان.

**图书在版编目(CIP)数据**

20世纪维吾尔族物质民俗文化变迁研究/阿布都克里木·热合曼著.—乌鲁木齐:新疆大学出版社,2006.5
ISBN 7—5631—2045—9

Ⅰ.2… Ⅱ.阿… Ⅲ.维吾尔族—概况—中国—20世纪—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.K281.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第034121号

责任编辑:阿不里米提·卡德尔
责任校对:阿达来提·牙合甫
责任印制:王国鸿

**20世纪维吾尔族物质民俗文化变迁研究**
阿布都克里木·热合曼 **著**

新疆大学出版社出版发行
(乌鲁木齐市胜利路14号 邮政编码:830046)
各地新华书店经销
新疆新华印刷厂印刷
开本:880×1230毫米 1/32 印张:9.75
2006年5月第1版 2006年5月第1次印刷
印数:0001—3000册

ISBN 7-5631-2045-9 定价:19.00元

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرنىسا مامۇت

# 20 - ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى

# 20世纪维吾尔族物质民俗文化变迁研究

# 20th Century Uighur Material Folk Culture

ISBN 7-5631-2045-9

9 787563 120451 >

ISBN 7-5631-2045-9
(维文) 定价: 19.00元